# تاشۋاي

## كىنو سىنارىيىلىرىدىن تاللانما

(1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# تاشۋاي

## كسنو سسناريسلردن تاللانما

## (1)


ماتىريال گۇرۇپپىسى
资料组

مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئايۇپ

# نەشرىياتتىن

كىنوچىلىق — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاجىز ھالقا. گەرچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتورلىرىمىز بىرمۇنچە كىنو سىنارىيىلىرىنى يازغان ۋە ئۇنىڭ بەزىلىرى كىنو قىلىنىپ ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلار خەلقىمىزنىڭ كۈنسېرى يۈكسىلىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ.

كىنوچىلىق ئىلمىگە دائىر نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ياخشى ئىگەللەش بىلەن بىللە، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھازىرقى رېئال ئىجتىمائىي ھاياتنى، سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىنو سىنارىيىلىرىنى كۆپلەپ يېزىش — كەڭ ئاپتورلىرىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

كىنو سىنارىيىسى ئىجادىيىتىگە يېڭىدىن كىرىشكەن ئاپتورلارغا ئەمەلىي ياردەم بېرىش مەقسىتىدە، بۇندىن كېيىن مىللىي ئاپتورلار يازغان كىنو سىنارىيىلىرىنى (تېلېۋىزىيە تىياتىرى، گۈزەل سەنئەت فىلىمىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) «كىنو سىنارىيىلىرىدىن تاللانما» ناملىق بۇ مەجمۇئەدە داۋاملىق ئېلان قىلماقچىمىز. مەجمۇئەنىڭ بۇ تۇنجى سانىغا مىللىي ئاپتورلارنىڭ 4 پارچە ئەسىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

نەشرىياتىمىز ئاپتورلارنىڭ بۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنى قارشى ئالىدۇ ۋە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر توغرىسىدا قىممەتلىك تەنقىدىي پىكىرلەر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

# مۇندەرىجە

تاشۋاي ........................................ 1
رەنانىڭ تويى ........................................ 105
شاھزادە ۋە ئۇنىڭ دوستى ........................................ 196
چىلبۆرىنىڭ ھالاكىتى ........................................ 257




## تۇرغان شاۋۇدۇن

تاشۋاي — 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (1878 — 1910) قەشقەردە ئۆتكەن ئاتاقلىق خەلق مۇزىكانتى، ئۇنىڭ «تاش پەدە»، «يار مۇرادىغا يەتتى»، «ئاشناجان»، «جېنىم جورام»، «ساپ ئېرىق»، «گۇندىپاي 1 - »، «گۇندىپاي 2 -»، «سۇلۇن»، «غوك پەدە»، «يارو»، «قادىر مەۋلان»، «كاۋابى سەھرا»، «لىۋەن يالا» قاتارلىق ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئۇيغۇر خەلقى ھازىرغا قەدەر قىزغىن سۆيۈپ ئېيتىپ كەلمەكتە.

تاشۋاي ئۆز زامانىسىدا كامالەتكە يەتكەن ئاتاقلىق راۋاپچى ئىدى، ئۇ راۋاپ چېلىش ماھارىتىنى ئۇستۇرۇش بىلەن بىللە، «مۇناجات»، «ئەجەم»، «ئەجەم تەلقىسى» قاتارلىق خەلق مۇزىكىلىرىنى رەتلەپ سىستېمىلاشتۇرۇشتىن تاشقىرى قەشقەر راۋابىنىڭ تار، پەدىلىرىنى كوپەيتىپ، ئىپادىلەش سەۋىيىسىنى ئوستۇرۇشكە توھپە قوشقان.

مەن تاشۋاينى 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يولداش قۇربان

ئىبراھىم ئارقىلىق ئۇگىنىپ، ئۇنىڭ ھاياتى توغرىلىق بىرەر كىنو سىنارىيىسى يېزىشنىڭ زورۇرلۇگىنى ھىس قىلغان ھەم قىسمەن ئىزلىنىشتىمۇ بولغان ئىدىم. 1979 - ۋە 1980 - يىل - لىرى ئەمەت ئۇمەر بىلەن غەيرەت ئابدۇللانىڭ ئايرىم - ئايرىم ئېلان قىلغان «تاشۋاي» ناملىق ئوچېركلىرى مېنىڭ ئەينى يىللاردىكى ھەۋىسىمنىڭ قايتا قوزغىلىشىغا تۈرتكە بولدى. مەن ئەمەت ئۇمەر، قۇربان ئىبراھىملارنىڭ ياردىمى بىلەن تاشۋاينىڭ ھاياتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۇگىنىپ، شۇ ئاساستا «تاشۋاي» ناملىق رادىيو دىرامىسىنى يېزىپ، رادىيودا ئېلان قىلدىم. ئۇ رادىيو دىرامىسى تاشۋاينىڭ ھاياتىنى سىنارىيىلەشتۇرۇشنىڭ ئا - ساسىنى قۇردى. بۇ سىنارىيىنى يېزىپ چىقىش جەريانىدىمۇ ئەمەت ئۇمەر، قۇربان ئىبراھىملارنىڭ ياردىمى كوپ بولدى. شۇڭا بۇ ئىككى پېشقەدەم ئۇستازلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاپتور

قاينام - تاشقىنلىق ئۇرۇمچى شەھرى، ياز

پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى قەۋەتلىك بىنالارنىڭ دەرىزە ئەينەكلىرىدە ئەكس ئېتىپ، شەھەرنى تېخىمۇ گۈزەل تۇسكە كىرگۈزگەن.

ئاسفالىتلىق يوللاردا چوڭ - كىچىك ماشىنىلار ۋە ئاپ - تووۇزلار ئۇيان - بۇيان ئوتۇشمەكتە. كوچا ساقچىسى بوتكىدا ئولتۇرۇپ ئالا - يېشىل چىراقلار ئارقىلىق ئۇلارنى ھەر تەرەپكە يولغا سالماقتا.

ھەيۋەتلىك خەلق تىياتىرى

ئۇنىڭ ئالدى ئادەم بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە كىچىك ماشىنىلار قاتار تىزىلغان، كىشىلەر ئالدى - رىشىپ تىياتىرخانا ئىچىگە كىرمەكتە.

شۇ چاغدا چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان 60 ياشلار چامىسىدىكى، يۈزلىرى كەڭ، گەۋدىلىك بىر كىشى تىياتىر-خانا ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئىشىك ئالدىدا توختاپ، بىلەتنى چىقىرىپ، بىلەت تەكشۈرگۈچىگە كورسىتىدۇ-دە، ئىچكىرىگە قاراپ ماڭىدۇ. بۇ «تاشۋاي» مۇزىكىسىنى ئۇزگەر-تىپ ئىشلەپ ئاكورتلاشتۇرغۇچى پىشقەدەم مۇزىكانت ئىدى.

تىياتىرخانا ئىچى

ئويۇن ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، سەھنىدە قەددى-قامىتى كېلىشكەن بىر قىز خۇددى تال چىۋىقتەك ئېگىلگەن هالدا داپچى يىگىتنىڭ رىتىملىق چېلىۋاتقان دېپىغا تەڭكەش قىلىپ شوخ ۋە نەپىس هەركەتلەر بىلەن «ئۇزۇمچىلىك ئۇسۇلى»نى ئىجرا قىلىۋاتاتتى.

پىشقەدەم مۇزىكانت تىياتىرخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالدىنقى قاتارغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇسۇل ئاياقلىشىپ، چاۋاك ئاۋازى كوتىرىلىدۇ. پەردە يېپىلىپ، پەردە ئالدىغا سۇر كاستۇم-يوپكا كىيىپ، قولىغا گۈل قىسىۋالغان ئېلانچى قىز چىقىدۇ ۋە نوۋەتتىكى سەنئەت نومۇرىنى ئېلان قىلىدۇ:

— مۇزىكا ... «تاشۋاي»... ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ئۇسۇل ئومىگىنىڭ ئوركىستىرى ئورۇنلايدۇ.

پەردە ئېچىلىپ، سەھنىنى لىق تولدۇرۇپ ئولتۇرغان مۇزىكانتلار كورۇنىدۇ. قولىغا دىرىژورلۇق تايىقىنى تۇتقان دىرىژور سەھنە ئالدىغا كېلىپ، كىشىلەرگە هورمەت بىلدۇر-گەندىن كېيىن مۇزىكانتلارغا قاراپ دىرىژورلۇق تايىقىنى سىلكىيدۇ. هەيۋەتلىك «تاشۋاي» مۇزىكىسى خۇددى يەر تەكتىدىن قايناپ چىقىۋاتقان بۇلاقلاردەك يېقىملىق سادا

بىرىپ، ئاستا ـ ئاستا كوتىرىلىدۇ.

پىشقەدەم مۇزىكانت ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن قىمىرلاپ قويىدۇ ـ دە، كوزەينەگىنى سول قولى بىلەن كوتىرىپ قويۇپ، پۇتۇن زىھنى بىلەن سەھنىگە تىكىلىدۇ.

مۇزىكىنىڭ كىرىش قىسمى تۇگەپ، ساتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ئىغىر ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىك ئوتمۇش بايان قىلىنىشقا باشلىغاندا ياشانغان كىشى تىخىمۇ ھاياجانغا كىلىپ كوزلىرىگە ياش ئالىدۇ. ساتارنىڭ مۇڭلۇق ساداسىغا ئەگىشىپ خىيالغا چوكىدۇ، كوز ئالدىدا ئۇزاق ئوتمۇش ئىكرانى ئىچىلىدۇ.

ئىكراندا ھىيتكا جامەسىنىڭ ھەيۋەتلىك مۇنارىسى ئەكس ئىتىپ، "1880 ـ يىل" دىگەن خەت كورۇنىدۇ.

ھىيتكا ئالدىدا بىر توپ كىشى 13 ياشلىق بىر ئوغۇلنىڭ بىرىلىپ چىلىۋاتقان راۋابىنى تىڭشىماقتا. بۇ ئوغۇل كىنونىڭ باش قەھرىمانى تاشۋاي بولۇپ، شۇ كورۇنۇش ئۇستىگە كىنونىڭ ئىسمى بىرىلىدۇ.

«تاشۋاي»

كورۇنۇش ئاستا يىراقلىشىپ قەشقەر بازىرىنىڭ ھەر خىل كورۇنۇشلىرى كورسىتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەرتىسلەر ۋە فىلىمنى ئىشلەشكە قاتناشقان خادىملارنىڭ ئىسىملىكى بىرىلىدۇ.

1. ھىيتكانىڭ يان تەرىپىدىكى كىچىك چايخانا ئالدى

قۇياش ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى گۇگۇم پەردىسى قاپلىغان چاغ. ئىزغىرىن شامال ئۇشقۇرتماقتا، تاشۋاي سىمىز چايچى ئايال بىلەن بىللە چايخانىنىڭ ئالدىكى ئوچاقتىن چوڭ قازاننى قومۇرۇپ چايخانىغا كوتىرىپ ئەكىرىۋىتىپ چىقىدۇ.

چايچى ئايال چايخانىنى قۇلۇپلاۋېتىپ: ئەمىسە ئوچاق ساقا قالدى، بۇ سېنى ئاچچىق شامالدىن پانالايدۇ، ئىچىگە چۈشۈپ يېتىۋەر، ئەگەر سەن بىلەن ياخشىراق تونۇشلۇغۇم بولغان بولسا، چايخانىنىمۇ ئىچىپ بەرگەن بولاتتىم، بىراق ھازىرچە كوڭۇل توختىتالمىدىم، رەنجىمە بالام، — دەيدۇ ۋە تاشۋايغا بۇرۇلۇپ قارايدۇ.

تاشۋاي سەممىلىك بىلەن: مۇشۇنچىلىك قانات ئاستىغا ئالغانلىقلىرىڭىزغىمۇ رەھمەت ئاچا، سىلىدىلا خالىسىڭىزلا ئوتلىرىنى قالاپ، سۇلىرىنى توشۇپ، ئومۇر بويى خىزمەتلىرىنى قىلىشقا رازىمەن، — دەيدۇ.

چايچى ئايال تاشۋايغا ئىچ ئاغرىتىپ بېشىنى سىلايدۇ:

— ھەي يېتىمچىلىك، خۇدا ھېچكىمنى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىمىسۇن، — دەيدۇ - دە، يولىغا راۋان بولىدۇ.

تاشۋاي چايخانا لەمپىسىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئېسىپ قويغان راۋاپنى قولىغا ئېلىپ، ئوچاقنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ، قولىغا زەخمەك ئېلىپ، تارلارنى چېرتىدۇ.

تارلاردىن يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق سادا ياڭرايدۇ.

ناخشا

مۇساپىرلارنىڭ يوقتۇر ماكانى،
قەيەرگە بارسا ئوتەر بىچارە.
يەتمەس ھېچ كىشى ئۇنىڭ ئاھىغا،
ھەركىم ئوز ھالى بىلەن ئاۋارە.
دەرتمەن ئەھلىگە ئېيتسا دەرتمەن دەرت،
دەردىمگە دەردلىڭ بولماس ياماق دەر.
جاھان تۈزەلمەي، تۈزەلمەس يامان،
ياخشى - يامانىنى بۇندا كىم بىلەر؟

ناخشا ساداسى ئىچىدە قەشقەرنىڭ غۇربەت ئارقا كوچىلىرى، كوچىلاردىلا تۇگۈلۈپ يېتىپ قالغان يېتىم-يېسىر- لار كۆرۈندۇ. غەرپ ئىزغىرىنى بولۇتلۇق ئاسماندىن تۇزۇپ چۈشۈۋاتقان قارلارنى ئۇچۇرىدۇ. بارغانسېرى ئاقىرىپ كېتىۋاتقان كوچىلاردا ئادەملەر ئايىغى شالاڭلايدۇ.

## 2. گۈلەخ، كېچە

شەھەردىكى چوڭ بىر مونچىنىڭ كۈللىرىنى توكىدىغان ئورەك (گۈلەخ) ئەتراپىغا ئۆي-ماكانسىز يېتىم-يېسىر، قېرى-چورە، مېيىپ-تىلەمچىلەر يىغىلغان. بەزىلىرى كۈلگە مىلىنىپ شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەن، بەزىلىرى تۇزۇغان كۈللەر-دىن بىارام بولۇپ، باشلىرىنى پۈركەپ جىم ياتماقتا.

شۇ چاغدا بىر ياقتىن كىچىك بالىنىڭ "ۋايجان، ۋاي ئانام، ۋاي ئاتام" دەپ نالىغان يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. كۈلگە يېرىم كۆمۈلۈپ بېشىنى ئەسكى چاپىنى بىلەن پۈركىۋالغان بارات (13 ياش) ئاۋازغا قۇلاق سالىدۇ ۋە يېنىدا ياتقان مۆمىن ئاكىنى (50 ياش) تۈرتۈپ ئويغىتىدۇ:

— مۆمىن ئاكا، مۆمىن ئاكا!

مۆمىن ئاكا ئويغىنىپ: نېمە بولدى؟

بارات: ئاڭلاۋاتامسەن؟ بۇ نېمە ئاۋاز؟

مۆمىن: ھوي، بۇ كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىغۇ؟!

بارات: تايىنلىق، بىزدەك بىر يېتىم-يېسىر بولسا كېرەك.

مۆمىن: بۇ ئاۋاز يېقىنلا يەردىن چىقىۋاتىدۇ، يۈر ئۇنى قۇتقۇزۇۋالايلى.

بارات: شۇنداق قىلايلى.

ئىككىسى ئورنىدىن تۇرىدۇ.

## 3. چايخانىنىڭ ئالدى

يىغا ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ جىمىيدۇ، مومىن ئاكا بىلەن بارات چايخانا ئالدىغا كېلىپ ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن نەزەر تاشلايدۇ.

مومىن ئاكا: نىمە بولدى، جىمىپ قالدىغۇ؟

بارات: بەلكىم مۇزلاپ ھالىدىن كەتكەندۇ، مۇشۇ ئەتراپنى ياخشى ئىزلەپ باقايلى.

ئىڭراش ئاۋازى پەس، لېكىن ناھايىتى ئېنىق تەكرارلىنىشقا باشلايدۇ، مومىن ئاكا بىلەن بارات ئوچاق ئالدىغا كېلىدۇ. ئىڭراش داۋاملىشىدۇ.

مومىن ئاكا ئوچاق ئىچىگە قاراپ: ھاي، ئادەممۇسەن، جىنمۇ؟ — دەيدۇ.

تاشۋاي ئوچاق ئىچىدە تۈرۈپ جالاقلاپ تىترىگىنىچە:
— مەن ئادەم ئاكا، خۇدا ھەققى رەھىم قىلىپ قۇتقۇزۇۋالساڭلار، مەن نارىسىدىدىن يانمىسا، خۇدايىمدىن يانار، — دەيدۇ يالۋۇرۇپ.

مومىن ئاكا: چىق بۇياققا.

تاشۋاي: پۇت ـ قولۇم توڭلاپ يىغىلىپلا قالدى، ئورنۇمدىن تۇرغۇچىلىكىم يوق.

مومىن: ئەمىسە قولۇڭنى سۇن.

تاشۋاي قولىنى سۇنىدۇ. مومىن ئاكا ئوچاققا ئېڭىشىپ، بىر قولىدا راۋاپ تۇتۇۋالغان تاشۋاينى تارتىپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ پۇتلىرى توڭلاپ ئۇيۇشۇپ كەتكەنلىكتىن يەرگە دەسسىيەلمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ قولىدىكى راۋاپنى تاشلىمايدۇ.

— ھالىڭغا باقماي راۋاپ كوتىرىۋالغىنىڭنى قارا، — دەيدۇ مومىن ئاكا غودۇڭشىپ، — راۋابىڭنى بۇنىڭغا بەر، مەن

سىنى ھاپاش قىلاي.

بارات تاشۋاينىڭ قولىدىكى راۋاپنى ئالدۇ، مومىن ئاكا ئۇنى ھاپاش قىلدۇ.

## 4. گۇلەخ

بارات بىلەن مومىن ئاكا گۇلەختە كۇلگە كومۇلگەن تاشۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىسسىگە كىلىشىنى كۇتىدۇ، تاشۋاي ئاستا-ئاستا ئىسسىگە كىلىپ، مىدىرلاشقا باشلايدۇ.

مومىن ئاكا تاشۋايغا قاراپ: قانداق، پۇت-قولۇڭ ئىللاي دەۋاتامدۇ، — دەيدۇ.

تاشۋاي: خېلى ئىللىپ قالدىم.

مومىن ئاكا: بىزنىڭ يوتقىنىمىز ئەنە شۇنداق خاسىيەتلىك، بۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ يېتىم-يېسىرلىرىنى ئۆز قوينىدا ئىللىتىدۇ، قىشتىن ئامان چىقىرىدۇ.

تاشۋاي: بۇ قەيەر؟

مومىن ئاكا: بۇ گۇلەخ.

تاشۋاي: ھەقىقەتەن ياخشى يەر ئىكەن، بۇرۇنىراق بىلگەن بولسام، چايچى خوتۇننىڭ ئوچىغىدا جان قىيناپ يۇرمەسكەنمەن، رەھمەت سىلىگە.

مومىن ئاكا تاشۋايغا باراتنى كورسىتىپ تۇرۇپ:
— رەھمەتنى بۇنىڭغا ئىيت، ئەگەر ئۇ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ مىنى ئويغاتمىغان بولسا، مەن بۇ رەھمىتىڭگە ئىرىشەلمەيتتىم. تونۇشۇۋال، بۇنىڭ ئىتى بارات، مىنىڭ ئىتىم مومىن.

تاشۋاي ھاياجان بىلەن تەكرارلايدۇ: بارات، مومىن ئاكا!

مومىن ئاكا: ھە، ئوزەڭنىڭ ئىتىڭچۇ بالام؟

تاشۋاي: تاشۋاي.

مومىن ئاكا: ئاتا ـ ئاناڭ يوقمۇ؟
تاشۋاي: يوق.
بارات: ھەممىمىز ئوخشاش ئىكەنمىز.
تاشۋاي: ئانام كىچىكىمدىلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، دادامنىڭ تۆگىگىنىگە ئىككى يىلچە بولدى، شۇندىن بۇيان تالادا قالدىم، — دەپ كوز يېشى قىلدۇ.
مومىن ئاكا: بولدى كوڭلۇڭنى بۇزما، بۇندىن كېيىن ئويۇڭ مانا مۇشۇ گۇلەخ بولىدۇ. مۇنۇ ياتقانلارنىڭ ھەممىسى ئاكاڭ، بارات بىلەن ئىككىڭلار تەڭ ئىكەنسىلەر، يېقىن دوست بولۇڭلار، ئومۇرۋايەت ئايرىلماڭلار.
تاشۋاي: سىلە بىزگە ئاتا بولسىلا.
مومىن ئاكا: خوپ بالىلىرىم، مەن سىلەرگە ئاتا بولاي.
تاشۋاي چوچۇپ ئەتراپقا قارايدۇ: ھەي، مېنىڭ راۋابىم...
بارات: مەن ئېلىۋالغان، مانا.
ئۇ، راۋاپنى تاشۋايغا ئۇزىتىدۇ.
مومىن ئاكا راۋاپنىڭ گۈللۈك نەقىشلىرىگە زوقلىنىپ:
— كوتىرىۋالغان نىمەڭنى قارا، سوغاقتا توڭلىغانلارنىمۇ راۋاپ چالدى، دەپ قويىدىغان. سەن ئۇ راۋاپنىمۇ، بۇ راۋاپنىمۇ تەڭلا چالىدىغان ئوخشايسەن، — دەيدۇ. ھەممە كۈلۈشىدۇ.
تاشۋاي: بۇ دادامدىن قالغان راۋاپ، ئۆزەمدىن ئايرىغىم كەلمەيدۇ.
مومىن ئاكا: داداڭ راۋاپچىمىدى؟
تاشۋاي: ئۇستا راۋاپچى ئىدى، ئۇ چالغان پەدىلەردىن بىرنەچچىسى ھېلىمۇ يادىمدا.

بارات ھەيران بولۇپ: سەنمۇ چېلىشنى بىلەمسەن؟
تاشۋاي: ئانچە - مۇنچە بىلىمەن.
مومىن ئاكا: ئۇنداق بولسا بىر چېلىپ باق، ئاڭلايلى.
تاشۋاي راۋابىنى تەڭشەيدۇ - دە، تارلارغا ئەپچىللىك بىلەن زەخمەك ئۇرىدۇ. راۋاپ ئاۋازىدىن گۈلەخ بىردىنلا جانلىنىپ كېتىدۇ. ھەممەيلەن گەۋدىسىنى كوتىرىپ قۇلاق سالىدۇ.

مومىن ئاكا ھاياجانلىنىپ: قېنى ناخشىسىنىمۇ ئېيت، — دەيدۇ. تاشۋاي ناخشا ياڭرىتىدۇ. مومىن ئاكا ئۇسۇلغا چۈشىدۇ، ناخشا رىتىمغا تەڭكەش قىلىنىپ بارماقلار قارسىلدايدۇ.

ناخشا: («ۋاي دەرت ئەلەم» ئاھاڭىدا)
زارە خەتمە ئاش بولدى،
باي - بېگىملەر باش بولدى.
ئۇلار ئۈچۈن ئاش بولدى،
غېرىبلارغا تاش بولدى.

ۋاي دەرت - ئەلەم، يادوس،
دەردۇ - ئەلەم، يادوس.

تامدا پاختەك، كولدە ئودەك،
ماشنى چايناپ كېلىدۇ.
باي - غوجاملار نەزىرگە،
ئۈيقۈنى تاشلاپ كېلىدۇ.

ۋاي دەرت - ئەلەم، يادوس،
دەردۇ - ئەلەم، يادوس.

ناخشا ـ ئۇسۇل بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ، سامانى تىترىتىپ، ئۈزلۈكسىز ياڭرايدۇ.

مۆمىن ئاكا كوپچىلىككە قاراپ: بۇرادەرلەر، بۇ بالىغا بىرئاز پۇل يىغىش قىلىپ بېرەيلى، يالاڭئاياق ئىكەن، بىر ئاياق كىيىۋالسۇن، قانداق دەيسىلەر، — دەيدۇ.

كوپچىلىك: بۇ ياخشى گەپ بولدى، — دەپ يانچۇقـ لىرىنى ئاختۇرۇشىدۇ.

### 5. ئاياق ـ كىيىم بازىرى. كۈندۈز

مال ساتقۇچىلارنىڭ خېرىدارلارنى چاقىرىپ توۋلاشـ لىرى، بازارغا كەلگەنلەرنىڭ قىي ـ چۇلىرى، ئىشەكلەرنىڭ هاڭراشلىرى، مەددالارنىڭ قولىنى قۇلىغىغا قويۇپ دوس تارـ تىشلىرى، هەر خىل پاراڭ، كۇلكە چاخچاق...

قولتۇغىغا راۋاپنى قىستۇرۇۋالغان تاشۋاي بىلەن بارات خۇددى ئاكا ـ ئۇكىلاردەك بىر بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشقان هالدا بازارنى ئايلانماقتا، ئوزئارا سوزلەشمەكتە.

تاشۋاي: بارات، گۇلەختىكىلەر نىمە دىگەن ياخشى.

بارات: قانداق دەيسەن؟

تاشۋاي: تىلەمچىلىك قىلىپ جان بېقىۋاتقان بولسىمۇ بىر بىرىگە غەمخورلۇق قىلىشنى بىلىدۇ... بىلەمسەن، ئۇلار ئوزئارا يىغىش قىلىپ، ماڭا ئاياق ئېلىۋال دەپ جۇل ـ جۇل كىيىملىرىنىڭ يانچۇغىدىن ئاخىرقى تىيىنلىرىنى ئېلىپ بەرگىنىدە يۇرىگىم ييىرىلىپ كەتكۇدەك بولدى.

بارات: كەمبەغەللىنىڭ كوڭلى باي دىگەننى ئاڭلىمىغانـ مىدىڭ. دۇنيادا ئەڭ نامرات كىشىلەرلا شۇنداق بولىدۇ. چۇنكى ئۇلار ئاق دىل، سەممى كېلىدۇ.

تاشۋاي: شۇنداق بولسىمۇ، بو پۇلنى مىنىڭ خەشلىگۇم

كەلمەيۋاتىدۇ. ياخشىسى بۇنىڭغا ئازراق يەيدىغان نەرسە ئالغاچ كېتىپ ئۇلارغا بەرسەك دەيمەن.

بارات: ئۇنداق قىلساڭ ئۇلارنى رەنجىتىپ قويىسەن، ئۇلارنى خوشال قىلىمەن دىسەڭ، ئۇلارنىڭ دىگىنىنى قىل.

## 6. كونا ئاياق - كىيىم يايمىسى

ئىككى دوست ئەسكى ئاياقلارنى دوۋدىلەپ قويۇپ سېتىۋاتقان بىر سېتىقچىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

سېتىقچى: كېلىڭلار، ئۇكىلىرىم، مانا بۇ ئاياقلارنى تاللاپ كورۇڭلار، — دەيدۇ ۋە تاشۋاينىڭ پۇتىغا قاراپ چوچۇپ كېتىدۇ، — ۋوي سېنىڭ پۇتۇڭدا ئاياق يوق ئىكەنغۇ، مانا بۇ دەل سەن كىيىدىغان ئاياقلار، قېنى تاللا.

تاشۋاي بىلەن بارات بىر بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ئاياقلارنى تاللاشقا كىرىشىدۇ، تاللانغان ئاياقنى تاشۋاي پۇتىغا كىيىپ بېقىپ، بولىدىغانلىغىنى ئېيتىدۇ ۋە ساتقۇچىدىنىڭ دىگىنى بويىچە پۇلنى ساناپ بېرىپ، ئاياقنى كىيىۋالىدۇ.

## 7. رېھىم ناۋاينىڭ ناۋايخانىسى

رېھىم ناۋاي (50 ياش) ئاپپاق نانلارنى دەستىلەپ قويۇپ، نەقىشلىك راۋاپنى قولىغا ئېلىپ، خەلق ئاھاڭلىرىدىن بىرىگە چېلىپ ئولتۇرىدۇ.

ناۋايخانا ئالدىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان تاشۋاينىڭ كوزى رېھىم ناۋاينىڭ نەقىشلىك راۋابىغا چۇشۇشى بىلەن باراتنى تارتىپ توختىتىپ ناۋايخانا ئالدىغا كېلىدۇ.

رېھىم ناۋاي راۋابىنى ئاسقىغا ئېلىپ قويۇپ، تاشۋايغا قاراپ: نان ئالامسەن، — دەيدۇ.

تاشۋاي ئەيمىنىپ ئارقىغا چېكىنىدۇ. شۇ چاغدا ناۋاي-نىڭ كوزى تاشۋاينىڭ قولتۇغىدىكى راۋاپقا چۈشىدۇ. ئۇ قايتا گەپ ئاچقىچە بارات جاۋاپ بېرىدۇ.

— بۇ ئاغىنەم سىزنىڭ راۋابىڭىزغا قاراۋاتىدۇ.

رېھىم ناۋاي قىزىقىپ: بېرى كىلە بالام، قورقما، سەن ئوزەڭ راۋاپ چالامسەن؟

تاشۋاي تارتىنىپراق ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ئانچە-مۇنچە چالىمەن، — دەيدۇ.

رېھىم ناۋاي: ناھايىتى ياخشى، قېنى دۇكانغا كىرىڭلار، بىر پەدە ئاڭلاپ قالاي، — دەيدۇ.

ئىككى دوست ناۋايخانىغا كىرىدۇ.

8. ناۋايخانا ئىچى

رېھىم ناۋاي تاشۋاينىڭ قولىدىكى راۋاپنى ئېلىپ تىرىڭلىتىپ قويۇپ: ياخشى سادا بېرىدىكەن، — دەيدۇ-دە، يېنىغا قويۇپ ئوزىنىڭ راۋابىنى ئۇزىتىدۇ، — قېنى مېنىڭكىنى كورۇپ باق.

تاشۋاي راۋاپنى تارتىنىپراق ئالىدۇ-دە، زەخمەكنى ئەجەم تەلقىنىگە ئۇرىدۇ.

رېھىم ناۋاي تاشۋاينىڭ يەڭگىل ۋە ئېنىق زەخمەك ئۇرۇشىغا، ماھىرلىق بىلەن پەدە بېسىشلىرىغا قاراپ ھەيران قالىدۇ. يۇرىگىگە كېلىپ تەككەن سادانىڭ مۇڭىدىن كوز-لىرىگە ياش ئالىدۇ. تاشۋاي ناخشا ياڭرىتىدۇ.

ناخشا:

ئاتالىقلار، ئانالىقلار،
دەستە-دەستە گۇل ئىكەن.

ئاتاسىزلار، ئاناسىزلار،
كويۇپ ئۇچكەن كۆل ئىكەن.

ئاتالىقلار ئاتام دېسە،
ئاقىدۇ ياشىم.
ئانالىقلار ئانام دېسە،
قاتىدۇ باشىم.

ناخشا ئاخىرلىشىپ مەرغۇلغا ئۆتىدۇ، ئۇز قەلبىنى ئىزھار قىلىۋاتقان ناخشا مۇڭىدىن تاشۋاينىڭمۇ كوزلىرىدىن يېشى ئۇزۇلگەن مونچاقتەك ياش قۇيۇلىدۇ. ناۋاي بۇقۇلداپ يىغلايدۇ، باراتمۇ ئوزىنى باسالماي قالىدۇ. بۇ چاغدا ناۋايخانا ئالدى تاماشىچىلار بىلەن تولىدۇ. بەزىلىرى دۇكانغا كىرىشكە باشلايدۇ. بارا-بارا دۇكاندا پۇت قويغۇدەك يەر قالماي قالىدۇ.

مەرغۇل ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تاشۋاي راۋاپنى يېنىغا قويۇپ ياشقا تولغان كوزلىرىنى يەرگە تىكىدۇ.

رېھىم ناۋاي تاشۋاينى باغرىغا باسىدۇ.

رېھىم ناۋاي: خۇدا قولۇڭغا دەرت بەرمىسۇن، پات-پات كېلىپ تۇر. راۋابىڭنىڭ خۇش ساداسى بىلەن مىسكىن كوڭلۇم ئېچىلسۇن، — ئۇ تاشۋاينىڭ سولغۇن چىرايىغا سەپسېلىپ، — يېتىممۇسەن بالام؟

تاشۋاي بېشىنى ئىگەپ: ھەئە.

رېھىم ناۋاي: نەدە تۇرۇۋاتىسەن؟

تاشۋاي باراتنى كورسىتىپ تۇرۇپ: بۇلار بىلەن بىللە گۇلەختە.

رېھىم ناۋاي ناندىن بىرنەچچىنى ئېلىپ تاشۋاينىڭ قولتۇغىغا قىستۇرۇپ تۇرۇپ: بۇ نانلارنى يە، قوسىغىڭ ئاچقاندا يەنە كەل.

تاشۋاي: رەھمەت.

تاشۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ راۋابىنى قولتۇغىغا قىستۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغان كىشىلەر يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ ئۇنىڭغا پارچە تىيىنلىرىنى تەڭلەيدۇ:

— ئۇكام بۇنىمۇ ئېلىۋال.

— ئۇكام بۇنىمۇ ئېلىۋال.

— ئۇكام بۇنىمۇ ئېلىۋال.

تاشۋاي ھودۇققان قىياپەتتە: رەھمەت، ماڭا پۇلنىڭ لازىمى يوق، — دەيدۇ.

رېھىم ناۋاي: ئېلىۋال بالام، ئارتۇق دولەت باشنى يارمايدۇ.

تاشۋاي ئىلاجسىز پۇللارنى ئېلىپ يانچۇغىغا سېلىۋاتقاندا توپ ئالدىدا ۋ ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق كىيىنگەن لەيلىگۈل پەيدا بولىدۇ.

لەيلىگۈل تاشۋايغا پۇل تەڭلەپ: بۇنىمۇ ئېلىۋېلىڭ ئاكا، — دەيدۇ.

تاشۋاي ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىدۇ.

رېھىم ناۋاي لەيلىگۈلنى تاشۋايغا تونۇشتۇرۇپ: بۇ خوشنىمىز ئومەر باينىڭ قىزى، ئىسمى لەيلىگۈل، بەك ياخشى قىز، ئۇنىڭ قولىنى قايتۇرما، ئېلىپ قوي، — دەيدۇ.

تاشۋاي ھاياجانلانغان ھالدا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن لەيلىگۈل ئۇزاتقان تەڭگىلەرنى ئالىدۇ: رەھمەت سىزگە.

لەيلىگۈل: راۋاپنى بەكلا ياخشى چالىدىكەنسىز.

تاشۋاي بارات بىلەن بىللە يولغا راۋان بولىدۇ، توپ- لاشقان كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالىدۇ.

### 9. رېھىم ناۋاينىڭ ناۋايخانىسى، كەچقۇرۇن

رېھىم ناۋاي دۇكىنىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، راۋاپ چال- ماقتا، ئۇ راۋاپنىڭ مۇڭلىرىدىن ئېزىلىپ چېلىشتىن توختايدۇ ۋە خىيالغا چۆكىدۇ.

رېھىم ناۋاي: ھىلىقى بالا نىمە بولۇپ كەتتى، نەچچە كۈن بولدى كېلىپمۇ قويمىدا؟.....ھەي پەلەك! شۇنداق چىچەن باللار خانۇ-ۋەيران بولۇپ يۈرىدۇ، ھە،... توختا، مەن ئۇلارنى بىر يوقلاپ كېلەي، بىر-ئىككى پەدە راۋاپنى ئاڭلىسامۇ ھساپ.

### 10. گۈلەخ

بۈگۈن بۇ يەرگە بازاردىكى يېتىم-يېسىرلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان بولۇپ، تاشۋاي چالغان راۋاپنىڭ جاراڭ- لىق ساداسىغا جور بولۇپ خوشال ناخشا ئېيتماقتا، ئۇسۇل ئوينىماقتا.

گۈلەخقە يېتىپ كەلگەن رېھىم ناۋاي سورۇنغا خوشال- لىق بىلەن كوز تاشلايدۇ، كەيپىياتنى بۇزماسلىق ئۈچۈن بىر چەتكە كېلىپلا ئولتۇرۇپ، ناخشىغا قۇلاق سالىدۇ.

ناۋاينىڭ 1-مەشرىپى ئېيتىلىدۇ.

باقسام بۇ جاھانغا ھەممىدە دەردۇ-ئەلەم بار،
ھەر ئادىمىنىڭ كوڭلىدە مىڭ قايغۇ-غەم بار.
غەمسىز كىشىنى تاپقىلى بولۇرمۇ كىشى ئىزلەپ،
بۇ غەملى دىلىم ئېيتىدۇ قايغۇ-ئەلەمسىز كىم بار؟

## 11. مۇنچىنىڭ ئارقىسىدىكى يان كوچا

يامۇلنىڭ جۇمەش قاتارلىق بىرقانچە يايىسى ئاتلىرىنى كوچىدا بولۇشىچە چاپتۇرۇپ كەلمەكتە.

## 12. گۇلەخ

يايىلار توپ ـ توغرا گۇلەخقە باستۇرۇپ كىلىدۇ. ئۇسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ ئۈستىدە قامچا ئوينايدۇ، مومىن ئاكا تاشۋايىنى دەرھال ئارقىسىغا ئوتكۇزۇۋالىدۇ. نەغمە توختاپ، ھەممە پاتىپاراق بولۇپ كىتىدۇ.

جۇمەش ئىغىزدۇرۇغىنى چايناپ، تىپىرلاپ تۇرغان ئات ئۈستىدە قامچىسىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا كورەڭلىك بىلەن كوپچىلىككە: جامائەت ھەر قايسىڭلارنىڭ ئۈستىدىن يامۇلغا ئەرز قىلىشتى، "تىبىرىق تۇلۇمدا، يىتىم بۇلۇڭدا" دىگەننى بىلىشەمسەن، نىمىشقا ھالىڭغا قاراپ ئىش تۇتۇشمايسەن؟ ــ دەپ توۋلايدۇ.

مومىن ئاكا: ئەپۇ قىلىڭ ھورمەتلىك تەقسىرىم، ئالدىجاناپلارنىڭ بىئارام بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولساق، بۇنداق قىلماسكەنمىز.

جۇمەش مومىن ئاكىغا ھۇرپىيىپ: سەن قىرى خىلى گەپتانىكەنسەنغۇ، ئىيتە "زارە خەتمە ئاش بولدى" دىگەن ھىلىقى ناخشاڭدا كىملەرنى تىللاۋاتىسەن؟ ئىيتە، چاپسان ئىيت!

مومىن ئاكا: بۇ ئەزەلدىن ئىيتىلىپ كىلىۋاتقان ناخشا.

جۇمەش: ھۇ خۇمپەر! ھەر قايسىڭنىڭ كوڭلىدە نىمە غۇم بارلىقىنى بىلمەيمىزمۇ؟ ئەھۋالغا قارىغاندا ھەممىنىڭ باشلىغى سەن ئىكەنسەن، چىققە بۇياققا!

جۇمەش مومىن ئاكىغا قارىتىپ ئېتىشنى دىۋېتىپ، قاە-چىسىنى ئۇنىڭغا شىلتىيدۇ. شۇ چاغدا تاشۋاي چاپىنىنى ئاتقا قارىتىپ سىلكىيدۇ. ئات ئۈركۈپ ئارقىغا داجىيدۇ، باشقىلارمۇ چاپانلىرىنى پۇلاڭلىتىپ چۇقان سالىدۇ، يايىلار-نىڭ ئاتلىرى ئۈركۈپ قاچىدۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن مازاق قىلىپ كۇلىدۇ، ئىسقىرتىدۇ، چۇقان سالىدۇ.

جۇمەش يىراقلاپ كېتىۋېتىپ: قاراپ تۇرۇش، ھەر-قايسىڭ ئەتىلا ئۇزەڭنى تۇرمىدە كورىسەن، — دەپ پوپوزا قىلىدۇ.

مومىن ئاكا: تۇرمە بىز ئۇچۇن گۇلەختىن ياخشىراق، ھىممىتىڭگە رەھمەت، — دەپ توۋلايدۇ.

ھەممە كۇلىدۇ، ئاتلارنىڭ قارىسى يوقىلىدۇ.

## 13. گۇلەخ

ھەممەيلەن چىرايلىرى تۇتۇلغان ھالدا مومىن ئاكىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان.

مومىن ئاكا جىددى تۇس ئېلىپ، ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— يىتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ دى-گەندەك، قارىمامدىغان بۇ يولسىزلىقنى، يىتىملار شۇنداقمۇ بوزەك قىلىنامدۇ؟

— خان ئوت قويسا گەپ يوق، پۇقرانىڭ چىراق يېقىشىغىمۇ يول قويۇلمايدۇ، دىگەن شۇدە، — دەيدۇ باياتىن جىم ئولتۇرغان رىھىم ناۋاي كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەلۋې-غىنى يېيىپ، ئېلىپ كەلگەن نانلىرىنى قويغاچ، — قېنى، قوسىغىڭلارمۇ ئېچىپ قالغاندۇ.

مومىن ئاكا قولىنى كوكسىگە قويۇپ، رىھىم ناۋايغا تازىم قىلىپ تۇرۇپ: ئوزلىرىنىڭ بۇ تاشلاندۇق پاناھىمىزغا

قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقلىرىغا دىققەت قىلماپتۇق، — دەيدۇ.

رېھىم ناۋاي: ھېچقىسى يوق، قېنى ناندىن ئېلىڭسىلا، — دەيدۇ.

مومىن ئاكا ناننى پارچىلايدۇ، ھەممىسىگە بىر پارچىدىن تەقسىم قىلىدۇ.

مومىن ئاكا قىزىقچىلىق قىلىپ: بىزنىڭ مېھماندارچىلىغىمىز مانا مۇشۇنداق رېھىم ئاخۇن، "ئالسىلا، باقسىلا" بىلەن ئانچىمۇ كېلىشىپ كېتەلمەيمىز، — دەيدۇ.

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ.

— ئاچ-زېرىنلىق كىشىنى نىمە كويغا سالمايدۇ، — دەيدۇ بىر پۈتى مېيىپ بىر كىشى، — كەمبەغەلنىڭ بىر تويىغىنى، بىر باي بولغىنى دىگەندەك، مۇشۇ بىر پارچە نان بىلەن خېلىغىچە جان باقىمىز.

بارات ئېغىر خۇرسىنىپ: تاشۋاينىڭ راۋابى بىزگە ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى. ئەمدى بۇ ئىشقىمۇ چىچەك چىقتى، كۈنىمىز تەس بولىدىغان بولدى-دە.

تاشۋاي ئوزىنى چوڭ ئادەملەردەك تۇتۇپ: راۋاپ چالسام مەنمۇ پۈتۈن قايغۇنى ئۇنتۇپ كېتەتتىم، ئەمدى مېنىڭ كوڭلۈممۇ پەرىشان بولىدىغان بولدى.

رېھىم ناۋاي بىردىنلا: مېنىڭ بىلەن كېتەمسەن؟ — دەيدۇ.

تاشۋاي ھاڭ-تاڭ بولۇپ، مومىن ئاكا بىلەن باراتقا قارايدۇ، رېھىم ناۋاي گېپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

— چاخچاق ئەمەس، راست دەۋاتىمەن، مېنىڭكىگە بارساڭ بىرىنچىدىن، كەڭ-كۇشادە راۋاپ چالالايسەن، ئىككىنچىدىن، ساڭا ھۈنەر ئوگىتىمەن، مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ نا-

ۋاي بولۇپ قالىسەن.

تاشۋاي خىيال سۈرگەن ھالدا يەنە مومىن ئاكا بىلەن باراتقا كوز تاشلايدۇ.

بارات: بولدى، كەتكىن ئاداش. بۇ خانۇ-ۋەيرانچىلىقتىن سەن بولساڭمۇ قۇتۇل.

مومىن ئاكا: كەتكىن بالام، بۇ كىشىنىڭ بالا-چاقىسىمۇ يوق، بالا بولغىن.

## 14. رېھىم ناۋاينىڭ دۇكىنى

رېھىم ناۋاي تونۇردىن قىپ-قىزىل گىردىلەرنى سويۇپ پەشتۇنغا تىزىشقا باشلايدۇ.

شۇ ئەسنادا مومىن ئاكا بىلەن بارات دۇكاننىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. رېھىم ناۋاي ئۇلارغا قاراپ سالام بېرىدۇ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوبدان تۇرۇۋاتامسىلەر.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، — دەيدۇ مومىن ئاكا، — ئىشلىرىڭغا خۇدا بەرىكەت بەرسۇن.

— ئىپتىقانلىرى كەلسۇن، — دەيدۇ رېھىم ناۋاي، — قېنى، دۇكانغا كىرىشسىلە.

## 15. ناۋايخانا ئىچى

مومىن ئاكا بىلەن بارات ئەمبەلنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. رېھىم ناۋاي ئۇلارغا نان ئۇشتۇپ چاي قويىدۇ.

رېھىم ناۋاي: قېنى ئېلىشسىلا.

مومىن ئاكا چايدىن بىر ئوتلاپ: بىزنىڭ ئوغۇل كورۇنمەيدىغۇ؟

رېھىم ناۋاي: ئۇنى ئەتىگەندىلا چاچلىرىڭنى ئالدۇرۇپ ھامماملغۇ چۈشۈپ، كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇرۇپ كەلگىن، دەپ يولغا سېلىۋەتكەن ئىدىم، كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، كوزگىلىرى كېلىپ قاپتۇ ـ دە.

مومىن ئاكا: ئۇ كېتىپ يۈرگىنىمىزنىڭ يېرىمى كېتىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى، كېچىچە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق. بولۇپمۇ بارات بەكلا شۈكلىشىپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ باشتىن ـ ئايىغىچە يېڭى كىيىنگەن ئاق يۈزلۈك، قارا كوزلۈك كېلىشكەن بىر بالا ئىشىكتىن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنى بىر قاراشتا رېھىم ناـ ۋايمۇ تونالماي قالىدۇ، ئۇ ئىشىكتىن كىرگەن پېتى غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ «مومىن ئاكا، بارات!» دىگىنىچە ئۇلارغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. بارات ئۇنى قۇچاقلايدۇ، مومىن ئاكا تاشۋاينىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ ئۇزىگە قارىتىدۇ:

ــ قارىغىنا شۇنداق چىرايلىق يىگىت بولۇپ كېتىپسەن، ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، كىيىم ئەسكىسى دىگەن مانا مۇشۇـ دە، ئاتاڭغا رەھمەت ئېيت.

تاشۋاي ھاياجانلانغان ھالدا رېھىم ناۋايغا قاراپ:

ــ رەھمەت، ــ دەيدۇ.

### 16. ناۋايخانىنىڭ ئۇن تاسقاش ئويى

تاشۋاي تارتقىدا ئۇن تاسقىماقتا. تارتقا ئاستىدىن ئۇن قاردەك توكۇلمەكتە. تاشۋاي تارتقىنىڭ رېتىمىغا تەڭ كەش قىلىپ ناخشا ئېيتماقتا.

ئەجەپ بىر زامان بولدى،
ئالەم چورگىلەي دەيدۇ.

يۇرەكتىكى زەرداپ سۇ،
قانغا ئورۇلەي دەيدۇ.
بولدى سەرگەردان يىتىم،
بۇ زۇلۇم دەستىدە ئەل.
قالدى چوللەردە جەسەت،
قانۇ-ياشتىن ئاقتى سەل.

ناخشا توۋەندىكى كورۇنۇشلەر بىلەن بىرلەشتۇرۇلىدۇ. تارتقا ئۇزلۇكسىز تارتىلىدۇ. تارتقا ئاستىدىن ئۇن ئۇزلۇكسىز قويۇلىدۇ. شۇ ھالەتتە تاشۋاينىڭ 20 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى قامەتلىك يىگىت بولۇپ يىتىشكەن كورۇنۇشى ئېكراندا پەيدا بولىدۇ ۋە بىرسىنىڭ "تاشۋاي" دەپ توۋلىشى بىلەن ئۇ، چاقناپ تۇرغان ئوتكۇر كوزلىرىنى ئىشىك تەرەپكە تىكىدۇ.

ئىشىك ئېچىلىپ بۇرۇتلىرى خەت تارتقان بىر يىگىت كىرىپ كىلىدۇ. بۇ بارات ئىدى.

تاشۋاي ئىشنى توختىتىپ قىزغىنلىق بىلەن: كەل بارات، — دەيدۇ.

بارات: ئىشىڭ تىخى تۇگىمىدىمۇ؟

تاشۋاي: تىرىكچىلىكنىڭ ئىشى تۇگەمدۇ؟ بولدى، ئەتىنىڭ تەييارلىقى ئاساسەن پۇتتى، يۇر ھويلىغا چىقايلى.

17. رىھىم ناۋاينىڭ ھويلىسى

بارات بىلەن تاشۋاي ھويلىغا چىقىپ، ئىككى ئېغىزلىق ئوينىڭ ئالدىدىكى تال باراڭنىڭ ئاستىغا كىلىپ ئولتۇرىدۇ. باراڭدىكى ئەمدىلا چېكىلىشكە باشلىغان ئۇزۇملەر غۇژمەك-

غۇژمەك بولۇپ پەسكە ساڭگىلىغان. تامنىڭ ئارقىسىدىن ئۆمەر باينىڭ قوراسىدىكى ھەر خىل مىۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بۇلۇق شاخلىرى، ئۇنىڭ نېرىسىدا بولسا، ھەيۋەتلىك ئويـلىرىنىڭ نەقىشلىق پېشايۋانلىرى ئېنىق كورۇنۇپ تۇرىدۇ.

بارات ئەتراپنى زوق بىلەن كۈزىتىدۇ، تاشۋاي ئاسـقىدىن ناۋاينىڭ نەقىشلىق راۋابىنى ئالىدۇ.

تاشۋاي: بىرەر پەدە ئاڭلىغىڭمۇ كېلىپ قالـغاندۇ؟

بارات : راۋابىڭنى بەك سېغىندىم ئاداش.

تاشۋاي: نېمىگە چېلىپ بېرەي؟

بارات: يېقىندىن بۇيانقى يېڭىلىقلىرىڭدىن ئاڭلايلى.

تاشۋاي «يار مۇرادىغا يەتتى»گە چالىدۇ.

### 18. ئۆمەر باينىڭ ھويلىسى

ئۆمەر باينىڭ پېشايۋانلىق، كوپ ئېغىزلىق ئويلىرىدىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بىر قىز چىقىدۇ ـ دە، راۋاپ ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە كوز تىكىدۇ. ئاندىن پېشايۋاننىڭ پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈپ مىۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ كېتىدۇ، بۇ لەيلىگۇل ئىدى.

### 19. رېھىم ناۋاينىڭ ھويلىسى

تاشۋاي پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ راۋاپ چالماقتا.

ۋۇجۇدى ياپىرىغان بارات تاشۋايدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ پەـدىلەر ئۈستىدە تېز ھەركەتلىنىۋاتقان چەۋەر بارماقلىرىغا تىكىلىدۇ، ھاياجاندىن كوزلىرىگە ياش تولۇپ، ئۇچۇق ھاۋاغا قارايدۇ، ئاندىن شىلدىرلاپ توپا چۈشۈۋاتقان پاسىل تامغا

كوزى چۇشىدۇ ـ دە، چىرايىنى بىردىنلا ھەيرانلىق ئالامىتى قاپلايدۇ.

## 20. پاسىل تام ئۈستىدە

پاسىل تام ئۈستىدىن شىلدىرلاپ توپا چۈشۈپ، قوش ـ قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەر سېلىنغان نازۇك بارماقلار كورۇنىدۇ، ئۇ بارماقلار ئاستا ـ ئاستا تامنىڭ بۇ تەرەپ قىرغىقىغا يېر ـ پىشىش بىلەن لەيلىگۈلنىڭ كوكۈلنى مەپتۇن قىلغۇچى نۇرلۇق جامالى كورۇنىدۇ. بىر جۈپ شەھلا كوزى باراتنىڭ كوزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، دەرھال غايىپ بولىدۇ.

## 21. رىھىم ناۋاينىڭ ھويلىسى

بارات ھەيران بولۇپ تاشۋايغا قارايدۇ، تاشۋاي پۈتۈن زىھنى بىلەن راۋاپ چېلىشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكتىن ھىچنىمىنى سەزمەيدۇ.

مۇزىكا ئاخىرلىشىدۇ. تاشۋاي تەرلىرىنى سۈرتۈپ دوستىغا قارايدۇ: قانداق، بولغىدەكمۇ؟

بارات: بوپتۇ، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، مەن ئىلگىرى ساتارىغا بۇلبۇل قوندۇرۇپتۇ دىگەن سوزلەرنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ بۇلبۇل ساتارغا قانداقمۇ قونسۇن؟ دەپ يۈرەتتىم، مەن بۈگۈن راۋاپقا بۇلبۇلنىڭ قانداق قونغانلىغىنى ئوز كوزۇم بىلەن كوردۇم.

تاشۋاي قاقاقلاپ كۈلىدۇ: سەن تولىمۇ چاخچاقچى بولۇپ كېتىپسەن.

بارات: ياق چاخچاق ئەمەس، بۇلبۇلنىڭ باغ تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەنلىگىنى ناھايىتى ئېنىق كوردۇم.

تاشۋاي ئومەربايىنىڭ قوراسى تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ

قارايدۇ ـ دە، يۈزى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كېتىدۇ.

بارات تاشۋايغا تىكىلگىنىچە پىخىلداپ كۈلۈپ: قاندـ داق، راستمىكەن، مەن ھەرگىز يالغان سوزلىمەيمەن.

تاشۋاي: مەن بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنمىغان ئىدىم.

بارات: ماڭا بولسىمۇ ئېيتىشىڭ كېرەك ئەمەسمۇ؟

تاشۋاي: ئېيتىشنى ھەرقانچە ئويلىساممۇ، كوڭلۇم ئۇنىمىدى، چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئايىغى چىقىشىغا كوزۇم يەتـ مەيدۇ. شۇڭا يېپىقلىق تۇۋاقنىڭ يېپىقلىق تۇرغىنى ياخشى، دىدىم.

بارات قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتىپ: مەيلى، ھىلى بولسىمۇ ئېيتىپ بەر، بۇ زادى قانداق ئىش؟ ــ دەيدۇ.

تاشۋاي دوستىغا قاراپ پەس ئاۋازدا ئەھۋالنى بايان قىلىشقا باشلايدۇ:

ــ ياز كىرگەندىن بۇيان مېنىڭ كەچلىك مەشغۇلىيىتىم كوپىنچە ئوگزىدە ئوتەتتى، سالقىن شاماللىق جىمجىت كېـ چىدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان كوڭلۇمگە ئارام بېرەتتى، ھىسـ سىياتلىرىمنى غىدىقلاپ، قەلبىمدە ئاجايىپ شېرىن ئاھاڭلارـ نى بارلىققا كەلتۈرەتتى.....

(ئەسلىمە)

## 22. ئوگزە ئۈستى، ئايدىڭ كېچە

تاشۋاي كېچە ئاسمىنىغا تىكىلگىنىچە، ئولتۇرۇپ راۋاپ چالىدۇ. تارلاردىن «ساپ ئېرىق» پەدىسى ياڭرايدۇ.

## 23. ئومەر باينىڭ قوراسى

تاشۋاينىڭ بايانى: ئەنە شۇ چاغدا مۇشۇ قورادىكى بىر ئىشىك ئېچىلىپ شۇ چىرايلىق قىز چىقىپ كەلدى ـ دە،

مانا مۇشۇ تامنىڭ تۈۋىدىكى بىر تۈپ توغاچنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىق شاخلىرىنى دالدا قىلغان ھالدا جىمجىت ئولتۇرۇپ سازىمغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

مەن تارلار ئۈستىدە زەخمەكنى ئوينىتىپ تۇرۇپ خىيال سۈرەتتىم: "تۇۋا، ئۇ، سازغا شۇنچە ئاشىقمىدۇ؟..."

بايان داۋاملىشىدۇ: كۈنلەر ئۆتتى، ئۇنىڭ تارتىنىشىمۇ ئاستا-ئاستا يوقالدى. ئۇ توغاچ شاخلىرىنىمۇ دالدا قىلمايدىغان بولدى. ئۇ ماڭا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر تۈپ توغاچنىڭ تۈۋىدە ئايدەك جامالىنى نامايەن قىلىپ چولپاندەك كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، ماڭا تىكىلىپ تۇرىدىغان بولدى.

### 24. لەيلىگۈلنىڭ بىر جۈپ كۆزى

لەيلىگۈلنىڭ شەھلا كۆزلىرى ئېكرانغا لىق تولۇپ كۆرۈنىدۇ. بايان داۋاملىشىدۇ.

— ئاھ، بۇ كۆزلەر شۇنداق نۇرانە، شۇنداق سېھىرلىك ئىدى. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە ئۇچۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئوتنى ياندۇردى. ۋۇجۇدۇمنى يالقۇنلىتىپ، قەلبىمنى ئۇزىگە باغلىدى. مەن قەلبىمدە كەزگەن تۇيغۇلارنى نازۇك تارلاردىن ئەكس ئەتكەن شوخ كۈيلىرىمگە مانا مۇنداق جور قىلدىم.

### 25. ئوگزە ئۈستى

تاشۋاي لەيلىگۈلگە تىكىلگىنىچە راۋابىغا زەخمەك ئورىدۇ «لەيلىگۈل» ئاھاڭى ياڭرايدۇ.

(ناخشا)

تاشۋاي: ئالما ساتقىلى چىقسام،
قىزىلىنى تاللايدۇ.

ئالەمدە كىشى يوقتەك — لەيلىگۈل،
كوڭلۇم سىزنى خالايدۇ.

بايان: كىم بىلسۇن مېنىڭ ناخشامغا ئۇلىشىپلا باغ تەرەپتىن ئۇنىڭمۇ جۇشقۇن ئاۋازى ياڭرىدى.

26 • ئومەر باينىڭ بېغى

لەيلىگۈل:

ئوگزەڭگە چىقىۋاپسەن،
يەر تۈۋىڭگە قاراپ.
ئالدىڭدىن تولا ئۆتتۈم - ئۆتتۈم،
بۇلبۇلۇك بولۇپ سايراپ.

27 • ئوگزە ئۈستى

تاشۋاي: ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ
جىمى ئالەمنى تەك كورسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ
لەۋلىرىڭنى كويدۇرسەم.

28 • ئومەر باينىڭ بېغى

لەيلىگۈل: ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ توغاچ،
ئۇستەك بويىدا بولغاچ.
ئارزۇمىزغا قانارمىز،
تام خوشنا يېقىن بولغاچ.

(ئاخىرقى ئىككى مىسرا بىرلىكتە ئېيتىلىدۇ)

قىز ناخشىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەرگە ئېڭىشىپ بىر بوپىنى ئالىدۇ - دە، تاشۋايغا قارىتىپ ئوگزىدىگە ئاتىدۇ.

### 29. تاشۋاينىڭ ھوجرىسى

تاشۋاي چىراق يورۇغىدا بوپىنى يېشىدۇ، ئۇنىڭدىن كەشتىلەنگەن يىپەك ياغلىق بىلەن تاشۋايغا ئاتاپ تىكىلگەن بىر قۇر كىيىم چىقىدۇ. تاشۋاي ھاياجانلانغان ھالدا ئۇلارنى باغرىغا باسىدۇ، كوز ئالدىدا لەيلىگۈلنىڭ كىچىگىدە ئۇنىڭغا پۇل تەڭلىگىنى غىل-پال سۇرەتلىنىپ ئوتىدۇ.

(ئەسلىمە تۈگەيدۇ)

### 30. ئۇزۇم بارىگى ئاستى

تاشۋاي سوزىنى ئاياقلاشتۇرۇپ باراتقا تىكىلىدۇ:
دەسلەپكى ئەھۋال مانا مۇشۇنداق ئاداش.

— ھە، — دەيدۇ بارات چوڭقۇر خىيالغا چوكۇپ، — كېيىنچۇ؟

تاشۋاي: بۇ توغرىلىق گەپ ئېچىشتىن بۇرۇن رىھىم ئاتامنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق سوزلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەن بىر كۈنى دۇكانغا كىرىپ ئۇن تاسقاي دىسەم، ئۇنىڭ ئانچە تايىنى يوق....

(ئەسلىمە)

### 31. ناۋايخانا ئىچى، كۈندۈز

ئەمبەلدە پۇكلىشىپ تۇرغان قۇرۇق تاغار كورۇنىدۇ. تاشۋاي تاغارغا كوز تاشلايدۇ-دە، تونۇر بېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قايىنام-تاشقىنلىق بازارغا خىيالچان تىكىلىپ تۇرغان رىھىم ناۋايغا قاراپ: ئاتا ئۇن تۈگەپ قالدىمۇ نىمە؟ — دەيدۇ.

رىھىم ناۋاي قانداقتۇر بىر ئىچكى ئەلەمدىن تۇرۇلۇپ تۇرغان سولغۇن چىرايى بىلەن تاشۋايغا قارايدۇ ۋە دۇدۇق-

لاپ تۇرۇپ: مەن شۇنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىمەن. ئۇنىي ئۇمەر باينىڭ دۇكىنىدىن قەرزگە ئېلىۋاتقىنىمىزغا ئۈچ ئاي ـ دىن ئاشتى. ئۈچ ئاي جەريانىدا بۇ قەرز ئۈچ قاتلىنىپ ئەسلىدىكىسىدىن 6 ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ھازىر بۇنى تو ـ لەشكە پۇتۇن دۇكىنىمىز بىلەن ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىمىزمۇ چىقىش قىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بېشىمنىڭ ئىچىمۇ قاتتى، تېشىمۇ قاتتى، ــ دەيدۇ.

تاشۋاينىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ: بۇنى ماڭا نى ـ مىشقا دېمەيلا؟

رېھىم ناۋاي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدۇ ۋە قاتتىق يۆتىـ لىپ كېتىدۇ. ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ: سېنى بىارام قىلغىچە ـ لىك دەرتىنى ئۆزەملا تارتقىنىم ياخشى، ــ دەيدۇ.

تاشۋاي: بولدى ئاتا، مەن بۇنىڭ ئامالىنى قىلىپ كۆرەي.

تاشۋاي سىرتقا چىقىشقا ھازىرلىنىدۇ، بوۋاي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئۇنىڭغا قارايدۇ.

رېھىم ناۋاي: نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟

تاشۋاي: نېمە قىلىشنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، ئاغىنىلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي.

## 32. بازار

تاشۋاي ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان قايناق بازاردىن ئۆتۈپ ئۇمەر باينىڭ ئۈن دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

## 33. ئۇمەر باينىڭ ئۈن دۇكىنى

ئۇمەر باي دۇكان خىزمەتچىسىگە دەپتەرلىرىنى ۋاراق ـ لىتىپ، سودا ـ سېتىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

— مانا بۇ رىھىم ناۋاينىڭ، — دەيدۇ خىزمەتچى دەپتەردىكى بىر بەتنى كۆرسىتىپ.

دۇكانغا يېقىنلىشىپ كەلگەن تاشۋاي رىھىم ناۋاينىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىپ خۇددى بازارنى تاماشا قىلىۋاتقان كىشى قىياپىتىدە تۇرۇپ، دۇكاننىڭ ئىچىگە قۇلاق سالىدۇ. دۇكاندىن ئۆمەر باي بىلەن خىزمەتچىسىنىڭ سۆھبىتى ئاڭلىنىدۇ.

ئۆمەر باي: ئۇ قايتا ئۇن ئېلىشقا كەلمىدىمۇ؟

خىزمەتچى: ياق، مەن ئۇنىڭغا قەرزنى سۈيلەپ كىشى ئەۋەتتىم.

ئۆمەر باي تېرىكىدۇ: ئەخمەق، دۇنيادىكى چوڭ بېلىق-لارنىڭ ھەممىسى كىچىك بېلىقلارنى يېيىش ئارقىلىقلا چوڭىيىپ بارىدۇ. ئۇنى يېيىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇركۈتۈۋەتمەسلىك كېرەك.

— بىراق، — دەيدۇ خىزمەتچى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇ-رۇپ، — ئۇنىڭ ھازىرغىچە قەرزگە ئالغان ئۇننىڭ قىممىتى دۇكىنى بىلەن ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى قورالىرى بىلەن قو-شۇپ ئېلىۋېلىشىمىزنىڭ ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ.

ئۆمەر باي: بۇ ھازىرلانغان شەرت ئۇنىڭ ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتالمايدۇ، مەن ئۇ-نىڭ پۈتۈن روزىغارىنى ئۇتكۇزۇۋېلىش بىلەن بىللە، شاگىرتى بىلەن ئۆزىنى بىر ئۆمۈر قۇلدەك ئىشلىتەلەيدىغان قىلىپ قەرزگە بوغۇشۇم كېرەك. چۈشەندىڭمۇ؟

خىزمەتچى: چۈشەندىم.

ئۆمەر باي: ئۇنداق بولسا، سەن ئۇنىڭغا ئۆز غەمخور-لۇغۇڭنى يەتكۈز. ئۇ ھەممىنى تۆلەپ بېرىمەن، دەپ ئاۋارە

بولمىسۇن، قانچىلىك تاپسا، شۇنچىلىك بەرسۇن، ئۇنىمۇ ئېلىپ تۇرسۇن.

خىزمەتچى باينىڭ پەمىگە قايىل بولۇپ كۈچۈكلىنىپ ھىجىيىدۇ.

ئومەر باينىڭ بۇ ھىلە ـ مىكىرلىك سوزى تاشۋاينىڭ يۈرىـگىگە نەشتەردەك سانچىلىدۇ. ئۇ غەزەپ ۋە ئەلەم ئىچىدە دۇكان ئالدىدىن غايىپ بولىدۇ.

### 34. ھامماللار بازىرى

تاشۋاي خىلمۇ ـ خىل نەرسىلەرنى يۈدۈپ توشۇۋاتقان ھامماللار بازىرىدا پەيدا بولۇپ، ئىسىل كىيىنىۋالغان كىشىلەرگە ئىش سوراپ ئىلتىجا قىلىدۇ. ئېغىر يۈكلەرنى كوتىرىدۇ.

### 35. تاشۋاينىڭ ھوجرىسى، كەچ

تاشۋاي چىراق يورۇغىدا رىھىم بوۋاينىڭ ئالدىـغا بىر مۇنچە پۇل ـ داچەننى توكىدۇ ـ دە، ھىرىپ كەتكەنلىگىدىن توشەككە ئوزىنى تاشلايدۇ، رىھىم بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى ئېغىتىدۇ.

### 36. ھامماللار بازىرى

تاشۋاي يۈك توشۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

### 37. تاشۋاينىڭ ھوجرىسى، كەچ

رىھىم بوۋاي تاشۋاينىڭ داچەنلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ كوزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا تاشۋايغا قارايدۇ:

— بالام، تولا زورۇقۇپ كەتمە، سېنىڭ بۇ داچەنلىرىڭ بىزنىڭ قەرزىمىزگە ياماقمۇ بولالمايدۇ.

تاشۋاي: ئەمسە قانداق قىلىمىز؟
رېھىم بوۋاي: بېشىمىزغا كەلگەننى كوردۇق، بامىسىغا كەلسە، پۈتۈن روزىغارىمىزنى ئوتكۈزۈۋېتىپ گۆلەخكە بارارمىز.
تاشۋاي: بىز روزىغارىمىزنى بايغا ئوتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىنمۇ باي بىزنى ئومۇرلۇك قۇلدەك ئىشلىتىدۇ، بۇ، باينىڭ قارارى.
بوۋاي چوچۇپ كېتىدۇ: باينىڭ قارارى؟ بۇنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟

38. ئوگزە ئۈستى

يۇلتۇزلۇق كېچە، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي شەرق-تىن كوتىرىلىدۇ. تاشۋاي ئىككى قولىنى بېشىغا قويۇپ ئورۇن-كوپىسىگە يولەنگىنىچە ئاسمانغا تىكىلىپ خىيالغا چوكىدۇ.

ئۇشتۇمتۇت ئونىڭ يېنىغا بىر چالما چۈشىدۇ. تاشۋاي چوچۇپ ئەتراپقا قارايدۇ. باغدىن پىخىلداپ كۈلگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. تاشۋاي باغ ئىچىگە قارايدۇ. سۇ بويىدىكى توغاچ تۈۋىدە لەيلىگۈل كورۈنىدۇ.

(لەيلىگۈل مۇزىكىسى چېلىنىدۇ)

تاشۋاي ھاياجانلىنىپ: لەيلىگۈل، — دەپ پەس ئاۋازدا چاقىرىدۇ.

لەيلىگۈل ئۇنى قولى بىلەن شەرەتلەپ: بۇ ياققا چۈشۈڭا، — دەيدۇ.

تاشۋاي چەبدەسلىك بىلەن پەسكە سەكرەپ چۈشىدۇ.

39. توغاچ تۈۋىدە

تاشۋاي بىلەن لەيلىگۈل بىر بىرىنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا قىزغىن پاراڭلاشماقتا.

لەيلىگۈل: نەچچە كۈندىن بۇيان ئەجەپ كورۈنمەي كەتتىڭىزغۇ؟

تاشۋاي: دادىڭىزنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم.

لەيلىگۈل: نىمە؟ دادام...؟

تاشۋاي: دادىڭىز ئۇنىنى نىپسىگە بىرىش ئۇسۇلى بىلەن بىزنى بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇپ قويۇپتۇ.

لەيلىگۈلنىڭ كوزى غەزەپ ئوتى بىلەن چاقناپ كېتىدۇ:

تولىيەلىدىڭلارمۇ؟

تاشۋاي: ئۇنى تولەش تەس.

لەيلىگۈل: قانچىلىك پۇلكەن؟

تاشۋاي: ناۋايلىق دۇكىنى بىلەن ئىككى ئېغىزلىق ئويىمىزنى قوشۇپ بەرگەندىن كېيىنمۇ يەنە بوۋاي بىلەن ئىككىمىز بىر ئومۇر ئىشلىشىمىز كېرەك.

لەيلىگۈل: ياق، پۇلنى تولىۋېتىش كېرەك.

تاشۋاي: توت يۈز سەر پۇلنى نەدىن تاپىمىز؟!

لەيلىگۈل خىيالغا چوكىدۇ. ئۇنىڭ كوز ئالدىغا دادىسىنىڭ يوغان ساندۇغى كېلىدۇ: باي ئۇ ساندۇققا گۈل-قەقەلىرى ئېچىلغان هالدا داچەنلەرنى جاراڭلىتىپ توكىدۇ...

— توت يۈز سەر ئانچە جىق پۇل ئەمەس، — دېدۇ لەيلىگۈل پىچىرلاپ، — ئۇنى مەن تەييارلاپ بېرەي، بولامدۇ؟

تاشۋاي هاياجانلىنىپ لەيلىگۈلنىڭ قولىنى تۇتىدۇ:

— بۇ ئاسان ئىش ئەمەس لەيلىگۈل.

لەيلىگۈل بىردىنلا ئوزىنىڭ قولىدىكى قوش-قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەرگە كوزى چۈشىدۇ ۋە ئۈزۈكلەرنى قولىدىن بىر-بىرلەپ سۇغۇرۇپ، تاشۋايغا تەڭلەيدۇ: مانا بۇلار يېتەمدۇ؟

تاشۋاي: باھاسىنى بىلمەيمەن.

قىز قولغىدىكى ھالقىسىنى ۋە بويىنىدىكى مارجانلىرىنىمۇ چىقىرىپ تاشۋايغا بېرىدۇ. تاشۋاي ھاياجانلانغان ھالدا كوزلىرىگە ياش ئالىدۇ.

40. زىبۇ - زىننەتلەر دۇكىنى، سەھەر

تاشۋاي لەيلىگۇلنىڭ سوغىلىرىنى پۇلغا ئالماشتۇرىدۇ.

41. تاشۋاينىڭ ھوجرىسى

تاشۋاي پۇلنى رېھىم ناۋايغا بېرىدۇ.

42. رېھىم ناۋاينىڭ ھويلىسى

تاشۋاي ئۈزۈم بارىگى ئاستىدا راۋابىنى تىرىڭلىتىپ، «سۇلۇن» مۇزىكىسى ئۈستىدە باش قاتۇرماقتا، سىرتتىن چىرايى گۇلدەك ئېچىلغان رېھىم بوۋاي كىرىپ كېلىدۇ.

— ئوغلۇم! ئىشىك ئالدىغا بىر ھارۋىدا ئۇن ئەپكېلىپ قويدۇم، چۇشۇرۇۋالغىن.

تاشۋاي ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ: ئوھوي، ھىساۋات بوغۇلۇپ بوپتۇدە!...

(ئەسلىمە تۇگەيدۇ)

43. ئۈزۈم بارىگى ئاستى

بارات: لەيلىگۇل نىمە دېگەن ياخشى قىز - ھە؟ ئۇ، سىلەرنى دادىسىنىڭ تومۇر چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ.

تاشۋاي: شۇنداق، لەيلىگۇل ناھايىتى ياخشى قىز، لېكىن ئومەر باي ئۇنى ماڭا بېشىمنى تاشقا ئۇرساممۇ بەرمەيدۇ.

بارات: مېنىڭچە لەيلىگۇلمۇ سېنىڭدىن بولەك كىشىگە تەگمەيدۇ. بولدى، كوپ خىيال قىلما، ھەي...ئىچىك

پۇشۇپ قالدى - ھە؟ يۇر، بولمىسا كوچىنى بىرئاز ئايلە-نىپ كېلەيلى.

ئىككىسى ئورنىدىن تۇردۇ.

## 44. ھېيتكار ئالدىدىكى بازار

تاشۋاي بىلەن بارات ئۆز ئالدىدىكى يىمەكلىكلەرنى ماختاپ، بەس - بەس بىلەن توۋلىشۋاتقان تىجارەتچىلەر ئارىسىدىن ئوتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر تىلەمچى ئوغۇل پەيدا بولۇپ، كىچىككىنە ئالقانلىرىنى ئۇلارغا سوزىدۇ: ئالتۇن بويلىرىنىڭ سەدىقىسى ئاكىلار، خۇدايىم بالا - قازادىن ساقلىغاي.

تاشۋاي ئۇنىڭغا تەڭگە ئۇزىتىدۇ، بالا تەڭگىنى ئېلىپ دۇئاغا قول كوتىرىدۇ.

بارات بىلەن تاشۋاي يەنە ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇلارغا يەنە نۇرغۇن قوللار ئۇزىتىلماقتا.

— نېمە دېگەن كوپ تىلەمچى، — دەيدۇ تاشۋاي تى-لەمچىلەرگە قاراپ ئېچىنىپ.

— مانا بۇ تىلەمچىلەرنىڭ ھەممىسىگە سەدىقە بېرىش توغرا كەلسە، سۇلايمان پادىشانىڭ غەزنىسى بولسىمۇ توشماس، — دەيدۇ بارات.

ئىككىسى بىر بىرىگە قاراپ كۇلۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تونۇش بىر ئاۋاز ئۆزىگە تارتىدۇ.

— توۋا گۇنانى يەر، سەدىقە بالانى....

— مومىن ئاكا! — تاشۋاي باراتنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئاۋاز كىلگەن تەرەپكە تارتىدۇ.

تېخىمۇ قېرىپ مۇكچىيىپ قالغان مومىن ئاكا داق يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كىشلەردىن سەدىقە تىلىمەكتە

ئىدى.

تاشۋاي بىلەن بارات ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا باردۇ:

— مومىن ئاكا!

— مومىن ئاكا!

مومىن ئاكا ئۇلارنى كورۇپ چىرايىغا كۇلكە يۇگۇردىدۇ:

— بارمۇ سىلەر بالىلىرىم؟

تاشۋاي: بار ئاكا، ئىشىڭىز قانچە بولسا، يېغىرى شۇنچە دىگەندەك ھەرقايسىمىز ئوز تىرىكچىلىگىمىزنىڭ دەردى بىلەنلا بولۇپ كەتتۇق.

بارات: مەن ھازىر ھامماللىق قىلىۋاتىمەن، سەمەن تەرەپتە بىر ئاغىنەمنىڭ بىر ئېغىزلىق ئويىدە تۇرىمەن، سىلىنى ئاپىرىۋالاي دەپ كوپ ئىزلىدىم، تاپالمىدىم. نەلەردە يۇرۇۋاتىدىلا؟

مومىن ئاكا شېئىر بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدۇ:

قەلەندەر شاھىدۇرمەن ئالەم ماڭا ۋەيرانىدۇر،
پايتەختىم گۇلخانە، ئوردام قەلەندەرخانىدۇر.
ئۇچەيلەن قاقاقلىشىپ كۇلۇشىدۇ.

تاشۋاي: ئاڭلىشىمچە چىلتەنلىرىدە بىر مەزگىل تۇرغان ئوخشايدىلا؟

مومىن ئاكا: شۇنداق بالام، ئارزۇيۇمچە بولسىغۇ ئىمامىلىرىم تەرەپكىمۇ كەتكەن بولاتتىم، بىراق كوڭۇل ئوز يۇرتىنىلا تارتىدىكەن، ئاخىرى يېنىپ كەلدىم.

بارات: ياخشى قىپتىلا، ئەمدى مەن بىلەن تۇرسىلا، قوپسىلا، بىز تەرەپكە كېتەيلى.

مومىن ئاكا: رەھمەت بالام، مەن ئوز كۇنۇمنى ئوزەم ئالالايمەن، ئويلۇك - ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ

قالدى، كوپرەك تۇرمۇشۇڭنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ كويىدا بول.

تاشۋاي: سىلى باراتنىڭگە بارسىلا، مەنمۇ قاراپ تۇرمايمەن. قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەملىشىمەن، قويسىلا.

شۇ ئەسنادا يىراقتىن چاڭ كوتىرىلدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ تەرەپكە قارىشىدۇ. ھەش-پەش دىگىچە يامۇل ئەمەلدارى جۇمەش ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە توپقا يېقىنلاپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە بولسا، ئىگەرنىڭ قېشىغا چىگىلگەن ئۇزۇن ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىغا ئىككى قولى باغلانغان بىر دىخان ئات بىلەن تەڭ يۇگۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

جۇمەش توپقا يېقىنلىشىپ، سۇرئىتىنى ئاستىلىتىپ توۋلايدۇ ۋە ئەتراپتىكىلەرگە قامچا شىلتىيدۇ:

— قېچىش، ئولۇمتۇك چۇمۇلىلەر، بىكار ئېتىمنىڭ ئاستىدا قېلىپ، ئولۇشەن!

كىشىلەر ئۇنىڭ قامچىسىدىن ئوزىنى قاچۇرۇپ، چەتكە چىقىشقا ئىنتىلىسىمۇ، لېكىن ئەھۋالنى بىلىشكە قىزىققان ئارقىدىكى كىشىلەرنىڭ قىستىشى بىلەن ئاتنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالىدۇ.

جۇمەش ھوكىرەپ: قېچىش، دىدىم قېچىش! بولمىسا ھەممەڭنىڭ كاللىسىنى قامچام بىلەن تىتىۋېتىمەن، — دەيدۇ ۋە قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ ئېتىنى دىۋىتىدۇ. ئات كوپچىلىك ئارىسىدىن يول تاپالماي ئوز ئورنىدا تىپىرلاپ كىشىنىگەنچە ئاياقتا تىك تۇرىدۇ. جۇمەش يىقىلىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. كىشىلەر كۇلۇشۇپ كېتىدۇ. جۇمەش ئوغىسى قايناپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ.

شۇ چاغدا چىرايلىق كىيىنگەن سېمىز بىر كىشى

جامائەتكە قاراپ توۋلايدۇ. بۇ ئومەر باي ئىدى.

ئومەر باي: سىلەر نىمىشقا ھوكۇمەت كىشىسىنىڭ يولىغا كاشىلا بولىسىلەر، ئوتۇڭلار بۇياققا!

جۇمەش ئومەر باينى كورىدۇ-دە، يۇزىدە تەبەسسۇم پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا بېشىنى ئېگىپ سالام ئىشارىسى قىلىدۇ.

— جۇمەش ئۇكام، — دەيدۇ ئومەر باي خوشامەتكۇيلۇق بىلەن ھىجايغانچە ھىلىقى ئادەمنى ئىما قىلىپ، — رىزىقى توشقان بىر تەلۋە قولىڭىزغا چۇشۇپتۇ-دە.

— شۇنداق، — دەيدۇ جۇمەش غادىيىپ، — ئۇ ئالۋاڭ-سېلىقلارنى تولىمەسلىكتىن تاشقىرى مەن بىلەن تەگىشىپ جامائەتنى ئىسيان كوتىرىشكە قۇتراتتى.

— خانىنىڭ بۇيرۇغى ۋاجىپ، — دەيدۇ ئومەر باي، — بۇنىڭغا ئۇ قارشىلىق قىلغان ئىكەن، ئەلۋەتتە تېگىشلىك جازاسىنى تارتىشى كېرەك.

— كوپچىلىك! — دەپ توۋلايدۇ ئاتقا سورىتىلگەن كىشى دادىنى ئېيتىپ، — بىز ھەممىمىز يامۇل بەگلىرىنىڭ ئاچسا ئالقىنىدىكى، يۇمسا سىقىمىدىكى كىشىلەر، بىزنىڭ ئەمىر-پەرمانلارنى ئىجرا قىلماسلىققا ئامالىمىز يوق، بىراق قازاندا بارى چومۇشكە چىقىدۇ، بىر كۇنى بىرسى ئوت-سامان، دەپ كەلسە، بىر كۇنى بىرسى ئۇن-كېپەك، دەپ كېلىدۇ، ھەتتا قوي، توخۇ، تۇخۇممۇ دەپ كېلىدۇ... "بولمىغۇرنى بولدۇرالمىدىم، خۇرجۇن-قاپىغىنى تولدۇرالمىدىم" دىگەندەك ئۆزىمىزنىڭ كىگىز-كېچەك، ئوي-جايىمىزنى سېتىپمۇ بۇ ئالۋاڭ-ياساقنى توگىتەلمىدۇق. ئەمدى بىزنىڭ قۇرۇق سوڭەك تېنىمىز بىلەن تۇمشۇغىمىزغا كېلىپ قالغان جېنىمىز

قالدى، ئالسۇن بۇنى، جېنىمىزنى ئالسۇن! — غەزەپلەنگەن دىخان چىڭ تۈگۈلگەن ئىككى مۇشتىنى كوكسىگە ئۇردى.

جۇمەش دىخانغا توۋلايدۇ: ئۇنىڭنى ئۇچەر!

دىخان: مېنىڭ قورقىدىغان يېرىم قالمىدى، يامىنىغا كەلسە، جانغا كېلەر.

ئومەر باي: قېنى جۇمەش باي، بۇنى ۋاقتىدا ئېلىپ ماڭسىلا، ئۇ گۇندىخانىنىڭ تۆت تېمى بىلەن سوزلەشسۇن.

— پوش! پوش! — جۇمەش تېپىرلاپ تۇرغان ئېتىغا قامچا ئۇردى، ئات يۇلقۇنۇپ، قولى ئاغامچا بىلەن باغلانغان دىخاننى يىقىتىپ سورەپ ئېلىپ ماڭدى، كىشىلەر ئارىسىدا سەراسىمە كوتىرىلدى، مومىن ئاكا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاتنىڭ تىزگىنىگە ئېسىلدى، ئات تېپىرلاپ توختايدۇ.

جۇمەش غەزەپ بىلەن: ئۇلگۈڭ كېلىۋاتامدۇ خۇمپەر! قويۇپ بەر تىزگىنىنى!

مومىن ئاكا غەزەپتىن تىترەپ: شۇنداقمۇ زالىملىق بولامدۇ؟ باج - سېلىقلىرىڭنى تولەش بىلەن قۇرۇق قاخشال بولۇپ قالغان كىشىنى ئاچىز بالا - چاقىلىرىدىن ئايرىپ تۈرمىگە ئېلىپ كېتىپ بارغىنىڭ ئازدەك، ئەمدى ئۇنى ئېتىڭغا سورىتىپ جېنىدىنمۇ ئايرىماقچى بولۇۋاتامسەن؟ ۋوي خۇمپەر!

جۇمەش غەزەپتىن بويۇن تومۇرلىرى كوپۇپ، بىر مومىن ئاكىغا، بىر توپىغا مىلىنىپ ياتقان دىخانغا قارىغانچە تۇرۇپ قالىدۇ، ئەتراپتىن كىشىلەرنىڭ نارازىلىقى ياڭرايدۇ.

تاشۋاي: مومىن ئاكىنىڭ دىگىنى توغرا، كىشىنى شۇنچىمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟!

بارات: ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىپتۇ، نان بەرگەنگە

پەشۋا، دىگەن شۇدە!

مومىن ئاكا ئاتىنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇتقانچە كوپ-چىلىككە قاراپ: جامائەت! بۇ خۇمپەرنى ئاشۇ دىخاننى قويۇ-ۋەتمىگىچە قويۇپ بەرمەيلى، چىڭ تۇرۇڭلار!

كوپچىلىك: شۇنداق قىلايلى، دىخاننى قويۇپ بەر!

جۇمەش مومىن ئاكىغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ: نىمە تىلىڭنى چاينايسەن، ئىسيان كوتەرمەكچى بولۇۋاتامسەن، مىنىڭ تىلىڭنى ئۇپكەڭ بىلەن قوشۇپ سۇغۇرۇۋالىدىغان ئادەم ئىكەن-لىگىمنى بىلمەمسەن؟ بوشات يولنى!

مومىن ئاكا: نوچى بولساڭ مىنى دەسسىتىپ ئوتۇپ كەت.

جۇمەش بىردىن ۋەھشىلىشىپ ئىتىغا قامچا ئۇرىدۇ؛
— سىنىڭ جىنىڭ ئۇنچىۋالا قەدىرلىك نەرسە ئەمەس!

ئات يۇلقۇنۇپلا ئوزىنى بىرچەتكە ئاتىدۇ "ۋاي" دىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ قى-چۇ كوتىرىلىدۇ، جۇمەش دىخاننى سورىگەنچە توپنى يىرىپ چىقىپ كىتىدۇ. كىشىلەر ئارقىسىدىن غەزەپ بىلەن ۋاقىرىشىپ قالىدۇ. بارات بىلەن تاشۋاي قانغا مىلىنىپ ئوڭدا ياتقان مومىن ئاكىنىڭ يىنىغا يۈگۈرۈپ كىلىپ بىشىنى قۇچىغىغا ئالىدۇ.

تاشۋاي: مومىن ئاكا!
بارات: مومىن ئاكا!

مومىن ئاكا بىرنەرسە دىمەكچى بولغاندەك لەۋلىرىنى مىدىرلىتىدۇ، لىكىن بىردىنلا بوشىشىپ، بىشى بىر يانغا ئاغىدۇ. تاشۋاي بىلەن بارات مومىن ئاكىنىڭ جەسىدىگە ئوزىنى تاشلاپ يىغلىشىدۇ.

(مۇزىكا كوتىرىلىدۇ)

تاشۋاي راۋابىنى قۇچاقلىغان ھالدا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ، خىيال سۈرىدۇ.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن:

يالاڭغىداق يۈرۈپ چايخانىدا يۈندا تىوكۈپ يۈرگەن چاغلىرى ....

گۇلەختە كۇلگە كومۇلۇپ يېتىپ، بارات بىلەن مومىن ئاكىغا: بۇ يەر ھەقىقەتەن ياخشى يەر ئىكەن، بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، چايچى خوتۇننىڭ ئوچىقىدا ئوت قالاپ جان قىيناپ يۈرمەسكەنمەن دېيىشلىرى ....

جۇمەشنىڭ گۇلەختە مومىن ئاكىغا دىۋەيلەپ: سەن قېرى گەپتان ئىكەنسەنغۇ، ئېيتە ”زارە خەتمە ئاش بولدى“، دىگەن ھىلىقى ناخشاڭدا كىملەرنى تىللاۋا تىسەن ... ئېيتە ... چاپسان سوزلە، دەپ دىۋەيلەشلىرى ....

ئۆمەر باينىڭ خىزمەتچىسىگە: مەن ئۇنىڭ پۈتۈن روزىغارىنى ئوتكۈزۈۋېلىش بىلەن بىللە ئىككىسىنى بىر ئۆمۈر قۇلدەك ئىشلىتەلەيدىغان قىلىپ قەرزگە بوغۇشۇم كېرەك، چۈشەندىڭمۇ؟! دەپ توۋلاشلىرى ....

جۇمەشنىڭ سىلىق تولىيەلمىگەن دىخاننى ئاتقا سوردىتىپ ئېلىپ كېلىشى ....

بىچارە دىخاننىڭ داتلىنىشى ....

جۇمەشنىڭ ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ توپنى يېرىپ ئوتۇشى، مومىن ئاكىنىڭ ئاتنىڭ ئاياق ئاستىدا قىلىپ قانغا مىلىنىپ يېتىشى، ...

تاشۋاي ئېغىر خۇرسىنىپ راۋاپنىڭ تارلىرىغا زەخمەك ئۇرىدۇ. بارماقلىرى پەدىلەر ئۇستىدە ئوينايدۇ ..... راۋاپتىن

چىققان سادا بىلەن بىردىنلا ئۇنىڭ كوزلىرى نۇرلىنىپ كېتىدۇ، چۇنكى ئۇنىڭ راۋابىدىن ئاجايىپ يالقۇنلۇق بىر مۇزىكىنىڭ دەسلەپكى بەخلىرى تۇغۇلغان ئىدى. ئۇ چەكسىز ھاياجانغا چۇمۇلگەن ھالدا قانلىرى قايناپ، زەخمەكنى ئۇزلۇكسىز ئۇ-رىدۇ. پەدىلەر ئۇزلۇكسىز بېسىلىدۇ... تاڭ سۇزۇلۇپ شەرق تەرەپتىن سۇبھى قۇچاق يايىدۇ، زەخمەك ئۇز-لۇكسىز ئۇرۇلىدۇ... مەشھۇر «تاشۋاي» مۇزىكىسى بارلىققا كېلىدۇ.

تاشۋاي مۇزىكىسى ئۇزلۇكسىز ياڭرايدۇ. مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئىكراندا تۆۋەندىكى كورۇنۇشلەر ھاسىل بولىدۇ.

46. تۇمەن بويى

ياش راۋاپچىلار دەريا بويى ۋە تاللىقلاردا «تاشۋاي» نى ياڭراتماقتا.

47. ھەزرەت سەيلىسى

بىر توپ ياش شەرۋەت كولى بويىدا «تاشۋاي» نى ياڭ-راتماقتا، كىشىلەر ئولىشىپ زوق بىلەن ئاڭلىماقتا.

48. بىپايان يېزا

يېزىنىڭ پاخال بېسىلغان بىر ئوگزىسىدە ئەمدىلا 9—10 ياشلارغا كىرگەن بالا «تاشۋاي» نى چالماقتا.

49. توي

تويلۇق كىيىملىرىنى كىيىشكەن جامائەت، ئالدىغا تىزىلغان ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى ئۇنتۇغان ھالدا تاشۋاي چېلىۋاتقان «تاشۋاي» نى ئاڭلىماقتا.

50. ئوگزە ئۇستى، ئايدىڭ كېچە

لەيلىگۇل تاشۋايغا يولىنىپ ئولتۇرۇپ «تاشۋاي» نى ئاڭلىماقتا.

51. ناۋايخانا، كۇندۇز

رىھىم ناۋاي تاشۋاي چالغان «تاشۋاي» نى ئاڭلاپ، ھىسسىياتىنى باسالماي، بۇقۇلداپ يىغلىماقتا.

(مۇزىكا تۇگەيدۇ)

52. ئومەر باينىڭ مېھمانخانىسى

نەچچە قەۋەت كوپىنىڭ ئۇستىدە كېرىلىپ ئولتۇرغان جۇمەش سوزلىمەكتە:

— ئالەمنىڭ ھەممە يېرىنى «تاشۋاي» دىگەن بىر ساز قاپلاپ كەتتى، ئاڭلىسام ئۇنى پەيدا قىلغان كىشى سىلەرنىڭ خوشنىمىش، ئۇنى "ناۋاي" دىگەنىدەك قىلامدۇ نىمە؟ خەۋەرلىرى بارمىكىن؟

ئومەر باينىڭ خوشامەتكوي چىرايى كورۇنىدۇ:

— بىر زامانلاردا ئۇ گۇلەختە كۇلگە كومۇلۇپ، ھېيتكا ئالدىدا نان تىلەپ يۇرىيدىغان بىر يېتىمچى ئىدى، خۇدانىڭ ئۇلتىپاتى بىلەن رىھىم دىگەن ناۋاينىڭ ئويىگە كېلىپ قېلىپ شۇ ئىشلارنى قىلىپ يۇرۇپتۇ، مەن ئۇنى ھازىرغىچىلىك تۇزۇك كورۇپ باقمىدىم. ئەگەر سىلىگە كورۇشۇش زورۇر بولسا، ھازىرلا ئەپكەلتۇرۇپ بېرىمەن.

— رەھمەت، — جۇمەش ئومەر بايغا ئېگىلىدۇ، — مەن يولدىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، مۇنداقلا كىرگەن ئىدىم. ئۇ بالىنىڭ راۋابىنى ئاڭلاپ بېقىش خىيالىمۇ يوق ئەمەس، خۇدا نېسىپ قىلسا ئايىردىم ۋاقىت چىقىرارمەن، خەيىر.

## 53. ئۆمەر باينىڭ ھويلىسى

جۇمەش بىلەن ئۆمەر باي كۈلۈشكەنچە ھويلىغا چىقى-
دۇ- دە، پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان لەيلىگۈل بىلەن دوقۇرۇ-
شۇپ قالىدۇ. جۇمەش ئۇنىڭغا بىر نەزەر تاشلاش بىلەنلا
بىر پەس قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ. لەيلىگۈل ئوڭايسىزلانغان
ھالدا ياغلىقى بىلەن يۈزىنى يېرىم توساپ، يانغا بۇرۇلىدۇ-
دە، ئۆز ھوجرىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۆمەر باي بۇ ئىشنى
كۆرۈپ كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ ۋە مەغرۇرلانغان قىياپەتتە:

— بۇ مېنىڭ قىزىم، — دەيدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم، — دەيدۇ جۇمەش ھىلىگەر-
لىك بىلەن ھىجىيىپ، — كۆز تەگمىسۇن، ناھايىتى پاكىز
چوڭ بوپتۇ.

ئۆمەر باي خۇشامەتكويلۇق بىلەن كۈلىدۇ، جۇمەشمۇ
قاقاقلاپ كۈلىدۇ.

— خوش ئەمىسە، — دەيدۇ جۇمەش قىز كىرىپ كەتكەن
ھوجرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — ئايرىم بىر كېلەرمەن. ئاشۇ
تاشۋاي دېگەننى ھازىر قىلىپ قويارلا.

ئۆمەر باي: بېشىم بىلەن، بىراق ۋاقتىنى ئېنىق ئېيتقان
بولسىلا، تاسادىپلىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنى تاپالماي قالمايلى.

جۇمەش: ئۆگۈنلۈككە كەچتە.

ئۆمەر باي: ئوبدان.

## 54. ئۆمەر باينىڭ ھوجرا ئۆيى

ئۆمەر باي خۇشال ھالدا ئايالى زۆھرەخان ئولتۇرغان
ئۆيگە كىرىدۇ.

زۇمۇرەخان ئېرىگە لاپ ئېتىپ قاراپ: نېمانچە گۈلقە-قەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، — دەيدۇ.

— ۋاي خوتۇن، — دەيدۇ ئۇمەر باي ھىجابىغانچە، — بەخت بىزنىڭ دەرۋازىمىزنى قاقماقچى بولۇۋاتىدۇ.

زۇمۇرەخان: نېمە بەخت ئۇ؟

ئۇمەر باي: قىزىمىزغا جۇمەباينىڭ نەزىرى چۈشۈپ قالدى.

زۇمۇرەخاننىڭ يۈزى بىردىن تۇتۇلىدۇ: ئاشۇ خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ يۈرىدىغان لۈكچەك قىمارۋازمۇ؟ ئۇنداق-لارغا چۈشۈپ قالغان قىزىم يوق.

ئۇمەر باي يالۋۇرۇپ: خوتۇن، سەن ئەر خەقلەرنى نېمە بىلىسەن؟ قىزىڭنىڭ بەختىنى كوزلىسەڭ، بۇنداق ئىش-لارنى ماڭا قويۇپ بەر، مەن ئىشنى كوڭلۇمدىكىدەك جوندى-سەم بولمامدۇ؟

زۇمۇرەخان: جوندەيدىغان نېمە ئىشكەن بۇ، قىزىم ئۇنىڭ تەڭتۇشى ئەمەس.

ئۇمەر باي: بالا بالاغەتكە يەتسىلا، ياش چېقىشتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىمۇ توپ-توغرا 15 ياش پەرق بارغۇ، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

زۇمۇرەخان: مەن جۇمەش توغرىلىق سوزلەۋاتىمەن. نامى پۈتۈن قەشقەردە پۇر بولۇپ كەتكەن ئەسكى ئۇ.

ئۇمەر باي: ئەستاغپۇرۇللاھ، نېمانداق كاجلىق قىلىدىغان-سەن؟!

زۇمۇرەخان: ئاخىرىغىچە كاجلىق قىلىمەن.

ئۇمەر باي تەرىنى تۈرۈپ:

— مەن قارار قىلىدىكەنمەن، سېنىڭ نېمە ھەددىڭ؟! ئانچىكىم بولسا ۋار- ۋار قىلىدۇ تېخى.

ئۇمەر باي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئىشىكنى جاڭگىدە يېپىپ چىقىپ كېتىدۇ. زۇمۇرەخان يېپىلغان ئىشىك خۇددى يۈرىگىگە كېلىپ تەگكەندەك قاتتىق چوچۇيدۇ-دە، قولىنى كوكسىگە ئاپىرىدۇ.

## 55. لەيلىگۇلنىڭ ھوجرىسى، كېچە

لەيلىگۇل توشىگىدە ئىلاندەك تولغىنىپ ھېچ ئۇخلىيالمايدۇ.

ئۇنىڭ كوز ئالدىدا تاشۋاينىڭ كۇلۇمسىرەپ تۇرغان سىياقى گەۋدىلىنىدۇ: ئۇ راۋابىنى چالماقتا، «لەيلىگۇل» ناخشىسى ياڭرىماقتا. قىز ئۇزىنى باغدا كورىدۇ. تاشۋايغا جور بولۇپ ئۇمۇ ناخشا ئېيتماقتا.

لەيلىگۇلنىڭ يۇزىنى بەخت كۇلكىسى قاپلايدۇ، ئۇ كۇلۇمسىرىگىنىچە كوزلىرىنى يۇمىدۇ. تاشۋاينىڭ راۋابى ياڭرايدۇ، («سۇلۇن» پەدىسى چېلىنىدۇ).

لەيلىگۇل راۋاپ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كوزلىرىنى ئاچىدۇ، يۇزلىرى نۇرلىنىپ بېشىنى كوتىرىدۇ.

— تاشۋاي! ئۇ مېنى چاقىرماقتا...

لەيلىگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ باغ تەرەپكە ماڭىدۇ.

## 56. رىھىم ناۋاينىڭ ئوگزىسى

تاشۋاي تولۇن ئايغا تىكىلگەنچە «سۇلۇن» پەدىسىنى زوق بىلەن چالماقتا.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يېنىغا بىر چالما كېلىپ چۇشىدۇ، تاشۋاينىڭ قوللىرى پەدە بېسىشتىن توختاپ ئۇمىتلىك كوز-

لىرى ئۇمەر باينىڭ بېغىغا تىكىلىدۇ.

57. ئۇمەر باينىڭ بېغى

لەيلىگۇل پىخىلداپ كۈلگىنىچە دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقىپ، ئوگزىدىكى تاشۋايغا تەبەسسۇم بىلەن قارايدۇ ۋە ئۇنى باققا چۈشۈشكە ئىشارە قىلىدۇ.

58. ئۇمەر باينىڭ مېھمانخانا ئۆيى

زۇمۇرەخان قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇمەر بايغا تۆۋلىماقتا: سىلە ئەزەلدىن شۈكرى قىلمايدىغان ئادەم، بىرنى ئىككى، ئىككىنى تۆت قىلىمەن، دەپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ بېلىنى سۇندۇردىلا، ھەتتا ئاران كۈن ئىلۋاتقان رېھىم ناۋايىنىڭمۇ ئۆيلىرىنى تارتىۋېلىشقا ئاز قالدىلا، بۈگۈن يەنە شۇ نەپسى بالانىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆز قىزىمىزنىڭ بەختىنىمۇ ئولتۇرماقچى بولۇۋاتىدىلا، مەن قىزىمنى ئېلىپ نەگە كەتسەم كەتتىم.

زۇمۇرەخان ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئۇمەر باي ئۇنىڭ ئالدىنى توسايدۇ. زۇمۇرەخان ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كېتىدۇ.

59. ئۇمەر باينىڭ بېغى

تاشۋاي راۋاپ چالماقتا، لەيلىگۇل ئۇسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتماقتا:

لەيلىگۇل: مۇھەببەت باغىدا قەددىم،
شامال سويگەن قىزىل غۇنچە.
چاقىلداپ ئاشىقى بۇلبۇل،
مېنى مەپتۇن قىلار شۇنچە.

تاشۋاي: مۇھەببەت باغىدا جانان،
بويۇڭ سەرۋە، ئۆزەڭ بىر گۈل.
يۈرەككە ياقمىساڭ گەر ئوت،
بولارمۇ ئاشىقى بۇلبۇل.

لەيلىگۈل: غەزەلخان بولمىسا بۇلبۇل،
كىرەرمۇ جىلۋىگە ھەر گۈل.
ئاشارمۇ قىممىتى گۈلنىڭ،
قونماي بەرگىگە بۇلبۇل؟

60. ئۆمەر باينىڭ مېھمانخانىسى

ئۆمەر باي ئەمدىلا ئۆزىنى تۆشەككە تاشلىشىغا ئۇكسۇلى ئۆچكەن زۇمۇرەخان كىرىپ كېلىدۇ:
— لەيلىگۈل يوق.
— ھە؟! — ئۆمەر باي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرىدۇ.

61. پېشايۋان

ئۆمەر باي لامپا كوتەرگەن، زۇمۇرەخان ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەن ھالدا پېشايۋاندىن ئالدىراپ ئۆتۈپ لەيلىگۈلنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئىشىگىنى ئاچىدۇ.

62. لەيلىگۈلنىڭ ھوجرىسى

لامپا كوتەرگەن ئۆمەر باي بىلەن زۇمۇرەخان لەيلىگۈلنىڭ تۆشىگىگە يېقىنلىشىدۇ، يوتقىنى بىر تەرەپكە قايرىلغان ئادەمسىز تۆشەك كوزگە چېلىقىدۇ. ئۆمەر باينىڭ كوزلىرى پاقىراپ، بۇرۇنلىرى مىدىراپ، پېشانىسىدىن تەرتامچىلايدۇ.

63. ھويلا

ئۆمەر باي بىلەن زۇمۇرەخان ھويلىغا چىقىدۇ. باغ

تەرەپتىن لەيلىگۈلنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى ئاڭلىنىدۇ، ئۆمەر باي بىلەن زۇمۇرەخان سوئال نەزىرى بىلەن بىر - بىرىگە قارىشىدۇ، كۈلكە يەنە تەكرارلىنىدۇ. ئۆمەر باي بىلەن زۇمۇرەخان ھەيرانلىق بىلەن باغ تەرەپكە ماڭىدۇ، دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ كوزىگە ئىككى گەۋدە كورۇنىدۇ. ئۆمەر باي بىلەن زۇمۇرەخان ئىككى گەۋدىگە يېقىنلىشىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرىشىپ ئولتۇرغان تاشۋاي بىلەن لەيلىگۈلنى كورۇپ چوچۇپ كېتىشىدۇ، شۇ ئەسنادا لەيلىگۈلنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى يەنە تەكرارلىنىدۇ. ئۆمەر باي غەزەپتىن تىترەپ كېتىدۇ - دە، لامپىنى زۇمۇرەخانغا بېرىپ قويۇپ قويغا ئېلىنغان قاپلاندەك ئۇلارغا تاشلىنىدۇ. ئىككى ياش چوچۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئۆمەر باي ئېتىلغىنىچە تاشۋاينىڭ ياقىسىغا ئىككى قوللاپ ئېسىلىپ كاچاتلايدۇ:

— ۋۇ كىشىنىڭ رىسقىغا ئولتۇرغان تۇز كور مۇناپىق، ۋۇ ئاشقا چۈشكەن ئىپلاس چىۋىن!

لەيلىگۈل چىداپ تۇرالماي ئاتىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىدۇ:

— بۇنى ئۇرۇشقا بولمايدۇ، مېنى ئۇرۇڭ، مېنى ئۇرۇڭ.

ئۆمەر باينىڭ قوللىرى تىترىگىنىچە تاشۋاينىڭ ياقىسىدىن بوشاپ غەزەپلىك كوزلىرى قىزىغا تىكىلىدۇ.

ئۆمەر باي دۇدۇقلاپ: سەن ... سەن، — دېگىنىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى لاغىلداپ تىترەپ قىزىغا ئېتىلىدۇ، ئايالى ئۇنىڭ ئالدىنى توسايدۇ.

زۇمۇرەخان يالۋۇرۇپ: يىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سېلىشقا بولمايدۇ، ئويگە كىرىپ سوزلىشەيلى.

ئومەر باي ئاچچىغىنى باسالماي قىزغا دىۋەيلەيدۇ:
— ۋۇ كوڭلى پەس ئەقىلسىز، ئوز ئىتىۋارىڭنى بىلمەي نىمە قىلىپ يۇرسەن؟ مەن سىنىڭ پۇت - قولۇڭنى چىقىۋىتىپ، ياتقۇزۇپ باقىمەن!

ئومەر باي قىزنى ئۇرۇش ئۇچۇن ئەتراپنى تىمىسقىلاپ بىرنەرسە ئىزلەيدۇ، ئانا چوچۇگەن هالدا قىزنى ئارقىسغا ئوتكۇزۇۋالىدۇ، تاشۋاي تاقەت قىلىپ تۇرالماي گەپكە ئارد - لىشىدۇ:

— باي ئاكا، بىگۇنا بالىنى بىهودە ئازاپلىمىسلا.

ئومەر باي تاشۋايغا بۇرۇلۇپ: نارسىدە بالىنىڭ بىشى - نى ئايلاندۇرۇشقا نىمە هەققىڭ بار. يوقال كوزۇمدىن. (لەيـ - لىگۇلگە قاراپ) ماڭ سەنمۇ، نىمە بىزىرىپ تۇرسەن؟!

لەيلىگۇل هوجرىسىغا ماڭىدۇ، تاشۋاي هويلىسىغا چۇ - شۇش ئۇچۇن تامغا ئارتىلىدۇ. ئومەر باي لەيلىگۇلنى هوجرى - سىغا كىرگۇزىۋىتىپ ئىشىگىگە قۇلۇپ سالىدۇ.

ئومەر باي: سەن ئەقىلسىزنىڭ كۇنى ئەمدى مۇشۇنداق ئوتىدۇ، — دەيدۇ - دە، تاشۋاي تەرەپكە قاراپ، — سەن بىلەن تىخى سوزلىشىمەن، ۋۇ يىتىم ئوغلاق، تۇفى!

ئومەر باي ئەسەبىلەشكەن هالدا ئىشىك ئالدىدا لام - پا تۇتۇپ قىتىپ تۇرۇپ قالغان ئايالىغا ۋاقىرايدۇ:
— كىر، سەنمۇ!

٤ 6. رىهىم ناۋاينىڭ قوراسى

تاشۋاي ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدا بىشىنى چاڭگاللاپ بىر هازا ئولتۇرىدۇ - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان - بۇيان ماڭىدۇ ۋە ئومەر باينىڭ قوراسى تەرەپكە تىكىلگىنىچە خىيالغا چوكىدۇ.

## 65. ناۋايخانا، تاڭ يورۇغان چاغ

نان راسلاۋاتقان رېھىم ناۋاي زوگۇل قىلىۋاتقان تاشۋايغا نەسىھەت قىلماقتا:

— ئوغلۇم سەن مېنى بىلمەيدىكەن دېمىگىن، مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئاتىنىڭ تىزگىنىنى ئارقىغا بۇرىغىنىڭ ياخشىمىكىن.

تاشۋاي ئۇقمىغانغا سالىدۇ: گېپىڭىزنى چۈشەنمەيۋاتىمەن ئاتا.

رېھىم ناۋاي بىر ئاز قىزىشىپ: خۇپسەنلىك قىلما، ئاخشامقى نىمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ؟

تاشۋاي ئوڭايسىزلىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالىدۇ، رېھىم ناۋاي گېپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

— ئۇ سېنى رام قىلىۋالدى، ئەمما ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئاخشاملا كورۇلدى، شۇڭا مەن ساڭا ئىشنى مۇشۇ يەردە توختىتىشىڭنى نەسىھەت قىلىمەن.

تاشۋاي ئۈندىمەي جىم تۇرىدۇ.

رېھىم ناۋاي يوتىلىپ تۇرۇپ: مەن سېنىڭ ئاتاڭ، مېنىڭ ئومۇرۇم ئانچە ئۇزاققا بارمايدۇ. ئېغىر زىق بارغانسېرى نەپسىمنى قىسىپ، يۈرەكنىڭ ئېغىشىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ.

تاشۋاي: ئاتا كوڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن.

رېھىم ناۋاي: لېكىن مەن سېنى كوزۇمنىڭ ئوچۇغىدا جەزمەن ئويلۇك - ئوچاقلىق قىلىمەن.

تاشۋاي: ئاتا مەن سىلىنى تەڭلىكتە قويۇشنى خالىمايمەن.

رېھىم ناۋاي: سەن ياخشى بالا، شۇنىڭ بىلەن بىللە

قولۇڭدىمۇ ئىش كېلىدۇ، سېنىڭ پەدىلىرىڭ يىستىملارنىڭ قەلبىنى سوزلىمەكتە، خەلقنىڭ قەلبى ساڭا تەشنا، سەن خەلقنىڭ كوڭلىنى چۈشەن.

تاشۋاي: خوش ئاتا.

رېھىم ناۋاي: سېنىڭ بەڭۋاش كوڭلۇڭنىڭ كەيىنىگە كىرىپ، خەلقنىڭ بۇ ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئاقلىيالماسلىقىڭ هەەمە خەقنى ئېچىندۇرىدۇ. ئوھو - ئوھو. (قاتتىق يوتىلىدۇ)

تاشۋاي دەرھال كېلىپ بوۋاينىڭ دۈمبىسىگە يەڭگىل مۇشتىلايدۇ.

تاشۋاي: ئازراق چاي قۇيۇپ بېرەيمۇ ئاتا؟

رېھىم ناۋاي يوتەلدىن توختاپ: بولدى، ئاۋارە بولما.

رېھىم ناۋاي تونۇرغا تۈز سېپىشكە باشلايدۇ، تاشۋاي خالتىلارنى قېقىشتۇرۇپ، رېھىم ناۋاينىڭ نان يېقىشىغا ياردەملىشىدۇ، دەل شۇ چاغدا ئىشىك تاراققىدە ئېچىلىپ قەھرى-غەزەپكە كەلگەن ئومەر باي كىرىپ كېلىدۇ.

ئومەر باي: هەي ئېپلاس يېتىم ئوغلاق، مېنىڭ شەنىمگە داغ چۈشۈرۈشكە قانداق پېتىنۋاتىسەن؟!

تاشۋاي ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە جاۋاپ بەرمەيدۇ.

ئومەر باي: تېخى ئالىيىسەنغۇ! سېنى هوكۇرەتكەن ئاشۇ راۋاپقۇ. مەن ئۇنى پاچاق - پاچاق قىلىۋەتمەيدىغان بولسام ....

ئومەر باي ئاسقىدىكى نەقىشلىك راۋاپقا ئېتىلىدۇ، تاشۋاي ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالىدۇ. رېھىم ناۋايمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسايدۇ.

رېھىم ناۋاي: غوجام پەيلىڭىزدىن يانسىلا، نىمە قىلسىلا قىلسىلا، راۋاپ ساق قالسۇن، تاشۋاي ئۈچۈن مەن ناماقۇل.

ئۆمەر باي: سەن ئىپلاس قىزىڭمۇ بارمۇ؟ ئېيتە، تاشۋاي ئۈچۈن سەن قانداق ناماقۇل بولسەن!

رېھىم ناۋاي: مەن ئۇنىڭغا كېيىمنى يېگۈزەلەيمەن غوجام، بىر نوۋەت ئەيۇ قىلسىلا، بۇ ئىش ئىككىنچى تەكرارلانمىسۇن.

ئۆمەر باي: ئەگەر تەكرارلىنىپ قالسىچۇ؟

رېھىم ناۋاي: ئۇ چاغدا نىمە قىلسىلا ئىختىيار ئۆزلىرىدە.

ئۆمەر باي: ئىككىنچى تەكرارلىنىپ قالسا، ئۆيلىرىڭگە ئوت قويۇپ، ئىككىڭنى زىندانغا سالدۇرىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

رېھىم ناۋاي: خوش غوجام.

ئۆمەر باي تاشۋايغا قاراپ: ئۇقتۇڭمۇ ھەي نان قېپى،

تاشۋاي: ئۇقتۇم.

ئۆمەر باي: ئەگەر بۇ گەپ ئەلە ـ مەلىگە تاراپ كېتىپ مېنىڭ شەنىمگە شەك كەلگۈدەك بولسا، ئەسلا كەچۈرمەيمەن.

رېھىم ناۋاي: بۇنىڭغا مەن كېپىللىك قىلىمەن غوجام. يېپىقلىق قازان جەزمەن يېپىقلىق بويىچە قالىدۇ.

ئۆمەر باي تاشۋايغا قاراپ: ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي-كى، تاش، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەتراپتا راۋاپ چالغۇچى بولما.

تاشۋاي: خوپ.

ئۆمەر باي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىشىكنى جاڭگىدە يېپىپ چىقىپ كېتىدۇ. بوۋاي چىرايى تاتارغان ھالدا ئۆلۈك قولى بىلەن سول كوكسىنى بېسىپ تامغا يۆلىنىپ قالىدۇ. تاشۋاي ئال-دىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى يۆلىمەكچى بولىدۇ.

تاشۋاي: نىمە بولدى ئاتا؟

رېھىم ناۋاي: قوي مېنى تۇتما، (ئېغىر-ئېغىر نەپەس

ئالدۇ) مەن ھازىر خاپىلىق كوتىرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. يۈرەك... يۈرەك چىدىمايدۇ.

تاشۋاي رەڭگى ئۆچكەن ھالدا بىر پىيالە چاي ئەپكىلىپ، بوۋايغا سۇندۇ. بوۋاي ئوڭ قولى بىلەن يۈرىكىنى باسقانچە چايغىمۇ قارىماي ئولتۇرۇپ قالدۇ.

66. ئۆزۈم بارىكى ئاستى

رىھىم ناۋاي باراڭ ئاستىغا سېلىنغان توشەكتە ئىڭىر-ئىڭىر نەپەس ئېلىپ ياتماقتا ... تاشۋاي يەلپۈگۈچ بىلەن ئۇنى ئاستا يەلپۈمەكتە.

بارات 18 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىتنى باشلاپ كىرىپ كېلىدۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ئىككى ياش بوۋايغا تەڭلا سالام بېرىدۇ، بوۋاي كوز ئىشارىسى بىلەن سالامنى قوبۇل قىلىدۇ.

بارات بوۋايغا ئېگىلىپ: مىجەزلىرى يوقمۇ ئاتا؟

رىھىم بوۋاي ئۆزۈپ-ئۆزۈپ سوزلەيدۇ: ئاھ بالام، يۈرىكىم ياخشى ئەمەس. قىمىر قىلدۇرماي ئېغىپلا تۇرىدۇ... ياخشى كەپسىلە، ئولتۇرۇڭلار، تاشۋايغا مېنىڭ بىر ۋەسىيىتىم بار ئىدى، سىلەرمۇ ھەغدا بولۇپ قېلىڭلار.... تاشۋاي، ئالدى بىلەن بۇلارغا چاي تەييارلا بالام.

تاشۋاي چاي تەييارلىغىغا كىرىشىدۇ.

رىھىم ناۋاي ياش يىگىتنى كورسىتىپ: بۇ ئوغۇل كىم بولىدۇ؟

بارات: بۇ مەن بىلەن بىللە ھامماللىق قىلىدىغان بالا، ئىسمى روزى، تاشۋاينىڭ راۋاپ خۇمارلىرىدىن بىرسى.

رىھىم ناۋاي: كىشىدە ھەۋەس بولغانلىقىنىڭ ئۆزى

ياخشى. تاشۋايمۇ بىر زامانلاردا ھەۋەسكار ئىدى، مانا ئەمدى ھەم چالالايدىغان، ھەم ئېيتالايدىغان، ھەم ئىجات قىلالايدىغان قابىل بىر كىشى بولۇپ يېتىشتى. شۇنىسى، زامان ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتمەيدىكەن، مەن ئۇنى كىچىكىدىن كوز قارچۇغۇمدەك ئاسراپ، ئۇنىڭدىكى ھەۋەسنىڭ ئوسۇپ يېتىلىپ مىۋە بېرىشى ئۇچۇن كەڭ ئىمكانىيەت ياراتتىم، مەن كوز يۇمسام، ئۇنىڭغا تەس بولىدىغان بولدى. (كوزىگە ياش ئالىدۇ)

تاشۋاي داستىخان تەييارلايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستى ئاپپاق نان ۋە مەي بولۇپ پىشقان ئۇزۇملەر بىلەن تولىدۇ. تاشۋاي ناننى ئۇشتۇپ، يىگىتلەرنى چايغا تەكلىپ قىلىدۇ، يىگىتلەر نان بىلەن ئۇزۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ يەپ، چايدىن ئوتلايدۇ. رېھىم ناۋاي گېپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

—مەن، —دەيدۇ ئاران - ئاران نەپەس ئېلىپ، —كوزۇمنىڭ يورۇغىدا تاشۋايىنى ئوي - ئوچاقلىق قىلىپ قويماقچى ئىدىم، بىراق ئومرۇم بۇنىڭغا يەتمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا مەن بىر ھوججەت تەييارلاپ قويدۇم، مۇبادا مەن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلسام، مانا مۇشۇ ئىككى ئېغىزلىق ئوي بىلەن دۇكان تامامەن تاشۋايغا قالىدۇ. ئۇ مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ، چىرىغىمنى ياندۇرۇپ، كەسپىمنى داۋاملاشتۇرىدۇ. سىلەر بۇنىڭ شاھىدى بولۇش بىلەن بىللە، ئاكا - ئۇكىلاردەك يېقىن ئوتۇڭلار، بىر بىرىڭلارغا ھەمكارلىشىڭلار، مېنىڭ دەيدىغىنىم شۇ، تەييالىغان ھوججەت مانا، (بوۋاي ياستۇغىنىڭ ئاستىدىن قاتلانغان قەغەزنى ئالىدۇ) بۇنىڭدا مېنىڭ قولۇم بار... بۇنى تاشۋاي سەن ئېلىپ قوي.

تاشۋاي كوڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپ تاشلايدۇ، بارات

بىلەن روزىنىڭ كوزلىرىگىمۇ ياش تولدۇ.

رەھىم ئاۋاي تاشۋايغا قاراپ: يىغلىما، مەن تېخى ھايياتقۇ، مۇبادا مەن ئۆگەپ كېتىپ، روزىغا رەمزغا خىرىس قىلىدىغان بىرسى چىقىپ قالسا، ئەنە ئاشۇ ھوججەتنى كورسەت.

تاشۋاي تېخىمۇ يىغلاپ كېتىدۇ. بوۋاي ئۇلۇغ- كىچىك تىنىدۇ- دە، ئۇشتۇمتۇت يوتىلىپ كېتىپ نەپەسى ئۇتۇلۇپ تۇگۇ- لۇپ قالىدۇ. ئوغۇللار جىددىيلىشىپ بوۋاينىڭ بېشىغا كېلىدۇ. بوۋاي قايتا نەپەس ئالالمايدۇ، پۇت- قولى بوشىشىپ ئىڭىكى چۇشۇپ كېتىدۇ. تاشۋاي ئۇنىڭغا سوزىنى تاشلاپ "ۋاي ئاتام" دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلايدۇ، كوزلىرىدىن بولۇقلاپ ياش توكۇلىدۇ.

67. ئومەر باينىڭ ھويلىسى، قۇياش ئولتۇرۇۋاتقان چاغ

ئومەر باينىڭ دەرۋازىسى قېقىلىدۇ. ئومەر باي ئويىدىن ئىتتىك چىقىپ دەرۋازىنى ئاچىدۇ. باشتىن- ئاخىر يېڭى كىيىنگەن جۇمەش بايغا سالام بېرىدۇ.

—كەلسىلە- كەلسىلە، دەيدۇ ئومەر باي خوشامەت كۇلكىسىنى كۇلۇپ،— يوللىرىغا قاراپ كوزۇم تېشىلەي دېدى، ھىلىمۇ كەپتىلا.

—مەن ۋەدە قىلغان ئىشنى ئەزەلدىن ئورۇنلاپ كەلگەن- مەن،— دەيدۇ جۇمەش كورەڭلەپ.

—ۋەدىگە ئەمەل قىلىش كىشىنىڭ ئېتىۋارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش،— دەيدۇ ئومەر باي خوشامەتكويلۇق بىلەن،— پەقەت ئالىجاناپلارلا شۇنداق قىلالايدۇ.

ئۇلار كۇلۇشۇپ پەلەمپەينىڭ ئالدىغا كەلگەندە تاشۋاي ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ يۇرەكنى پارە قىلىدىغان دەر-

جىدە بوزلاپ يىغلاشلىرى ئاڭلىنىدۇ، جۇمەش توختاپ ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ ئومەر بايغا قارايدۇ:

— بۇ يىغلاقتا بىرسى قازا تاپقان ئوخشىمامدۇ؟

ئومەر باي خوشياقماي: ھە، رىھىم ناۋاي تۇگىشىپتۇ،— دەيدۇ.

جۇمەش: ئۇنداقتا تاشۋايىنىڭ راۋابىنى ئاڭلىمايدىغان بوپتۇقتە.

ئومەر باي غودۇڭشىپ: ئۇنىڭ راۋابى قۇرۇسۇن،.... قېنى ئۆيگە مەرھەمەت،— دەيدۇ.

جۇمەش پەلەمپەيدىن كۆتىرىلىۋېتىپ لەيلىگۈلنىڭ ھوجرىسىغا لاپ ئېتىپ قارايدۇ، ئۇنى دەرىزىدىن كۆرۈپ تۇرغان لەيلىگۈلنىڭ چىرايىنى غەزەپ بولۇتى قاپلايدۇ:

— ئىپلاس.

68. ئومەر باينىڭ مېھمانخانىسى

جۇمەش توردە ئولتۇرۇپ، بىر پارچە سوڭەكنى ئىشتەي بىلەن غاجىلىماقتا.

خوشامەت كۆلكىسى بىلەن يۈزلىرى پۈرلەشكەن ئومەر باي ئۇنىڭغا ھەدەپ خوشامەت قىلماقتا:

ئومەر باي: قانداق، شورپىدىن بىر چىنە كەلتۈرۈلسۇنمۇ؟

جۇمەش: قېنى، مالال كورمىسىلە مەيلى.

ئومەر باي سىرتقا قاراپ تىۋۋلايدۇ: ھەلىمىخان، شورپا ئېلىپ كىرسىلە.

ھەلىمىخاننىڭ ئاۋازى: خوش، مانا ھازىر.

ھەلىمىخان ئىككى پىيالە شورپا ئېلىپ كىرىپ داستىخانغا قويىدۇ-دە، چىقىپ كېتىۋېتىپ: خوشامەتكويلۇق بىلەن ئەقلىنى يوقاتقان ئەخمەق باي، گۈلدەك لەيلىگۈلگە

تاپقان ئادىمنى قارىمامدىغان، چوشقىغۇ- چوشقا،— دەپ غو-
دۇڭشىيدۇ.

69. پىشايۋان، قاراڭغۇ چۈشكەن پەيت

ھەلىمخان پىشايۋاننىڭ تۆۋرۈگىگە يۆلەنگىنىچە
رېھىم ناۋاينىڭ قوراسىغا قاراپ خىيال سۈرمەكتە:
— بىچارە تاشۋاينىڭ بېشىغا ئۈستى - ئۈستىلەپ دەرت
كەلدى، گۈلدەك لەيلىگۈلمۇ تۆگىشىپلا كەتتى، خېنىممۇ
ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، مۇبادا تاشۋايمۇ پۇلدار كىشى
بولسا ئىدى، بۇ سەۋدالار يۈز بەرمەس ئىدى، بارلىق گۇنا
يوقسۇزلۇقتا، يوقسۇزلۇق تاشتىن قاتتىق دىگەن مانا مۇشۇدە.
ئاھ خۇدا. نىمىشقىمۇ كىشىلەرنى ئوخشاش يارىتىپ بىرىنى
بىرىگە بېقىندى قىلىپ قويغان بولغىيدىڭ؟!
ھەلىمخاننىڭ كوزلىرىگە ياش تولدۇ، لەيلىگۈلنىڭ
ھوجرىسىنىڭ دەرىزىسى ئاستا تىرىقلايدۇ، ھەلىمخان چوچۇپ
دەرىزىگە قارايدۇ.
— ھەلىمخان ئاچا!
لەيلىگۈلنىڭ پەس ئاۋازدا چاقىرىشى ئاڭلىنىدۇ، ھەلى-
مخان دەرھال دەرىزە ئالدىغا كېلىدۇ، دەرىزىدىن كوزلىرى
ياشقا تولغان لەيلىگۈلنىڭ سۇلغۇن چىرايى كورۈنىدۇ:
— ئاچا، ئاۋۇ چوشقا يەنە نىمىگە كەپتۇ؟
ھەلىمخان ئېھتىياتلىنىپ: بىلمىدىم، بىراق قەدىمىدىن
بىر شۇملۇق يېغىپ تۇرىدۇ، خېنىم.
لەيلىگۈل: ئاچا، مەن سىلىدىن ئوتۇنەي، ماڭا ئىچى-
لىرى ئاغرىسۇن، مەن ھاياتىمنىڭ بىھۇدە غازاڭ بولۇپ
كېتىشىنى خالىمايمەن، ماڭا ياردەم قىلىسىلا.
ھەلىمخاننىڭ كوزلىرى ياشقا تولىدۇ.

— خېنىم، مېنىڭ قولۇمدىن نىمىمۇ كېلىدۇ، دەيلا،.... مەن ھەر قايسىڭلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى خەس.
لەيلىگۇل: ئۆي ئىچىدە بولۇۋاتقان گەپلەردىن مېنى تولۇق خەۋەردار قىلىسىلا، ئاندىن.... (بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ) نىمە قىلىش كېرەكلىگىنى يەنە مەسلىھەتلىشىمىز.
ھەلىمىخان: ئوبدان، خېنىم.

70. مېھمانخانا دەرىزىسىنىڭ ئالدى، كەچ

ھەلىمىخان دەرىزە تۈۋىدە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ئۆي ئىچىگە قۇلاق سالماقتا. ئۆي ئىچىدىن ئۆمەرباي بىلەن جۇمەشنىڭ سوھبىتى ئاڭلانماقتا.
جۇمەش: سىلىنى كوپ ئاۋارە قىلدىم، مېھماندوستلۇقلىرىغا نىمە دەپ جاۋاپ قايتۇرۇشنى بىلمەيۋاتىمەن.
ئۆمەر باي: سىلىدەك ئوردا ئادەملىرىنىڭ بوسۇغىمىزغا ئاياق بېسىشلىرىنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن بەخت.
جۇمەش: ھەر ھالدا كوڭلۇمدە بار، ئوي ئوچاقلىق بولۇۋالسام، مەنمۇ ئوز ئادەمگەرچىلىگىمنى كورسىتىمەن، دىگەن ئويۇم بار.
ئۆمەر باي: رەھمەت.
جۇمەش: شۇنىسى مۇۋاپىق قىز تېپىلمايۋاتىدۇ، تېپىلغانلىرىغا "ياق" دەپ سالامدىكىن، دەپ ئەنسىرەپ ئەلچى - پەلچى ئەۋەتىشكە پېتىنالمايۋاتىمەن.
ئۆمەر باي: سىلىگىمۇ ياق دىيەلەمدۇ، سىلىدە پۇلمۇ، ھوقۇقمۇ، يۈزمۇ، ئابرويىمۇ بار، سىلىلا لايىق تاپسىلا ھەرقانداق كىشى جان دەپ قىزىنى بەرمەمدۇ.
جۇمەش: بۇ سوزلىرى راستمۇ؟
ئۆمەر باي: ئەلۋەتتە راست.

جۇمەش: ئەمىسە بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە ئەلچى ئەۋەتىمەن.

ئۆمەر باي: قەيەرگە؟

جۇمەش: مۇشۇ ئۆيىگە.

ھەلىمخان تۇك تەپكەندەك چوچۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ـ دە، ئۆي ئىچىگە نەزەر سالىدۇ. ئۆمەر باي قاقاقلاپ كۈلگىنىچە:

— مەن بۇنى بۇرۇنلا پەم ئەتكەن ئىدىم، بوپتۇ، گېپىڭىز گەپ، — دەيدۇ.

جۇمەش ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆمەر بايغا تازىم قىلىدۇ:

— رەھمەت.

— بىراق، دەيدۇ ئۆمەر باي چوڭقۇر ئويغا چۆككەن ھالدا، — بىر دوقالنى تازىلىۋەتمەي بۇ مەقسەتكە يېتەكىلى بولمايدۇ.

— نىمە دوقال ئۇ؟ — جۇمەش سەگەكلىشىدۇ.

ئۆمەر باي: يېقىندىن بۇيان تاشۋاي ئۆگزىگە چىقىپ راۋاپ چېلىۋېرىپ قىزىمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان ئوخشايدۇ.

— تاشۋاي؟ — جۇمەشنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ، — ئۇنىڭدا شۇنچىلىك بىگىسى بارمىكەن، سىلىنى رازى قىلغۇدەك پۇلى بارمىكەن، سىلىگە باراۋەر تۇرغۇدەك ئورنى، يۈزى بارمىكەن؟

— ئۇ بىر يېتىم ئوغلاق، — دەيدۇ ئۆمەر باي، — بىراق قىزىمنىڭ مايىللىقى قاتتىق، ئىككىسى گەپنى بىر قىلىپ دۇرۇككىدە قېچىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

جۇمەشنىڭ كوزلىرىگە قان تولىدۇ: مېنىڭ چىرىكلىرىم-

نىڭ ئۈچقۇر ئاتلىرىدىنمۇ تېز چاپالارمۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ئۇخ-لاپ چۈشى.

ئومەر باي ئۆز سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدىن مەمنۇن بولۇپ روھلىنىپ كېتىدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ، ھېزى بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان قىزىمنى ھوجرىسىدا سولاپ بېقىۋاتىمەن.

— بۇ ناھايىتى ياخشى، — جۇمەشنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈ-رىدۇ، — سىلە قالتىس دانا ئادەم.

ئومەر باي: ئەمدىكى گەپ تاشۋاينى بۇ يەردىن يوقىتىش، بولمىسا ئۇ بىر توپ يېتىمچىلارنى ئارقىسىغا سېلىۋېلىپ، توپنى بۇزىدۇ، ھەرقايسىلىرىنىڭ شەنىگە تىل تەككۈزىدۇ.

جۇمەش قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ قالىدۇ:

— سىلىچە قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟

ئومەر باي: ياخشىسى ئۇنىڭغا تۆرمە كېرەك، مەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن نارىسىدە قىزىمغا يامان نىيەتتە بولۇپ، يۈز-ئابرويۇمنى تۆكۈشنى قەستلىدى دەپ يامۇلغا ئەرز بېرىمەن.

جۇمەش: بۇمۇ بىر گەپ، ناۋايلارنىڭ ساھىپ تەگبىد-رىنىمۇ ئىشقا سالايلى، ئۇ "تاشۋاي رېھىم ناۋاينىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى چاكىرى، شۇڭا ئۇ مىراس ئىگىسى بولالماي-دۇ" دەپ ئەرز قىلسۇن، شۇنىڭ بىلەن مال-دۇنيادىنمۇ ئايرىپ، بىراقلا ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقايلى. بۇ ئىشلارنى مەن ئۆزەم ئەپلەي، خوش ئەمىسە مەن كەتتىم.

ئومەر باي: بۇ ئىشنى قىلىچىمۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ. ئەرز يېزىشقا قاچان بولسىمۇ ئولگۇرىمىز، تاشۋاي-

نى ئالدىدىن تۇتۇشقا بۇيرۇق بەرسىلە.
جۇمەش: بۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، خوش. (ئورنىدىن تۇرىدۇ)

71. ئۇمەر باينىڭ ھويلىسى، كەچ

ئۇمەر باي جۇمەشنى ئۇزىتىپ، دەرۋازىنى قۇلۇپلايدۇ-دە، ئۆيگە قاراپ ماڭىدۇ ۋە كېتىۋېتىپ دەيدۇ:
— مانا ئەمەسمۇ، ھوكۇمەت ئادەمى دېگەن تىغى قايرىلماس خەنجەر، ئۇنى كۆيۈغۇل قىلا-قىلمايلا ئۇنىڭ دەستىسىنى قولۇمغا ئېلىشقا نائىل بولدۇم. ئەمدى بۇ خەنجەرنى كوزلىگەن يەرگە سېلىشقا بولىدۇ. مېنىڭ كاللام قاپاق ئەمەس، نادان خوتۇن ئۇقمايدۇ-دە، بۇنى ھا-ھا... ھا... ھا....
ئۇمەر باي ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ، ھەلىمخان ھوجرىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ لەيلىگۈلنىڭ دەرىزىسىنى چېكىدۇ. لەيلىگۈل دەرىزىگە كېلىدۇ.
ھەلىمخان ئالدىراپ: ئىش چاتاق، بۇلار تاشۋاينى تۈرمىگە تاشلاتقۇزىدىغان بولدى.
لەيلىگۈل: ئاھ، بۇ قانداق ۋەھشىلىك! جېنىم ئاچا چاپسان چىقىپ، تاشۋايغا ئېيتسىلا، ئوزىنى دالدىغا ئالسۇن، جېنىم ئاچا بولسىلا.
— ھەلىمخان مېڭىشقا تەمشىلىشىگە ئۆي ئىچىدىن ئۇمەر باينىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ:
— ھاي ھەلىمخان، نىمىشقا داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋەتمەيدىلا؟
— مانا ھازىر!
ھەلىمخان ئالدىراپ مېھمانىغا كىرىپ كېتىدۇ. لەيـ

لىسگۇل كوزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنىغان هالدا دەرىزىدىن يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا باقىدۇ: ئاھ زالىم پەلەك!
ناخشا ياڭرايدۇ:

پۇلدار ئاتام پۇل غېمىدە،
پۇلغا مېنى ساتماقچىمۇ؟
سولتىپ يارىمنى ئۇ،
كوڭلى ئامان تاپماقچىمۇ؟
ئاشىقىم بولسا خاراپ،
مەن تۇرالمايمەن قاراپ.
بولسام شېھىت شۇ يولدا گەر،
تاپقاي مېنى كىمدىن سوراپ؟

ناخشا ساداسى ئىچىدە ئىسكراندا تىۋۋەندىكى كورۇنۇشلەر هاسىل بولىدۇ.

72. تاشۋاينىڭ قوراسى

ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدا تاشۋاي بېشىنى چاڭگاللاپ مۇڭلىنىپ ئولتۇرماقتا، بارات، روزى قاتارلىق بىرقانچە ياش بەللىرىگە ئاق باغلىغان هالدا ئۇن - تۇنسىز ئۇيان-بۇيان ماڭماقتا.

73. يامۇل ئىشخانىسى

جۇمەش بىر قانچە چېرىككە پەرمان بېرىدۇ، چېرىكلەر پەرماننى بىجا كەلتۇرىدىغانلىغىنى بىلدۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

74. چوڭ كوچا

چېرىكلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەلمەكتە.

(ناخشا تۇگەيدۇ)

75. تاشۋاينىڭ قوراسى

ھەلىمىخان پاسىل تامدىن ئاتلاپ چۈشىدۇ، بىگىتلەر ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.

بارات: نىمە؟ بىر ئىش بولدىما؟

ھەلىمىخان: مەن تاشۋاي بىلەن كۆرۈشمەكچى، جىددى گەپ بار.

تاشۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ ھەلىمىخانىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ:

— مانا مەن ھەلىمىخان ئاچا.

ھەلىمىخان تاشۋاينىڭ قۇلىغىغا پىچىرلايدۇ، تاشۋاي-نىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىرايىنى غەزەپ ئالامىتى قاپلايدۇ.

ھەلىمىخان: ئەمىسە مېنىڭ ۋەزىپەم ساقىت بولدى، ھەر ھالدا جىددىرەك بولالا.

ھەلىمىخان تامدىن ئارتىلىپ چىقىپ كېتىدۇ، تاشۋاي خىيالغا چۆكۈپ تۇرۇپ قالىدۇ، بارات بىلەن روزى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

— نىمە گەپكەن ئۇ؟

ئاتلارنىڭ تۇياق تىۋۇشى ئاڭلىنىپ، قوراللانغان ئون نەچچە چېرىك قوراغا كىرىپ كېلىدۇ، تاشۋاي بارات بىلەن روزىغا ئۇلارنى كۆرسىتىپ: مانا مۇشۇ گەپ،— دەيدۇ.

بارات: بۇ نىمە گەپ بولۇپ كەتتى؟

بارات چېرىكلەرگە قاراپ: سىلە نىمەر قىلىشماقچى؟

چېرىكلەر: نېرى تۇرۇش!

چېرىكلەر باشقىلارنى چەتلەشتۈرۈپ، تاشۋاينى ئوتتۇ-رىغا ئېلىشۋالىدۇ. چېرىك باشلىغى تاشۋايغا قاراپ:

— سەن رىھىم ناۋاينىڭ بالىسىما؟

تاشۋاي: بۇ سوئالنىڭ نېمىگە ئالاقىسى باركەن؟

چېرىك: گەدەنكەشلىك قىلماي بىر ئېغىز گەپ بىلەن جاۋاپ قىل.

تاشۋاي: ئەلۋەتتە مەن رىھىم ناۋاينىڭ بالىسى.

چېرىك باشلىقى: يالغان، سەن ئۇنىڭ چاكىرى، بۇنى ناۋايلارنىڭ ساھىپ تەگىبىرى ئىسپاتلاپ بىزگە ئەرز قىلدى. سەن مىراس ئىگىسى بولالمايسەن، دۇكان ۋە ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بۇگۈندىن باشلاپ ناۋايلارنىڭ ساھىپ تەگىبىرىگە مەنسۇپ.

بارات: بۇ توغرا ئەمەس، رىھىم ناۋاي جان ئۈزۈش ئالدىدا تاشۋاينىڭ پۈتۈن تەئەللۇقاتقا ئىگىدارچىلىق قىلىشى توغرىلىق ھوججەت قالدۇرۇپ كەتكەن.

چېرىك باشلىقى: بىز بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچىلار، نارازىلىقىڭ بولسا يامۇلغا ئەرز قىل، مانا بۇ يامۇلنىڭ يارلىقى.

ئۇ بىر پارچە قەغەزنى باراتنىڭ كوزىگە تەڭلەيدۇ، ئاندىن تاشۋايغا قاراپ: سەن يۇرتىمىزنىڭ مەلۇم موتىۋەرىنىڭ نارىسىدە قىزىغا يامان نىيەتتە بولۇپ، ئۇنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقىڭ ئۈچۈن ھەيىسىگە ئېلىندىڭ، (چېرىكلەرگە قاراپ) باغلاش بۇنى!

چېرىكلەر دەرھال تاشۋاينى باغلاشقا كىرىشىدۇ، بارات ياشلىق ياشلار چېرىكلەرگە دېۋىنىدۇ.

بارات: تارت قولۇڭنى.

كوپچەلىك: تاشۋاينى قويۇۋەت!

چېرىكلەر قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدۇ، قولى باغلانغان تاشۋاي: ھۇ... زالىملار! سەنلەر

ماڭا توھمەت چاپلىماقچىمۇ؟
چىرىدىكلەر: ھەممىڭ چىقىش! ئىشىك يېپىھتىلىنىدۇ!
76. توي ئۇلتۇرۇشى، كۈندۈز
چۈچىلىق يېپەك رومالغا پۈركىنىۋالغان لەيلىگۈلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان قىزلار ناخشا ئېيتىشىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا.

بودۇنە بولۇپ ئۇچتۇم مەن،
شال بويىغا چۈشتۇم مەن.
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن،
بىر يامانغا چۈشتۇم مەن.

يارنىڭ يولىگى ياردىن،
يارى بولمىسا قايدىن.
غۇنچە بويىلىرىڭ زىلۋا،
شېرىن سوزلىرىڭ ئاندىن.

ئاق لەيلى قىزىل لەيلى،
يارنىڭ بارمىكىن مەيلى.
بولسا، بولمىسا مەيلى
مەن يارنىڭ قەلەندەرى.

قىزلاردىن بىرى ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ، لەيلىگۈلنى تارتىدۇ. لەيلىگۈل قېتىپ قالغاندەك قىمىرلاپمۇ قويمايدۇ، يېنىدىكىلەر ئۇنى "قوپە، ئۇز تويۇڭدا ئوينىمىساڭ قانداق گەپ" دەپ قولتۇغىدىن تۇتۇشىغا، دەرت-ئەلەم بىلەن

ئۇنىسىز يىغلاپ ئولتۇرغان لەيلىگۇلنىڭ يىغىسى كۈچىيىپ، بىردىنلا ھوشسىزلىنىدۇ. قىزلار چۇقۇرىشىپ ئۇنى ئوردىۋالىدۇ. سىرتتىن ھەلىمەخان يۈگۈرۈپ كىرىدۇ.

— نىمە بولدى؟

— يامان بولدى، — دەيدۇ بىر قىز، — سۇ ئەپكېلىڭ، يۈزىگە چاچايلى.

ھەلىمەخان سۇ ئېلىپ كېلىپ، لەيلىگۇلنىڭ يۈزىگە چاچىدۇ، لەيلىگۇل ئەندىكىپ ھوشىغا كېلىپ پىچىرلايدۇ.

— ماڭا ئازراق ئارام بېرىڭلار.

قىزلار بىر بىرىگە قارىشىدۇ، ھەلىمەخان قىزلارغا قاراپ:

— سىلەر سورۇننى بۇزماڭلار، خېنىمنى نېرىقى ئۆيگە ئەپچىقىپ قويايلى، — دەيدۇ.

ھەممە: شۇنداق قىلايلى، — دېيىشىدۇ ـ دە، لەيلىگۇلنى كۆتىرىپ سىرتقا قاراپ ئېلىپ ماڭىدۇ.

77. قىزلار ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ھويلىسى

موللا ۋە بىرقانچە سولەتلىك كىشى جۇمەشنى چوردىگەن ھالدا قىزلار ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ ـ دە، كۆپ ئۆتمەي يېنىپ چىقىپ، بىر قىزنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن يان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

جۇمەش: قېنى موللام مەرھەمەت!

موللام: ئۆزلىرى باشلىسىلا.

بىرىنچى بولۇپ جۇمەش ئۆيگە قەدەم باسىدۇ.

78. يان ئۆي

ئالاھىدە بېزەلگەن ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە ئۈستىگە

يوتقان، يۇزىگە چۇچىلىق يىپىەك ياغلىق يىپىلغان بىر گەۋدە كورۇنىدۇ، ھەممە ئۆيگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن جۇمەش باشلاپ كىرگەن قىزغا قاراپ كوز ئىشارىسى بىلەن ئۇنى ئۆيخىتىشنى بۇيرۇيدۇ. قىز ئاستا بېرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ "لەيلىگۇل، لەيلىگۇل" دەپ چاقىرىدۇ - دە، ياغلىقىنى ئاستا قايرىپ چوچۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ ۋە "ئەمەس، ئەمەس" دەپ پىچىرلايدۇ.

— ھە؟ — جۇمەش كوزلىرىگە قان تولغان ھالدا سەكرەپ سۇپىغا چىقىدۇ - دە، گەۋدىنىڭ ئۇستىدىن ياغلىق، يوتقان- لارنى بىراقلا ئېلىۋېتىدۇ، "خۇمپەر!" دەپ تووۋلىۋېتىدۇ.

ھەممە ھەيران بولغىنىچە ئادەمسىز تۇشەككە قاراپ قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ.

79. تۇمەن بويى، كۇن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان چاغ

تۇمەن دەرياسىنىڭ ئېگىز دوڭلۇك ئارىسىدىن ئېقىپ ئوتكەن قىسمى، ئەتراپ تاللىق، چاچلىرى چۇۋۇلغان لەيلىگۇل ھاسىراپ - ھومۇدىگەن ھالدا تاللىق ئارىسىدىن چىقىپ دولقۇنلۇق دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ سۇغا تىكىلىدۇ، سۇ يۇزىدە ئۇنىڭ شولىسى كورۇنىدۇ.

80. تاللىق

ئومەر باي تاللىق ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ، تاللىق ئارىسىنى بىرمۇ - بىر ئىزلەپ يۇرۇۋاتقان چېرىكلەر يانچە مېڭىپ ئومەر بايغا ئۇرۇلۇپ كېتىدۇ. ئومەر باي غەزەپكە كېلىدۇ:

— بۇ نىمە ھاڭۋاقتىلىق؟ ۋۇ نان قېپلار!

چېرىكلەر ھجىيىشىپ ئومەر بايغا تازىم قىلىدۇ:

— ئەپۇ قىلسىلا باي ئاكا!

ئۆمەر باي: قانداق، بىرەر ئىز - دېرىگى يوقمۇ؟

چېرىك: يوقسۇ باي ئاكا، ئەتراپنى شۇنچە كۆزەتسەكمۇ، بىرەر شەپە چىقمىدى.

## 81. تۇمەن بويى

لەيلىگۇل دەريا دولقۇنلىرىغا تىكىلگىنىچە پىچىرلىماقتا:

— ئاھ تۇمەن، نىمە دېگەن گۈزەلسەن، مەن سېنىڭ بويۇڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسامۇ، سېنى ناھايىتى ئاز كوردۇم، مەن ساڭا ئاداققى دەمدە تىكىلمەكتىمەن، كىم بىلىدۇ، بەلكىم بىرقانچە مىنۇت ئۆتمەي سەن بىلەن ئەبەدىلىك قۇچاقلىشارمەن. ئۇلار مېنى ھەر تەرەپتىن تولۇق قورشاۋغا ئېلىشتى، مېنىڭ قارارىم سېنىڭ قوينۇڭدىن ئارام جاي تېپىش، ئاھ تۇمەن!....

لەيلىگۇلنىڭ كوزلىرى ياشقا تولدۇ ۋە شىلدىرلىغان ئاۋازدىن چوچۇپ ئارقىسىغا قارايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا خۇرجۇن كوتەرگەن بىر ئەر كىشى كورۇنىدۇ.

لەيلىگۇل: نىمە ئادەمسەن؟

ناتونۇش كىشى بېشىدىن تۇماقنى ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئىككى تال چېچى تېقىمىغىچە ساڭگىلاپ چۈشىدۇ. لەيلىگۇل ئۇنىڭغا قاراپ كوزلىرى بىردىن نۇرلىنىپ كېتىدۇ - دە، "ھەلىمخان ئاچا" دېگىنىچە ئۇنىڭ باغرىغا ئوزىنى ئاتىدۇ. ئىككىسى يىغلىشىپ قاتتىق قۇچاقلىشىدۇ.

ھەلىمخان يىغلاپ تۇرۇپ: جېنىم خېنىم! نىمە بوپ كەتتىلە؟

لەيلىگۇل: ئاچا، سىلە مېنىڭ ئوز ئاچام، دۇنيادا ئەڭ كەمبەغەل كىشىلەردىلا ئەڭ ئىللىق يۈرەك بارلىقىنى

ئەمدى تېخىمۇ چۈشىنىۋاتىمەن، ئاچا مېنى ھەرگىز خېنىم دىمىسىلە، ئەڭ ئاداققى نەپەسىمدە بولسىمۇ، ئاغزىلىرىدىن سىڭلىم دىگەن شۇ يېقىملىق سوزنى ئاڭلاپ باقاي، سىڭلىم دىسىلە.

ھەلىمىخان: سىڭلىم! — دەيدۇ، ئىككىسى قۇچاقلىشىپ، قاتتىق يىغلىشىدۇ.

ھەلىمىخان: سىڭلىم كوڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ياخشى مەسلىھەتلىشەيلى، مەن بارات، روزىلار بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇلارمۇ يوشۇرۇن ھالدا سىلىنى ئىزلىمەكتە.

لەيلىگۇل ھاياجانلىنىپ: ئاھ خۇدا، ماڭىمۇ نىجات-لىق يولى ئېچىلىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇلار بىلەن قانداق ئۇچرىشىمىز؟

ھەلىمىخان: مانا بۇ خۇرجۇندا ئەرەنچە كىيىملەر بار، دەرھال كىيىنسىلە، بىر ئامال قىلىپ سىلىنى بىرەر پانا جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسام، ئالاقىنى ئوزەم ئورنىتىمەن.

لەيلىگۇل: ئاچا سىلە نىمە دىگەن پاراسەتلىك، نىمە دىگەن جاسارەتلىك، بۇ ياخشىلىقلىرى ئۇچۇن بېشىم ئامان بولسا، ئالدىلىرىدا قۇل بولۇپ ئىشلەشكە رازىمەن.

ھەلىمىخان: مەن شۇ چاغدىمۇ خىزمەتلىرىگە تەييار.

لەيلىگۇل: ياق بىز ئادەم ئىشلەتمەيدىغان بولىمىز، تاشۋاي ئوتۇن يېرىپ، سۇ توشۇپ بەرسە، تاماقنى ئوزەم ئېتىۋېرىمەن، سىلە ئويىنىڭ توردە ئولتۇرۇپ مېھمان بولىدىلا.

ھەلىمىخان كوزىگە ياش ئېلىپ: بولسىلا خېنىم، تېز-رەك كىيىنسىلە، — دەيدۇ.

لەيلىگۇل تاللىق ئارىسىغا كىرىپ ئەمدىلەتىن كىيىنىشكە

باشلىغاندا يىراقتىن ئۆمەر باينىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئۇ لەيلىگۈلنى تونۇپ: مانا لەيلىگۈل، بولۇڭلار، چاققان تۇتۇڭلار! — دېگىنىچە لەيلىگۈلگە قاراپ ئېتىلدى. لەيلىگۈل قاچىدۇ. ھەلىمىخان چەبدەسلىك بىلەن ئۆمەر باينىڭ ئالدىنى توساپ، پېشىغا يېپىشىدۇ، ئۆمەر باي ۋاقىراشنى داۋاملاشتۇرۇپ يۇلقۇنىدۇ، تاللىق ئارىسىدىن چىرىكلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىدۇ.

ھەلىمىخان باينىڭ پېشىغا چىڭ يېپىشقانىچە: چاپسان قېچىڭ سىڭلىم، ئۆزىڭىزنى تېز دالدىغا ئېلىڭ! — دەپ ۋاقىرايدۇ.

لەيلىگۈل قاچقىنىچە دەريا كېسىپ ئۆتكەن چوقىغا چىقىپ قالىدۇ ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تەمكىن قىياپەتتە:

— ھەممەڭ توختاش! بىر ماڭدام چامدىغۇچى بولساڭ، ئۆزەمنى دەرياغا تاشلايمەن، — دەپ توۋلايدۇ.

شۇ ئەسنادا جۇمەش ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە يېتىپ كېلىپ چىرىكلەرگە: ھەممەڭ قىمىرلىما! — دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

ھەممەيلەن جىم بولىدۇ، ھەلىمىخانىڭ قوللىرىمۇ ئۆمەر باينىڭ پېشىدىن بوشايدۇ، ئۆمەر باي ئۇنىڭغا يىرگىنىش بىلەن ئالىيىپ، قوسىغىغا تېپىدۇ، ھەلىمىخان يىقىلىدۇ، بىراق جىددىيچىلىكتە ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىك ئارىسىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

جۇمەش: قېنى باي ئاتا، لەيلىقىزغا ئۆزلىرى بىر نىمە دېسىلە، — دەيدۇ ئۆمەر بايغا قاراپ.

ئۆمەر باي گەپ قىلىشقا ئەمدىلا تەمشەلگىنىدە، "قىزىم!" دەپ توۋلىغىنىچە زۇمۇرەخان يېتىپ كېلىدۇ،

لەيلىگۈل: ئانا، يېنىمغا كەلمەك! مەن يولۇمنى تاللاپ بولدۇم، يېقىنلاشسىڭىز ئۆزەمنى دەرياغا تاشلايمەن،— دەپ توۋلايدۇ.

زۇمۇرەخان قەددىمىنى ئاستىلىتىپ: قىزىم، ئۇنداق قىلما! ئاناڭنىڭ سوزىنى ئاڭلا، — دەيدۇ يالۋۇرۇپ.

لەيلىگۈل: كوڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، بىراق سىزنىڭ مېنى قۇتقۇزۇپ قېلىش نىيىتىڭىز ئاشۇ ناكەسكە قايتا چۈشەپ تۇتۇپ بېرىش بىلەنلا ئاياقلىشىدۇ. مەندە پەقەت بىرلا يۈرەك بار، ئۇنى ھەرگىز ئىككىگە بولگىلى بولمايدۇ!

باي غەزەپ بىلەن توۋلايدۇ: تۇتۇڭلار ئۇنى!

جۇمەشمۇ بۇيرۇق قىلىدۇ: تېز بولۇڭلار!

چېرىكلەر لەيلىگۈلگە قاراپ ئېتىلىدۇ، لەيلىگۈل ئۆزىنى دەرياغا تاشلايدۇ. دەريا سۈيى ئۇركەشلەپ، چاقماق چېقىپ ھاۋا گۈلدۈرلەيدۇ، خور ياڭرايدۇ.

خور: تولغىنىپ ئاققان تۇمەننىڭ ئوركىشى،
سەل ئەمەس، سانسىز ئوغۇل-قىز كوز يېشى.

قوشتى ئوركەش ئوركىشىگە لەيلىگۈل،
چۈشتى پەسكە ئېگىلىپ ئەلنىڭ بېشى.

يولىڭىز ئىسيان كونا دەۋران ئۈچۈن،
روھىڭىز ئىلھام تۇمەن پالۋان ئۈچۈن.

جىسمىڭىز ئاچقاي تۇمەندە گۈل-چېچەك،
سەيلىتەر ئۇندا ئوغۇل-قىز كېلەچەك.

82. تۇرمە، كەچكۈز، كۈندۈز

ئىگىز تام بىلەن قورشالغان تۇرمە ئىچىدە پەس

تاملىق پەنجىرىگە تومۇر رىشاتكا بېكىتىلگەن زىچ كامىرلار كورۈنىدۇ، كامىرلارنىڭ رىشاتكىلىق دەرىزىلىرىدىن قارشى تەرەپتىكى يالغۇز كىشىلىك كامىرغا تىكىلىپ تۇرغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ باشلىرى كورۈنىدۇ.

## 83. يالغۇز كىشىلىك كامىر

چاچ-ساقاللىرى ئۇسۇپ كەتكەن تاشۋاي پۇتىغا سېلىنغان گۇندىپاي (كوتەك)نى تەسلىكتە سورەپ تومۇر رىشاتكىلىق دەرىزە ئالدىغا كېلىدۇ. قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ قەلبىدە مۇنۇ سوزلەر جاراڭلايدۇ:

— بىگۇنا كىشىلەرنىڭ قان-ياشلىرى بىلەن زەيلەشكەن بۇ تۈرمىگە تاشلانغىنىمغا توت ئايدىن ئاشتى، بىر قېتىممۇ سىرتقا چىقىشىمغا يول قويۇلمىدى، بەلكىم مەن بىلەن كورۈشمەكچى بولغان دوستلىرىمغىمۇ يول قويۇلمىغاندۇ. دوستلىرىم، مېھرىۋان لەيلىگۇلۇم نىمە كويلاردا يۈرىۋاتىدىغاندۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەندەك ئۇلارمۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلمەيدۇ، لېكىن مەن ئىجات قىلىۋاتقان گۇندىپاي ناخشىلىرى بۇ تۈرمىنىڭ تاملىرى ئۈستىدىن ھالقىپ ئوتۇپ، مېنىڭ ۋە تۈرمىداشلىرىمنىڭ ھاياتىنى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇشقا قەتئى ئىشىنىمەن.

«گۇندىپاي 1-» دىماق ئاھاڭى بىلەن باشلىنىپ ئاستا-ئاستا كوتىرىلىپ، ئوركىشتىر تەڭكەش قىلىنىدۇ، تۈرمە ئاسمىنى لەرزىگە كېلىدۇ.

## 84. كوللىكتىپ كامىر

مەھبۇسلار تاشۋاينىڭ ناخشىسىنى زوق بىلەن تىڭ-

شىماقتا... تاشۋايغا جور بولۇپ ئېيتماقتا.

85. يالغۇز كىشىلىك كامىر

تاشۋاي: «گۇندىپاي - 1»نى ياڭراتماقتا.

چاپلاشقاندەك رۇدىپاي
پۇتقا چۇشتى گۇندىپاي.
ۋاپاسىز بۇ زامانىنىڭ،
ئەسلى رەھمى شۇ بولغاي.

86. كوللىكتىپ كامىر

ناخشا ئارىلىقىدا چاچ - ساقاللىرى ئۇسۇپ، ئىككى كوزدلا پەلدىرلاپ تۇرغان بىر كىشى كورۇنىدۇ، بۇ سىيلىق تولىيەلمىگەنلىكىدىن جۇمەش تەرىپىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن ھىلىقى بىچارە دىخان بولۇپ، تاشۋاينىڭ ناخشىسى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ، ئۇ كوز ياشلىرىنى توختىتالماي قالىدۇ.

دىخان: ئەجەپ بەلەن ناخشىكەنا!

1 - مەھبۇس ئۇھ تارتىپ: بىچارە، يىغانىنى باسالمايۋاتىدۇ.

2 - مەھبۇس: ئۇ خۇددى بولبۇلنىڭ ئوزى، ئۇنى قەپەزدىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەكتى.

1 - مەھبۇس: ئەڭ بولمىغاندا ئارىمىزغا قوشۇۋالساقمۇ ياخشى بولاتتى، ئامال يوقتە.

دىخان: ئۇنى ئارىمىزغا ئەپكېلىشۋېلىشقا راستلا ئامال بولماسمۇ؟

2 - مەھبۇس ئويلىنىپ: ئەپكېلىشۋېلىش مۇمكىن، بۇنىڭغا پۇل كېرەك.

3 - مەھبۇس: شۇنداق، پۇل كېرەك، گۇندىپايىلار باشلىغىنىغا پارە بېرىش كېرەك.

1 - مەھبۇس: بىزدىن بۇ نەمەڭلەرنى رازى قىلغۇدەك پۇل چىقامدۇ؟

دىخان: ھەممە مەھبۇسلار يىغىش قىلساقچۇ.

2 - مەھبۇس: ئۇ چاغدا بەلكىم بىر گەپ بولۇپ قالار.

3 - مەھبۇس: ئەمىسە، سەن يىغ ئاكا، مانا مېنىڭ يېنىمدا بىرنەچچە تەڭگە باركەن.

دىخان ئۇنىڭ قولىدىن بىرنەچچە تەڭگىنى ئالىدۇ، ھەش — پەش دېگىچە تەڭگە تۇتقان قوللار ئۇنى ئورىۋالىدۇ. ئۇ خوشاللىق بىلەن دوپپىسىنى تۇتىدۇ، دوپپىغا تەڭگىلەر شاراقلاپ قۇيۇلىدۇ.

دىخان: "كوپ تۇكۇرسە كول بولار" دېگەن مۇشۇدە، قېنى بىر ئۇرۇنۇپ باقايلى.

## 87. تۇرمە سەيناسى

قېرى گۇندىپاي چىلەكتە تاماق كوتىرىلىپ كېلىدۇ-دە، تاشۋايىنىڭ تۇرمىسىگە قاراپ ماڭىدۇ.

## 88. كوللىكتىپ كامىر

مەھبۇسلار دەرىزىگە يېپىشىپ: ئەنە كەلدى، — دېيىشىدۇ، ئىشىك ئالدىدا قېرى گۇندىپاي پەيدا بولىدۇ.

گۇندىپاي تەرىنى تۇرۇپ: قېنى قاچىلىرىڭنى ئەپكېلىشمەمسەن! خۇددى تويىدىن تويۇپ كەلگەندەك نېزىتقاپ تۇرۇشىسەنغۇ؟

دىخان: ساڭا بىزنىڭ بىر گېپىمىز بار ئىدى.

گۇندىپاي: نىمە گەپ ئۇ؟ ئېيتە.

دىخان: سىلەرنىڭ چوڭلار بىلەن كورۇشىەك دەيمىز.
گۇندىپاي: نىمە قىلماقچىسەن؟
دىخان: ئەنە ئاۋۇ تۇرمىدە يالغۇز يىتىۋاتقان كىشىنى ئارىمىزغا ئەپكېلىپ بىرىشكە ياردەم قىلالامدىكىن؟
گۇندىپاي: ئۇ شۇنچىلىك ئىتىۋارلىق ئادەممۇ؟
1 ـ مەھبۇس: ئۇ راۋاپ چېلىشتا پۈتۈن قەشقەردە داڭ چىقارغان يىگىت، ئۇنىڭ "تاشۋاي" دىگەن سازىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟
گۇندىپاي: ساز ئاڭلىمىغىنىمغا 40 - 50 يىل بولدى، مىنىڭ سازىم ھەرقايىسىڭىنىڭ تاياق ۋە كىسەل ئازاۋىدىن ئىڭراشلىرىڭ، خالاس.
3 ـ مەھبۇس: ئۇنداق بولسا سەن تېخىمۇ كۆچىسەڭ بولغىدەك.
2 ـ مەھبۇس: سىرتتا ئۇنىڭ بارات دىگەن ئاغىنىسىدا راۋابى بار، ئەگەر شۇ راۋاپنىمۇ ئەپكەلدۈرۈپ بىرەلىسەڭ بىزنى تېخىمۇ رازى قىلاتتىڭ.
دىخان دوپپىدىكى پۇللارنى شاراقشىتىپ كوز ـ كوز قىلىپ قويىدۇ.
گۇندىپاي دوپپىدىكى تەڭگىلەرگە كوز قىرىنى تاشلاپ:
ـــ خوپ، ئەپكەل پۇلۇڭنى.
دىخان: ئاۋال چوڭىڭنىڭ ۋەدىسىنى ئىلىپ چىق.
گۇندىپاي: بۇنىڭغىمۇ مەيلى، تۇتۇش قاچىلىرىڭنى.
ھەممەيلەن قاچىلىرنى تۇتۇشىدۇ، گۇندىپاي چىلىگىنى قۇرۇقداپ بولۇپ سىرتقا ماڭىدۇ. مەھبۇسلار ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ، ئۇ توغرىلىق مۇلاھىزىگە چۈشىدۇ.
1 ـ مەھبۇس: توڭلۇق قىلغىنى بىلەن ئازراق ئادەم-

گەرچىلىگىمۇ باردەك قىلىدۇ، بۇ قىزىنىڭ.

3 ـ مەھبۇس: راست، مەن ئۇنىڭ مەھبۇسلارنى ئۇرۇپ ـ تىللىغىنىنى كورۇپ باقمىدىم.

4 ـ مەھبۇس: ئۇ ھەممە ئادەمگە ئوخشاشلا تولۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، چوڭلىرى ئالدىدىمۇ ھىجىيىپ كەتمەيدۇ.

دىخان: بۇنىڭمۇ بىر دەردى بولسا كېرەك.

شۇ ئەسنادا گۇندىپاي بىر مانجۇنى باشلاپ چىقىدۇ، مانجۇ ھىلىگەرلىك بىلەن تۇرمىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

مانجۇ: ئاڭلىسام ھەرقايسىڭلارنىڭ ئەرز ـ تەلەپلىرىڭلار باردەك قىلىدۇ، بىز يوللۇق تەلەپنى ئەزەلدىن چەتكە قاققان ئەمەس، بىراق سىلەرنىڭ بۇ تەلەپلىرىڭلارنى يۇقۇرى قانداق ئويلىشىدىكىن؟

دىخان دوپپىسىغا تولدۇرۇۋالغان پۇلنى شاراقلىتىپ:

— بۇ ئاز بولسىمۇ ھەرقايسىلىرىغا قىلغان ئىلتىپاتىمىز، — دەيدۇ.

مانجۇ: ئىلتىپاتىنىڭ چوڭ ـ كىچىگى بولمايدۇ. بۇ ئىلتىپاتىڭلار ئۇچۇن مەنمۇ رەھمىتىمنى ئايىماي، يامىنىغا كەلسە، يۇقۇرىغا ئوزەم بىر نىمە دەي، قىنى ئۇ يىگىتنى بۇ يۇرتداشلىرىنىڭ يېنىغا ئەپكېلىپ قوي.

گۇندىپاي ئاچقۇچلىرىنى شاراقلىتىپ، تاشۋاينىڭ ياتقان كامىرىغا قاراپ ماڭىدۇ، دىخان دوپپىسىدىكى تەڭگىلەرنى مانجۇنىڭ ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئېتىگىگە توكىدۇ. مانجۇ ھىجايغىنىچە ئۇنى يانچۇقلىرىغا سىقىمداپ سېلىپ سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ ۋە تاشۋاينى ئېلىپ چىقىۋاتقان گۇندىپاي بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئىككى تال تەڭگىنى تاشلاپ بېرىپ يولىغا راۋان بولىدۇ.

### 89. كوللىكتىپ كامىر

تاشۋاي كىشىلەر بىلەن خوشال قۇچاقلىشىدۇ، قىرى گۇندىپاي ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ئۇن - تۇنسىز سىرتقا ماڭىدۇ.

2 - مەھبۇس ئۇنىڭ كەينىدىن تۇۋلايدۇ:

— هاي، راۋاپىنى ئەپكېلىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالـ مىغىن جۇمۇ!

### 90. گۇندىپاينىڭ ياتىغى، كەچ

تاشۋاي «گۇندىپاي 2 -»نى چالماقتا. بۇنى مۇڭلىنىپ ئاڭلاۋاتقان گۇندىپاي كوز يېشىنى توختىتالماي قالىدۇ، مۇزدكا ئاياقلىشىدۇ. گۇندىپاي پىيالىدە تاشۋايغا چاي ئۇزىتىپ تۇرۇپ:

— سەن بۇ راۋابىڭ بىلەن 50 يىللىق خۇمارىمنى يەشتىڭ، — دەيدۇ.

تاشۋاي: قانداق دەيلا؟

گۇندىپاي: مېنىڭ تۇرمىگە كىرگىنىمگە 50 يىلدىن ئاشتى، قىلغان جىنايىتىم — يوقسۇللۇق ۋە ئامالسىزلىقتىن 13 ياش ۋاقتىمدا بىر كىشىنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىشلا بولدى. ئۇ مېنى تۇتۇۋالدى، تۇرمىگە ئەپكېلىپ بەردى، مېنى سورايدىغان ھېچكىم بولمىدى، ئاتا - ئانام، ئۇرۇق - تۇققىنىم بولمىغاچقا ئىز - دېرىكىم قىلىنمىدى، نۇرغۇن دەۋرلەر ئوتتى، باشقا ھېچقانداق گۇنايىم بولمىغاچقا ئۇلار مېنى گۇندىپاي قىلىپ قويۇشتى...

گۇندىپاي كوزىگە ياش ئالىدۇ.

تاشۋاي: ئاھ، دەرخ!...

گۇندىپاي: راۋابىڭ شۇ ئېچىنىشلىق ھاياتىمنى ئەسلەتتى، كوز يېشىم دەريا بولۇپ ئاقتى. ئەنە شۇ قايغۇ

ئىچىدە سىنى ئويلىدىم، سەنمۇ مەندەك گۇناسىز ئادەمكەنسەن.
تاشۋاي: كوڭۇللىرىنى بۇزمىسىلا ئاتا!
گۇندىپاي: ئاخىرى ئويلاپ شۇنداق قارارغا كەلدىم، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەنلەر سېنىڭ بېشىڭغا كەلمىسۇن، ساڭا ياردەم قىلاي، بۇگۈن ئاخشام قېچىپ كەت.
تاشۋاي ھاياجانلىنىپ: راستما ئاتا؟
گۇندىپاي: بىراق قەشقەردە تۇرما، يىراق بىر يەرگە كەت.
تاشۋاي: ماقۇل.
گۇندىپاي: ئوشۇقچە ئاۋارە بولماسلىقىڭ ئۇچۇن يەنە بىر شۇمخەۋەرنىمۇ سەمىڭگە سېلىپ قوياي.
تاشۋاي چوچۇپ: نىمە شۇمخەۋەر ئۇ؟
گۇندىپاي: سېنىڭ مەشۇغۇڭ قازا تاپتى.
تاشۋاي قاتتىق تولۇقۇپتىدۇ: ھە؟!
گۇندىپاي كوزلىرىگە ياش ئېلىپ بېشىنى تۆۋەن سالىدۇ، تاشۋاي بېشىنى چاڭگاللاپ يىغلاپ تاشلايدۇ.
گۇندىپاي: سەۋىر قىل بالام.
تاشۋاي يىغلاپ تۇرۇپ گۇندىپايىنى قۇچاقلايدۇ: دەرت ـ ئەلەمنىڭ ھەممىسىلا ماڭا كېلەمدۇ؟
گۇندىپاي: بۇ ۋاپاسىز دۇنيا كىمنى خوش قىلغان؟ چىداملىق بول بالام، پەقەت چىداملىق ئادەملا ھەممىنى يېڭىدۇ.
تاشۋاي ئاستا ـ ئاستا ئوزىنى باسىدۇ ۋە ياشقا تولغان كوزلىرى بىلەن گۇندىپايغا تىكىلىدۇ:
— ئۇنىڭ قانداق قازا تاپقانلىقىدىن ئېنىقراق خەۋەرلىرى بارمىكىن؟
گۇندىپاي: بۇ پۈتۈن قەشقەردە بىر داستان.
تاشۋاي: داستان؟

گۆندىپاي: داستان بولغاندىمۇ، «غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر - زوھرە»لەردىن مىڭ ھەسسە تەسىرلىك داستان، بىر باينىڭ قىزىنىڭ ساڭا ئوخشاش بىر يوقسۇل ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشى ئاسان گەپمۇ؟!

تاشۋاي: مەن ئۈچۈن؟! ئاھ سويۇملۇگۇم، كوز نۇرۇم! (گۆندىپايغا) قېنى سوزلەپ بەرسىلە، مەن سويۇملۇگۇمنىڭ پاك مۇھەببەت يولىدا قانداق قازا تاپقانلىغىنى تولۇق ئاڭلاي.

گۆندىپاي: سەن تۈرمىگە ئېلىنىپ كوپ ئوتمەي ئومەر باي قىزىنى جۇمەشكە تويى قىلىپ بەردى، توي ناھايىتى چوڭ داغدۇغا بىلەن ئوتتى، ئۇنىڭغا دارىن جاناپلىرىمۇ قاتناشتى. بىراق نىكا ئوقۇيدىغان مەزگىلدە قىز يوق.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە لەيلىگۈل ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغانغا قەدەر بولغان ئاساسلىق كورۈنۈشلەر غىل - پال كورستىپ ئوتۇلىدۇ.

تاشۋاي بېشىنى چاڭگاللاپ قاتتىق يىغلايدۇ:

— ئەمدى مېنىڭ ھايات ياشىشىمنىڭ نىمە لەززىتى بولسۇن؟ لەيلىگۈلنى تۇمەن دەرياسىنىڭ ئاستىدىن تېپىشىم، ئۇنىڭ بىلەن مۇرات - مەقسىدىمگە يېتىشىم كېرەك.

گۆندىپاي قوپاللىق بىلەن: ئەخمەق، سەن ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىڭنى ئولمەي تۇرۇپمۇ ئىپادە قىلالامسەن؟! مەسىلەن، سەن ئۇنىڭ مازىرىغا چىراق ياق، بېشىدا يىغلا، ئوز راۋابىڭ ئارقىلىق ئۇ توغرىلىق كىشىلەر سويۈپ ئوقۇيدىغان غەزەللەرنى يارات...

تاشۋاي: مەن چەتكە چىقىپ كەتسەم، ئۇنىڭ مازارىنى قانداقمۇ تاۋاپ قىلالايمەن؟

گۆندىپاي: بۇ زامانىنى مەڭگۈلۈك دەمسەن؟! دارىن

دىگىنىگەنۇ ئۆلمەمدۇ، تۇرمىدىن چىقتىڭ، بولدى قۇتۇلدۇڭ، بىرنەچچە ئاي ياكى بىرنەچچە يىلدىن كېيىن يۇرتقا قايتىپ كېلىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. ئەمىسە بۈگۈن سەن ئازات. چېرىكلەر ئۇخلىغاندىن كېيىن ماڭىسەن.

تاشۋاي: رەھمەت سىلىگە.

ئىككىسى قۇچاقلىشىدۇ.

91. باراتنىڭ ئۆيى، توخۇ چىللىغان چاغ

بارات بىلەن تاشۋاي جىددى يول تەييارلىقىنى قىلغاندىن كېيىن ئاستا تالاغا چىقىدۇ ۋە چوڭ يولنى بويلاپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

92. تاقتا تۇتاش تاقىر ساي، كۈندۈز

ئۇزۇنغا سوزۇلغان توگە كارۋانلىرى سايلىقتىن ئۆتۈپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. كولدۇملارنىڭ بىرخىل رىتىمدا جاراڭلىشىغا ئەگىشىپ "ياھۇ" مۇزىكىسى بېرىلىدۇ.

توگىگە مىنىۋالغان تاشۋاي يىراقلارغا تىكىلگىنىچە ناخشا ياڭرىتىدۇ:

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە،
يار، دەپ يىغلايمەن.
خۇدا بەرگەن ئامانەتنى،
ئال دەپ يىغلايمەن.

ئىگىز - ئىگىز چوققىلاردا،
چىراق كويىدۇ.
چىراق ئەمەس يارنىڭ ئوتى،
يۈرەك كويىدۇ.

توگە كارۋىنى ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىپ كۆزدىن غايىپ بولىدۇ.

93. ئاپپاق غوجا گۇمبىزى ئالدى، ياز

ھەر يىلى 5 ـ 6 ـ ئايلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك ھەزرەت سەيلىسى داۋام قىلماقتا.

گۇمبەزنىڭ ئالدى ـ ئارقىسى، مەسچىت ـ قەۋرىستانلىق، شەرۋەت كۆلى بويىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئاستى ھەرخىل كىيىنگەن ئەر ـ ئايال تاماشىچىلار ۋە ھەرخىل يىمەكلىك ـ لەرنى سېتىۋاتقان تىجارەتچىلەر بىلەن تولغان.

داۋازلىق، سېھىرگەرلىك، قوچاق ئويۇنى، چىغرىق ئويۇنى قاتارلىق ھەرخىل ئويۇنلار كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلايدۇ.

شۇ ئەسنادا راۋاپ بىلەن چېلىنىۋاتقان «گۇندىپاي 2 ـ» پەدىسى ياڭراشقا باشلايدۇ، كۆپچىلىك راۋاپ ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قارايدۇ.

توپ ئارىسىدىكى چاچ ـ ساقىلىنى پاكىز ياساتقان كىشى (جۇمەش تۇرمىگە سولاتقان دىخان) ئالدىراشلىق بىلەن توپ ئىچىدىن قىسىلىپ چىقىپ كىشىلەر ئارىسىدا راۋاپ چېلىۋاتقان روزىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ.

ــ يىگىت،ــ دەيدۇ دىخان ساز ئاياقلاشقاندىن كېيىن،ــ سەن بۇ پەدىنى نەدىن ئۆگىنىۋالدىڭ؟

روزى: قانداق دەيلا؟

دىخان: بۇ تاشۋاينىڭ پەدىسىغۇ؟

روزى: شۇنداق، مەن بۇنى تۈرمىدىن چىققانلاردىن ئۆگىنىۋالدىم.

دىخان: شۇنداق، بۇنى تاشۋاي تۈرمىدە ئىجات

قىلغان.

روزى: سىلە قانداق بىلىدىلا؟

دىخان: مەن تۇرمىدە تاشۋاي بىلەن بىللە ياتقان.

روزىنىڭ كوزى نۇرلىنىپ كېتىدۇ، باشقىلارمۇ ھايا-جانلىنىپ دىخانغا ھورمەت تۇيغۇسى بىلەن قارايدۇ.

ئاماl: تاشۋاينى تۇرمىدىن قېچىپ كېتىپتۇ دىگەن سوز بار، بۇ راستمۇ؟

دىخان: بۇنىڭغا بىر يىلدىن ئارتىپ قالدى، بىراق ئۇنىڭ ھىلىغىچە نەدە تۇرۇۋاتقانلىغىنى ھىچكىم بىلمەيدۇ.

ئاما2: نەدە بولسا، خۇدايىم بېشىنى ئامان قىلسۇن.

روزى: جامائەت ئۇنى قاتتىق سېغىنىدى، ئۇنىڭدەك سازەندە دۇنياغا ئىككىنچى كېلەمدۇ-يوق. بۇ ناتايىن. ئامال بولسا بىللە ئوتكىنىمىز ياخشى ئىدى.

دىخان: ئۇنىڭ بېشى ئامان بولسىلا ئاخىرى بىر كۇن قايتىپ كېلىدۇ.

روزى: مەن ئۇنىڭ بار يېرىنى بىلسەملا، جەزمەن ئۇنىڭ ئالدىغا باراتتىم.

دىخان ھاياجانلىنىپ: شۇنداقمۇ؟

روزى: شۇنداق.

دىخان روزىنىڭ قۇلىغىغا پىچىرلاپ: ئۇنداق بولسا ساڭا مەن بىر يول كورسىتەي.

94. ئەنجان شەھىرىگە قاراشلىق يان كوچا،

ياز، كۇندۇز

ئاددىلا سېلىنغان مەسچىتنىڭ پەشتاقلىق مۇنارلىرى كورۇنۇپ تۇرغان يان كوچىنىڭ ئىككى تەرىپى ساماۋار-خانا ۋە ھەرخىل يېمەكلىك دۇكانلار بىلەن تولغان

بولۇپ، بازار قىزىغان.

كېيىنكىشىدىن ھەرخىل تەبىقىگە مەنسۇپلىقى بىلىنىپ تۇرغان خىلمۇ-خىل قىياپەتتىكى كىشىلەر بازار كەزمەكتە. بەزىلىرى ساماۋارخانىلارغا ئاقماقتا.

دەل شۇ چاغدا بازاردىكى ۋاڭ-چۇڭنى بېسىپ مۇڭلۇق راۋاپ ئاۋازى كۆتۈرۈلىدۇ. ھەممەيلەن راۋاپ ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قارايدۇ. بەزىلىرى راۋاپ چېلىنىۋاتقان چايخانىغا يېقىنلىشىدۇ.

چايخانىنىڭ ئىشىكى ئۈستىدە «سالىخجاننىڭ ساماۋارخانىسى» دېگەن خەت يېزىلغان سۇرەتلىك تاختا كورۇنىدۇ.

## 95. چايخانا ئىچى

تاشۋاي بوگلۇك ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ، راۋاپ چېلىپ، ناخشا ئېيتماقتا. چايخانىغا لىق تولغان ھەرخىل ياشتىكى كىشىلەر ئالدىغا قويۇلغان چايلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا تاشۋاينىڭ ناخشىسىنى بېرىلىپ ئاڭلىماقتا:

ناخشا: لاچىن سوققان توشقاننىڭ، ئادارگۇل،
جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.
مەن غېرىپ مۇساپىرنىڭ، ئادارگۇل،
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار.

ئاتامغا نېمە دەپ يىغلاي، ئادارگۇل،
ئانامغا نېمە دەپ يىغلاي.
ئېتىمنىڭ ئالدىدىن ئاشقان، ئادارگۇل،
ساماندەك سارغىيىپ يىغلاي.

ناخشا ئارىلىغىدا ناخشىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان كىشىلەر-
نىڭ قىياپەتلىرى ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىلىدۇ.
سالىخجان ئاكا ۋە ئۇنىڭ يان ئۆيىدىكى ساماۋار
ئالدىداچاي تەييارلاۋاتقان قىزى گۈلچېھرەنىڭ ھاياجانلىق
چىرايىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

ناخشا ئاخىرلىشىدۇ، ھەممە ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي
تاشۋايغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەينى-
كەينىدىن ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

— ئاپىرىن، ئاپىرىن!

— قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن، قەشقەر بۇلبۇلى!

## 96. چايخانىغا قاراشلىق ناۋايخانا

تاشۋاي چىرايلىق قىزىرىپ پىشقان گىردىلەرنى
تونۇردىن سويماقتا. سالىخجان ئاكا بىر گىردىنى قولىغا
ئېلىپ زوقلىنىپ: گىردىلىرىڭىز قەشقەر ئانارىنىڭ ئۆزى
بوپتۇ ئوغلۇم، — دەيدۇ.

— ياق، — دەيدۇ تاشۋاي كەمتەرلىك بىلەن جاۋاپ
بېرىپ، — ماختىغىچىلىكى يوق.

— سىز مۇشۇنداق چىرايلىق گىردىلىرىڭىز،
يېقىملىق راۋابىڭىز، مۇڭلۇق ناخشىلىرىڭىز بىلەن تاشلىنىپ
قالغان ساماۋارخانامنىڭ خېرىدارلىقىنى بەكمۇ ئاشۇرۇۋەت-
تىڭىز، — دەيدۇ، سالىخجان ھاياجان بىلەن، — مەن خەلقى
ئالەم ئالدىدا سىز بىلەنلا ماختىنىمەن.

— ئۇنداق دېمىسىلە، — دەيدۇ تاشۋاي، — سىلىدەك
مېھرىۋان كىشىنىڭ بولغانلىقىدىن بىزمۇ خۇشال، مانا،
بارات ئىككىمىزنىڭ ئويلىرىدە يېتىپ - قوپۇپ يۈرۈۋات-
قىنىمىزغا بىر يىلدىن ئېشىپ قالدى، يات كىشىنىڭ،

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزگە ئەلدىن سەرگەردان بولۇپ كەلگەن كىشىنىڭ بۇنداق غەمخورلۇقى ئىگە بولۇشى ئاسان ئەمەس.
— مەن سىزنىڭ بۇنداق تەكەللۇپلۇق سوزلەرنى قىلىشىڭىزنى ياقتۇرمايمەن، — دەيدۇ سالىخجان قىزىشىپ، — چۈنكى مەن سىزگە ئەمەس، سىز ماڭا پايدا كەلتۈرۈۋاتىسىز، سىزگە مېنىڭ ئويۇم ئومۇرلۇك ئوچۇق.
— كوڭۈللىرىڭگە رەھمەت، — دەيدۇ تاشۋاي كۈلۈمسىرەپ.

97. چايخانا ئىچى، كەچ

پانار يورۇتۇلغان چايخانىدا سالىخجان ئاكا بىلەن گۈلچېھرە، چىنە - چەينەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئۈستەللەرنى سۈرتمەكتە.
سالىخجان ئاكا گۈلچېھرەگە قاراپ: بولدى قىزىم، قالغىنىنى ئوزەم يىغىشتۇرۇۋېتەي، سەن تاشۋاي ئاكاڭغا ئاۋات سېلىپ بىر چەينەك چاي دەملەپ ئەپكىرىپ بەر.
گۈلچېھرە: ماقۇل ئاتا.
گۈلچېھرە چاي دەملەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. سالىخجان ئاكا ئۈستەللەرنى سۈرتۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.
كوڭلىدىن مۇنۇ سوزلەر كېچىدۇ: گۈلچېھرەمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، كوڭلۈمگە پۈككەنلىرىمنى بارات بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقسام قانداق بولىدىكىن؟
سىرتتىن بارات كىرىپ كېلىدۇ.
بارات: ھارمىغايلا ئاتا.
سالىخجان ئاكا: كېلىڭ بالام، بۈگۈن ئەجەپمۇ كەچ قالدىڭىز.
بارات: يۈك بېسىلىدىغان ھارۋىلار كېچىكىپ

كېلىپ قالدى، ئاتا.

سالىخجان: ئاشۇ ئىشنى قىلمىسىڭىزمۇ، چايخانىدا سىزگە چۈشلۈق ئىش تېپىلاتتى. ھاممالچىلىقنىڭ نەرگە شۇنداق خۇشتار بولۇپ قالدىڭىزكىن تاڭ، بىلەلمىدىم.

بارات كۈلۈپ: ھاممالچىلىق مېنىڭ كونا كەسپىم، مەن ئۇ ئىشقا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن، بىرەر كۈن يۈك كوتەرمىسەم دۈمبەم قىچىشىپ، كوڭلۈممۇ بىئارام بولۇپ قالىدۇ. ھا،ھا،ھا....

سالىخجان قاقاقلاپ كۈلگىنىچە: بۇ ئادەتلىنىشكە باغلىق ئىش، مەنمۇ ئۆزەم چاي دەملەپ ئىچمىگىچە باشقىلارنىڭ چېيى خۇمارىمنى باسالمايدۇ، شۇڭا مەن چايخانىدىن ئايرىلالمايمەن.

ھەر ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ.

## 98. تاشۋاينىڭ ھوجرىسى

ئىشىك ئېچىلىپ نان، چەينەك ۋە چىنە قويۇلغان پەتنۇسنى كوتەرگەن گۈلچېھرە كىرىپ كېلىدۇ.

راۋابنى تۈتقىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان تاشۋاي بېشىنى كوتىرىپ، راۋابنى يېنىغا قويۇپ، ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرىدۇ:

— كېلىڭ گۈلچېھرە.

گۈلچېھرە تارتىنچاقلىق بىلەن پەتنۇسنى ئۇستەل ئۇستىگە قويۇپ، ئىشق ئوتى يالقۇنلاپ تۇرغان كوزلىرىنى تاشۋايدىن قاچۇرغان ھالدا:

— چاي ئىچىڭ تاشۋاي ئاكا، — دەيدۇ.

تاشۋاي تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، ئۇستەلنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، گۈلچېھرە چىنىگە چاي قۇيۇپ، قوللىرى تىترىگىنىچە تاشۋايغا ئۇزىتىدۇ.

تاشۋاي گۇلچىھرەنىڭ چىنىدىكى چاينى داۋالغۇتۇپ، ئۇزلۇكسىز تىترەپ تۇرغان قوللىرىغا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن كوزىگە تىكىلىدۇ.

ئۇياتچانلىق بىلەن يەرگە بېقىپ تۇرغان بۇ كوزلەردىن ئاجايىپ كۇچلۇك ئىشق يالقۇنىنى كورگەن تاشۋاي ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن لەيلىگۇلنىڭ خۇددى شۇنداق شەھلا كوزلىرى لىپ قىلىپ ئوتىدۇ. گۇلچىھرەنىڭ خۇددى لەيلىگۇلدەك ئۇنىڭ راۋابىنى تەشنا-لىق بىلەن ئاڭلاۋاتقان كورۇنۇشلىرى بىر-بىرلەپ ئوتىدۇ. تاشۋاي كورۇنۇشلەر تەسىرىدىن ھاياجانلىنىپ، بىر ھازا تۇرۇپ قالىدۇ-دە، گۇلچىھرەنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى-دىن چىنىنى ئالىدۇ، ئۇنىڭ قوللىرىنىمۇ تىترەك باسىدۇ، چاي داۋالغۇپ ئۇستەلگە توكۇلىدۇ.

### 99. چايخانا ئالدى، كۇندۇز

روزى، تاھىر كارۋان قاتارلىق بىرقانچە كىشى چايخانا ئالدىغا كېلىدۇ. "سالىخجاننىڭ ساماۋارخانىسى" دىگەن خەت يېزىلغان سۇرەتلىك تاختا ئۇلارنىڭ كوز ئالدىدا گەۋدىلىنىدۇ.

تاھىر كارۋان روزىغا چايخانىنى ئىشارە قىلىپ: مانا مۇشۇ چايخانا، — دەيدۇ.

ھەممەيلەن چايخانىغا قاراپ ماڭىدۇ.

### 100. ناۋايخانا

تاشۋاي نانغا خېمىر يۇغۇرۇش ئۇچۇن ئەمبەلگە ئۇن توكى-دۇ. چايخانا ئىچىدىن قەشقەر راۋابىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى كېلىدۇ.

تاشۋاي هاڭ - تاڭ بولغىنىچە راۋاپ ئاۋازىغا قۇلاق سالىدۇ:
— ئەجەبا، قەشقەر راۋابىنىڭ ئاۋازى كېلىدا؟!
چايخانا ئىچىدىن راۋاپقا تەڭكەش ناخشا ياڭرايدۇ.
ناخشا: سېنى ئەنجاندا دەپ ئاڭلاپ،

بېلىمنى شوينىدا باغلاپ.

قول سېلىپ چىقىپ كەلدىم،

باياۋان چۆللىدە يىغلاپ.

تاشۋاي ناخشىنى ئاڭلىغانسېرى كوزلىرى نۇرلىنىپ، يۈزىنى ئىللىق تەبەسسۇم قاپلايدۇ.

— ئاھ، بۇ روزىغۇ! مېنىڭ قەشقەرلىكىم، مېنىڭ دوستۇم، مېنىڭ ئىنىم!

تاشۋاي ئالدىراپ قوللىرىنى پەشتامىسىغا سۈرتىدۇ.

101. چايخانا ئىچى

ئىشىكتىن ئىتتىلىپ كىرىپ كەلگەن تاشۋاي چايخانىدا راۋاپ چېلىپ ئولتۇرغان روزىنى كورۇپ، ئۇزىنى باسالماي تووۇلايدۇ.

— روزى!

روزى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، راۋابىنى ئۇس-تەل ئۇستىگە قويىدۇ-دە، ”تاشۋاي ئاكا!“ دىگىنىچە تاشۋايغا قاراپ ئىتتىلىدۇ، تاشۋايمۇ يۈگۈرۈپ كېلىدۇ، ئىككى دوست چايخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىڭ قۇچاقلىشىدۇ.

102. تاشۋاينىڭ ھوجرىسى

تاشۋاي بىلەن بارات، روزى، تاھىر كارۋان قاتارلىقلار قىزغىن پاراڭلاشماقتا.

تاھىر كارۋان كۈلۈمسىرەپ: مەن سىلەرنى بۇ يەرگە

ئەپكىلىپ قويغانلىقىمنى قاتتىق سىر قىلىپ ساقلاپ كەلگەن ئىدىم، كېيىنچە روزى نەدىن بىلىپ قالدىكىن، ئاكا، مېنىمۇ ئەنجانغا ئالغاچ بارغان بولساڭ، تاشۋاي ئاكاملارنى بىرلا كورۇۋېلىپ قايتىپ كەلگەن بولسام، ئارمىنىم قالمايتتى، دەپ تۇرۇۋالدى.

روزى تاشۋايغا قاراپ: سەندىن ئايرىلغان شۇ كۈندىن باشلاپ، تا هازىرغا قەدەر سېنى ئەسلىمىگەن بىرمۇ كۈنۈم يوق. ئەتىدىن تا كەچ كىرگىچە ۋاقتىم بولسىلا سېنىڭ پەدىلىرىڭنى چالىمەن، شۇڭا كېيىنچە ئالاھىدە سورۇنلارغا تەكلىپ قىلىنىدىغان ئۇستا راۋاپچىلار قاتارىدا كىرىپ قالدىم.

هەممەيلەن خوشال كۈلۈشىدۇ.

تاھىر كارۋان تاشۋايغا قاراپ: سېنىڭ پەدىلىرىڭ هازىر قەشقەردە روزىغا ئوخشاش نەچچە مىڭلىغان راۋاپچى-لارنى قاتارغا قوشتى. قايسى تەرەپكىلا قارىساڭ راۋاپ كوتىرىپ يۈرگەن باللارنى كورىسەن. هەممىسىلا سېنىڭ پەدىلىرىڭگە چالىدۇ. «تاش پەدە»، «ساپ ئېرىق»، «سۇلۇن»، «ئاشناجان»، «يار مۇرادىغا يەتتى»، «قادىرمەۋلان»، «غوك پەدە» هە هىلىقى هەپسىدە ئىشلىگىنىڭ نىمىدى؟

تاشۋاي ئاغزىنى ئومەللىشىگە بارات جاۋاپ بېرىدۇ.

— «گۈندىپاي ناخشىلىرى»

تاھىر كارۋان: هە توغرا، «گۈندىپاي ناخشىلىرى»، بۇلارنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق.

روزى: پەدىلىرىڭنى چالغانسېرى ساڭا بولغان سېغى-نىشىمىز ئېشىپ، سېنىڭ پارىڭىڭغا چۈشۈپ كېتىمىز.

تاھىر كارۋان: شۇنداق، نەچچە مىڭلىغان كىشىلەر سې-نىڭ يولۇڭغا تەقەززا بولۇپ تۇرۇپتۇ.

تاشۋاي ھاياجانلىنىپ كوزلىرىگە ياش ئالدۇ، بارات يۇرتقا بولغان كۈچلۈك سېغىنىش بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويىدۇ. تاشۋاي ئۇنىڭغا لاپ ئېتىپ قارايدۇ ـ دە، روزى بىلەن تاھىر كارۋانغا يۈزلىنىپ: بىزمۇ يۇرتنى سېغىنـ دۇق، بىزنىڭمۇ يۇرتنى ئويلىمىغان، گېپىنى قىلمىغان بىرمۇ كۈنىمىز يوق. مېنى دەپ باراتمۇ مەن بىلەن بىللە سەرسان بولۇپ يۈرگىنىدە بىر يىلدىن ئاشتى، بۇ ئارىلىقتا مەن يۇرتقا قايتىشنى قانچە ئويلىغان بولساممۇ بۇنىڭ ئامالىنى قىلالماي يۈرگەن ئىدىم، بۈگۈن سىلەرنىڭ يۇرتنىڭ سالد ـ مىنى ئېلىپ كېلىشىڭلار بىزنىڭ يۇرتقا بولغان سېغىنىشىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، ”تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز“ دەپـ ـ تىكەن، نىمە كورسەك ئوز يۇرتىمىزدا كورەيلى، بىزمۇ سىلەر بىلەن بىللە كېتەيلى.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، پەتنۇستا چاي كوـ تەرگەن گۈلچېھرە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ، گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە تەشۋىشكە تولغان كوزلىرى بىلەن تاشۋايغا تىكىلىپ قارايدۇ ـ دە، پەتنۇسنى ئالدىغا قويغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، غەمكىن قىياپەتتە چىقىپ كېتىدۇ.

103. سالىخجان ئاكىنىڭ ھويلىسى

تاشۋاينىڭ ھوجرىسىدىن چىققان گۈلچېھرە يۈگۈرگىنىچە ھويلىنى كېسىپ ئوتۇپ چايخانىنىڭ ھويلا ئىشىگىنى ئاچىدۇ.

104. چايخانا

ساماۋار ئالدىدا تۇرغان سالىخجان ئاكا كوزلىرى تەشـ ۋىش ئىچىدە چاقناپ تۇرغان گۈلچېھرەگە:

— نىمە؟ تاشۋاي كېتىمەن دەمدا؟!

105. سالىخجان ئاكىنىڭ ئۆي ئىچى

تېمىغا "ئىران" نۇسخىلىق گىلەم تارتىلىپ ئاددىلا جاھازلانغان ئۆيدە سالىخجان ئاكا تاشۋاي بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشماقتا.

سالىخجان ئاكا: ھەممە يەر خۇدانىڭ يېرى "بىر چوڭ-نىڭ سوزىنى ئاڭلا، بىر كىچىكنىڭ..." دەپتىكەن، مەن ئەقىل - ئىدرەكتە ساڭا يەتمىسەممۇ، ساڭا بولغان كويۇمچان-لىقىم ۋەجىدىن نەچچە ۋاقتىن بېرى كوڭلۇمگە پۇكۇپ يۇر-گەن سوزلىرىمنى سەمىڭگە سالماقچىمەن.

تاشۋاي سالىخجان ئاكىنىڭ سوزلىرىگە ئەدەپ بىلەن قۇلاق سالىدۇ. سالىخجان ئاكا سوزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ: مې-نىڭ دۇنيالىقتا گۇلچېھرەدىن باشقا ھېچ كىشىم يوق، مېنىڭ پۇتۇن تەلۇقاتىم شۇنىڭغا قالىدۇ، ئۇنىڭغا ھازىرغىچە سەن-چىلىك بىر لايىق كىشى چىققىنى يوق، مەن ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويۇشنى كوڭلۇمگە پۇكۇپ يۇرگەن ئىدىم، توت كۇنلۇكلا ئومرى قالغان مەندەك بىر بوۋاينىڭ كوڭلىنى قايتۇرمىساڭ، مەن ساڭا ئاتا بولۇپ قالسام.

تاشۋاي سەمىمىلىك بىلەن: مەن ئاتا - ئانامدىن كىچىكلا يېتىم قېلىپ سەرسان بولۇپ يۇرگىنىمدە رېھىم ئىسسىقلىك بىر كىشى ماڭا ئاتىلىق مېھرىنى بېرىپ مېنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان ئىدى، مەن ئۇ كىشىنى ئومرۇم بويى ئۇنتۇ-مايمەن، بېشىمغا كۇن چۇشۇپ ئوز يۇرتۇمدىن ئايرىلغاندا سىلىمۇ ماڭا ئاتا بولۇپ، سەرگەردانلىقىمنى بىلىندۇرمىدىلە، شۇڭا مەن سىلىنى 2 - ئاتام دەپ بىلىمەن، سىلىنىمۇ رېھىم

ئاتامنىڭ قاتارىدا يۈرىگىمدە ساقلايمەن. بىراق كونىلاردىن قالغان "ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار" دىگەن سوز بار ئىكەن، يۇرت مېنى كېچە-كۈندۈز سېغىندۇرۇۋاتىدۇ، مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلالمىغىدەكمەن، كوڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ئاتا.

سالىخجان ئاكا ئېغىر خۇرسىنىپ چوڭقۇر خىيالغا چوكدۇ. گۈلچېھرە چاي كوتىرىپ كىرىپ كېلىدۇ.

سالىخجان ئاكا گۈلچېھرەگە قاراپ: قىزىم، تاشۋاي ئاكاڭ ئوز يۇرتىغا قايتماقچى. بىز ئۇنى بۇنداقلا ئۇزىتىپ قويساق بولمايدۇ. مەن گوش، سەۋزە تېپىپ كېلىپ، ئوز قولۇم بىلەن بەتتە پولو ئېتىپ بېرەي، بىزنىڭ ئاخىرقى خوشلىشىشىمىز شۇنداق ئوتسۇن، — دەيدۇ-دە، سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ.

گۈلچېھرە چاي تولدۇرۇلغان پىيالىنى تاشۋايغا ئۇزىت-ىدۇ-دە، بىردىن يۇزىنى يانغا ئورۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋېتىدۇ.

106. تاقىرساي، كۈندۈز

تىنجىق ئىسسىق كوتىرىلىپ تۇرغان كەڭ تاقىر سايدا كولدۇملىق توگە كارۋىنى قاتار تىزىلىپ كەلمەكتە.

قاتارنىڭ ئالدىدىكى ئىككى توگىگە مىنگەن تاشۋاي بىلەن بارات ھاياجاندىن كوزلىرى نۇرلانغان ھالدا ئۆزئارا سوزلەشمەكتە.

— ئاھ، قەشقەر! بۇرنۇمغا قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ئۇرۇلۇ-ۋاتىدۇ، — دەيدۇ تاشۋاي ھاياجان بىلەن.

— يۇرتقا يېقىنلىشىپ قالدۇق، — دەيدۇ بارات خوشال كۈلۈپ.

— بىر يېرىم يىل، — دەيدۇ تاشۋاي شېھىر ئوقۇغاندەك

ھىسسىياتتا، — بۇ بىر يېرىم يىل ئۇزگە ۋەتەندە قانچىلىك تەسلىكتە ئۇتمىدى؟! مەن جۇدالىق ئىچىدە ئۇتكەن بۇ بىر يېرىم يىلنىڭ قايسى مىنۇتىدا قەشقەرنى ئەسلىمىدىم؟! ئاھ قەشقەر؟ ئاھ، كىندىك قېنىم تامچىلىغان يۇرت!

### 107• داۋان

توگە كارۋىنى ئىگىز داۋاندىن چۇشمەكتە.

### 108• بۇلاق بويى

كارۋان داۋاندىن چۇشۇپ، يول بويىدىكى چوڭ بىر قۇرام تاشنىڭ تۇۋىدىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇلاق بويىدا توختايدۇ. ھەممەيلەن توگىدىن چۇشۇپ، يۇز-قوللىرىنى يۇيۇپ، سۇزۇك سۇنى ئوچۇملاپ تۇرۇپ باغرى قانغىچە ئىچىشىدۇ. ھاياجانغا تولغان تاشۋاي راۋابىنى قولىغا ئېلىپ، بارات، داۋۇت، تاھىر كارۋان قاتارلىقلارغا قاراپ:

— ئىنىشاڭلار، مېنىڭ ۋەتەنگە تەقدىم قىلغان يېڭى پەدەمنى دەيدۇ - دە، تارىلارغا زەخمەك ئۇرىدۇ.

ناخشا: ھەر شەنبە چىقىپ يەيتتىم،
مەي باغلىغان ئۇژمەڭنى.
يىل ئۇتتى چىقالمادىم،
نە قىلاي غېرىبلىقنى.

كاۋابى سەھرا
يېنىپ كەلدۇق ئەي باللا

راۋاپىنى چالاي ئوزۇم
يىغلايدۇ قارا كوزۇم.

كىشىنىڭ يۈرتىغا بېرىپ،
ئۆتمىدى مېنىڭ سوزۇم.
كاۋابى سەھرا
يېيىپ كەلدۇق ئەي باللا.

### 109. ھېيتكا ئالدىدىكى چايخانا، ياز، كەچقۇرۇن

تاشۋاي چايخانا ئالدىدىكى بۇگلۇكتە بارات، روزىلار بىلەن يانمۇ-يان ئولتۇرۇپ «غوڭ پەدە»گە چالماقتا. بۇگلۇك ئەتراپىنى سانجاق-سانجاق بولۇپ قورشىۋالغان كىشىلەر تاشۋاينىڭ پەدىسىنى زوق بىلەن ئاڭلىماقتا.

شۇ چاغدا ھېيتكانىڭ بىر تەرىپىدە ھەيۋەت كىيىنە-ۋالغان جۇمەشىنىڭ سورۇن تەلەتى كورۇنىدۇ. كوزلىرىنى چەكچەيتكەن ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا يېنىدىكى نەۋكەرىگە پىچىرلايدۇ:

— بۇ يالاڭتوشنى جەزمەن ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاش كېرەك.

نەۋكەر: ھازىرىلىمۇ؟

جۇمەش: قاپاقۋاش! ئۇنى قانداق ھازىر جابىلغىلى بولسۇن! ئىشەنچلىك، قاۋۇل چېرىكلەردىن ئون نەچچىنى توپلا، ئۇنىڭ خالى قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ...، دەيدۇ-دە، ئۇنى يوقىتىش ئىشارىسىنى قىلىپ ئالقىنىغا مۇشتلايدۇ.

### 110. جۇمەشىنىڭ ئويى، كەچقۇرۇن

جۇمەشىنىڭ ئىشىگى قېقىلىدۇ، ئىشىك ئېچىلىپ جۇمەشىنىڭ بېشى كورۇنىدۇ: — ھە؟

ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان نەۋكەرنىڭ چىرايى كورۇنىدۇ.

— تاشۋاي ھەزرەتتە ئىكەن، — پىچىرلايدۇ چېرىك.

— ھەي، — دەيدۇ جۇمەش بېشىنى ئىكەپ، — ھەممىڭلار تەق بولۇڭلار.

## 111. ئاپپاق غوجا گۇمبىزىنىڭ كەينىدىكى زاراتلىق، ئايدىڭ كېچە

كەڭ شىپھىتلىقتىكى ھەر خىل قەۋرە تاشلىرى، تۇلۇق-لار، گۇمبەزلەر ئاي نۇرىدا غۇۋا تۇسكە كىرگەن.

ئەنە شۇ شىپھىتلىقنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان بىر قەۋرىنىڭ يېنىدا بىر كىشى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇز ھەس-رىتىنى توكمەكتە. بۇ تاشۋاي ئىدى.

ئۇنىڭ كوزىدىن ئاققان ياش مەڭزىنى بويلاپ كوكسىگە توكۇلىدۇ.

— ھى...ھى...ھى...ھى...

كىنايە ئارسلاش ئاچچىق كۇلكە تاشۋاينى ئۇزىگە كەلتۇرىدۇ. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، بېلىگە تايىنىپ تىكىلىپ تۇرغان جۇمەشنى كورىدۇ.

— يىگىت، — دەيدۇ جۇمەش ئاچچىق كۇلۇپ، — خۇدا ئىككىمىزنى بۇ جانانىنىڭ ئولۇگىگە كۇندەش قىلىپ ياراتقان ئىكەن، بۇگۇن ئىككىمىزنىڭ بىرى جەزمەن بۇ جانانىنىڭ يېنىغا راۋان بولىمىز.

جۇمەش يىگىنى شىمايلاپ تاشۋايغا يېقىنلىشىدۇ، تاش-ۋاي ئورنىدىن ئارسلاندەك چاچراپ تۇرۇپ، ھايات-مامات جېڭىگە تەق بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇلار ئۇشتۇمتۇت بىر بىرىگە قوشقاردەك ئېتىلىدۇ، مۇشتقا مۇشت، باشقا-باش تېگىپ ئاياقلار ئاستىدا توپا كوتىرىلىدۇ. كۇچلۇك قوللار بىر بىرىنىڭ بەللىرىگە يېپىش-شىپ، پۇتلار بىر بىرىگە چىرمىشىدۇ-دە، جۇمەش ياميپاشقا

چىقىپ يىقىلىدۇ. تاشۋاي ئۇنىڭ ئۇستىگە مىنىپ تۇرۇپ، سول قولى بىلەن گېلىنى سىقىپ، تاشتەك تۇرۇلگەن ئوڭ مۇشتىنى ئىشقا سالىدۇ. جۇمەشنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كېتىدۇ - دە، «ياردەم» دەپ تووۋلىۋېتىدۇ، شۇئان ئەتراپتا موكۇنۇۋپ تۇرغان 6 - 7 لۈكچەك ئېتىلىپ چىقىدۇ، تاشۋاي ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە ئۇنىڭ باش - كوزىگە مۇشت ياغدۇرىدۇ. تاشۋاي يىقىلىدۇ، لۈكچەكلەر ئۇنى قاتتىق ئوكچىلىك ئاياقلىرى بىلەن بىر هازا تېپىپ - دەسسەشكەندىن كېيىن، ياقىسىنى يىرتىپ، يۇرىگىنى تۇتۇپ كورىدۇ. قول - پۇتلىرىدىن تۇتۇپ ئۇستى ئوچۇق بىر گورگە تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالىدۇ.

شۇ چاغدا پوچۇق گۇمبەزنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئەهۋالنى باشتىن - ئاياق كورۇپ تۇرغان قېرى گوركا ئەتراپقا چوچۇپ - چوچۇپ قارىغانچە تاشۋاي تاشلانغان ئوچۇق گورنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

## 112. تۇمەن بويى، كۇندۇز

ئەسكى گەمە ئىچىدە يۇزلىرى ئىششىغان، كوكەرگەن تاشۋاي كېسەل ئازاۋىدىن چىشلىرىنى چىڭ چىشلىگىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ، بورا ئۇستىدە ئوڭدا ياتماقتا. ئۇنىڭ يېنىدا دوستى بارات كوزلىرى لىق ياشقا تولغان هالدا ئۇنى ئەيىپلىمەكتە.

— هەي .... نېمىشقىمۇ ئەقىلسىزلىق قىلغاندىمەن، سېنى يالغۇز قويۇۋەتكىچە سەن بىلەن بىللە بارغان بولسام، ئىش بۇنچىلىك بولۇپ كەتمەستى، مۇشۇ مۇشتلىرىم بىلەن ئىككى - ئۇچكە تېتالامتتىمغۇ ... (ئۇ مۇشتى بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىدۇ) كەچۇر تاشۋاي، مەن

ئەيپلىك، مەن ئاغىنىدارچىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم.... خەپ جۇمەش!

باراتنىڭ غەزەپلىك كوزلىرىدىن قىساس ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ، تاشۋاي بولسا ھىچنىمىنى سەزمەي قىيتىپ قالغان كوزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككەنچە ئۇن-تىنسىزلا ياتىدۇ. چىرايىدىن ھىچقانداق ھاياجانلىنىشنىڭ ئىزى كورۇنمەيدۇ.

گەمىگە روزى، دىخان ۋە قىيرى گوركا كىرىپ كىلىدۇ.

روزى: قانداقراق؟ — دەيدۇ پەس ئاۋازدا تاشۋاينى ئىشارە قىلىپ.

— ئاربلاپ جويلۇشلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، — دەيدۇ بارات كوز ياشلىرىنى سۇرتۇپ، — تىخىچە ئىسىگە كىلەلمەيۋاتىدۇ.

دوستلار تاشۋاينىڭ يىنىغا كىلىپ تىزلىنىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىكى كوكلەر ئىنىق كورۇنىدۇ.

— ئاھ، نىمانچە ئۇزگىرىپ كەتكەن، — دەيدۇ روزى پىچىرلاپ، — قىنى ئۇ خۇشخۇي چىرايلار؟

روزىنىڭ مۇشتلىرى ئىختىيارسىز تۇگۇلۇپ، چىشلىرى كىرىشىدۇ-دە، — بارات ئاكا! مەن ئىنتىقام ئالىمەن، — دەپ تولىۋىتىدۇ.

### 113. جۇمەشنىڭ ھويلىسى، كىچە

جۇمەشنىڭ ھوجرىسىنىڭ دەرىزىلىرىدىن پىشايۋانغا چىراق نۇرى چۇشۇپ تۇرىدۇ. پىشايۋاندا ئۇيان-بۇيان مىڭىپ يۇرگەن قاراۋۇل كىرىلىپ بىر ئەسنەيدۇ-دە، مىلتىغىنى قۇچاقلىغىنىچە پىشايۋان تۇۋرۇگىگە يولىنىپ ئۇگدەشكە باشلايدۇ.

شۇ چاغدا قورالدىكى مىۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدىن بارات بىلەن روزى تېۋىشسىز چىقىپ كېلىپ، مۈگدەپ قال-غان چېرىكنىڭ كانىيىنى بوغىدۇ-دە، بېقىنىغا پىچاق ئۇ-رىدۇ، چېرىك ئۈن-تىنسىز سۇپىغا يىقىلىدۇ. بارات روزىغا ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى ئىشارە قىلىپ، ئۆزى دەرىزە ئالدىغا كېلىدۇ.

ئۆي ئىچىدىن تاشۋاينىڭ مۈشتىنىڭ زەربىسىدىن سول قاپىغى تۇخۇمدەك ئىششىپ چىققان جۇمەشنىڭ سورۇن تە-لەتى كورۇنىدۇ. ئۇ نىمىنىدۇ خىيال قىلغان ھالدا قاپاق چىلىمنى پۇرۇقلىتىپ شورىماقتا ئىدى. كوزلىرىدە قىساس ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان بارات ئىچقىلىق دەرىزىگە يېپىشىدۇ.

114. جۇمەشنىڭ ئۆي ئىچى

چىلىم تارتىۋاتقان جۇمەشنى دەرىزىدىن ئۆي ئىچىگە سەكرەپ چۈشكەن باراتنىڭ قەدەم تىۋىشى چوچۇتۇۋېتىدۇ. ئۇ بېشىنى كوتىرىپ، خەنجەر تۇتقان ھالدا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان باراتنى كورۈپ كوزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ، چىلىمنى يانىغا قويىدۇ-دە، دەرھال ياستۇغى ئاستىغا قول ئۇزىتىدۇ. بارات چەبدەسلىك بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇ-نىڭ قولىغا دەسسەپ ياستۇق ئاستىدىكى تاپانچىسىنى ئېلىۋالىدۇ. بۇنى كورگەن جۇمەش تېخىمۇ چوچۇپ كېتىدۇ. بارات تاپانچىنىڭ زاتورىنى قايرىپ ئۇنى ئوقسىزلاندۇرۇپ، جۇمەشنىڭ ياستۇغى ئاستىغا تاشلاپ قويۇپ، جۇمەشكە غەزەپ بىلەن تىكىلىدۇ.

جۇمەش ھودۇقۇپ: نىمە قىلماقچىسەن؟

بارات: نىمە قىلغانلىقىڭنى بىلمەيۋاتامسەن؟ قىلمى-

شىڭغا لايىق جاۋاپ قايتۇرماقچىمەن.

جۇمەش قورقۇنچىسىنى زورىغا بىسىپ: سەن ئوزەڭنىڭ مال - دۇنيايىمنى بۇلاشقا كىرگەن قاراقچى ئىكەنلىگىڭنى يوشۇرماقچى بولۇۋاتىسەن، مەيلى خالىغىنىڭنى ئىلىپ چىقىپ كىتىۋەر، لىكىن تىغ كوتىرىپ نامەرتلىك قىلما.

بارات قاقاقلاپ كۇلۇپ: ئوزىنىڭ شەخس ھوزۇرى ئۇچۇن باشقىلارنى يوشۇرۇن قەستلىگەن كىشىلەرلا نامەرت ھىساپلىنىدۇ. (خەنجىرىنى غىلاپقا سىلىۋىتىپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ جۇمەشكە تىكىلىدۇ) مانا، ھەر ئىككىمىز قورالسىزلاندۇق. بۇ سىنىڭ مەردانىلىقتىن سوز ئاچقانلىغىڭغا قىلىنغان ئىلتىپات، قىنى مۇشتقا - مۇشت، قايسىمىز يىڭەلىسەك، روھىمىز خۇدانىڭ دەرگاھىغا قورۇنماي كىرەلەيدىغان بولسۇن.

ھەر ئىككىسى بىراقلا بىر بىرىگە ئىتىلىدۇ - دە، قاتتىق مۇشتلىشىپ كىتىدۇ. ھەر ئىككىسى بوش كەلمەيدۇ، مۇشتلار بىر بىرىگە بازغاندەك تىگىپ بىر بىرىنى قاڭقىتىپ يىقىتىدۇ، يىقىلغىنى چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ رەقىبىگە يەنە ئىتىلىدۇ، ۋاقىت ئوتكەنسىرى جۇمەش ھالسىراپ قالىدۇ. بارات ئۇنىڭ ئىغىز - بۇرنىنى قانغا مىلەيدۇ. يىقىلسا تۇرغۇزۇپ يەنە ئۇرىدۇ، ئاخىرى جۇمەشنىڭ قارشىلىق كورسىتىش كۇچى تۇگەپ، مەيدىسىگە ئۇرۇلغان قاتتىق مۇشتتىن قان ياندۇرىدۇ - دە، كوزىنىڭ قارىچۇغى يۇقۇرى تارتىلىپ، يىقىلغىنى بويىچە تىن تارتماي جان بىرىدۇ.

115 · تۇمەن بويى

دولقۇنلاپ تۇرغان تۇمەن دەرياسى كورۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ توكۇلىدۇ،

تاشۋاينىڭ گەمىسىنى ئاپپاق قار قاپلايدۇ.

116. تۇمەن بويى، باھار، كۈندۈز

تۇمەن دەرياسى ئەتراپىدىكى تاللار كوكەرگەن، ئوۋ-رۇكلەر چېچەكلىگەن، كاككۇك سايرايدۇ. ھەر خىل باھار قۇشلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

117. گەمە ئىچى

بورا ئۇستىدىكى توشەكتە ئوڭدا ياتقان تاشۋاي باھار قۇشلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

— باھار كەپتۇ-ھە؟ — دەيدۇ.

— شۇنداق، باھار كەلدى، — تاشۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بارات مۇلايىملىق بىلەن جاۋاپ بېرىدۇ.

تاشۋاي: مېنى يولە، تۇمەننىڭ باھارىنى بىر كورەي.

بارات ئورنىدىن تۇرۇپ تاشۋاينى يولەيدۇ.

118. دەريا سۈيى كېسىپ ئوتكەن دوڭلۇك

قالغاچلار ئوچۇق ھاۋادا پەرۋاز قىلىپ، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چىمەنلىكتە باللار بىر بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىماقتا.

تاشۋاي باراتنىڭ ياردىمى بىلەن دوڭلۇككە كوتىرىلىۋېلىپ ئەتراپقا ھاياجان بىلەن كوز تىكىدۇ.

تاشۋاي: باھار! نىمە دىگەن ياخشى.

بارات: شۇنداق.

تاشۋاي: راۋابىمنى ئەپچىقامسەن، بىر پەدە چېلىۋېتەي.

بارات: ئۇزۇلۇپ قالارسەنمۇ؟

تاشۋاي: ھېچقىسى يوق، پۇخادىن بىر چىقىۋالسام بولدى.

### 119. يەنە شۇ دوكلۇك

تاشۋاي ئارقىسىغا قويۇلغان چاپانغا يولەنگىنىچە باراتنىڭ قولىدىن راۋابىنى ئالىدۇ. ھەش-پەش دىگىچە ئەتراپىغا روزى، دىخان، گوركا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كىشىلەر توپلىشىدۇ. تاشۋاي راۋابىغا ئەپچىللىك بىلەن زەخمەك ئۇرىدۇ، تارلاردىن «لىۋەن يالا» ئاھاڭى ئۇرغۇيدۇ.

ناخشا: ئەجەپ بىر زامان بولدى،
ئالەم چورگىلەي دەيدۇ.
يۇرەكتىكى زەرداپ سۇ — ئا ..... دەردىما،
قانغا ئورىلەي دەيدۇ.

ناخشا ئاياقلىشىپ كىشىلەر تاشۋايغا تۇشمۇ-تۇشتىن ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

— ياشاي كەت تاشۋاي!
— قۇلۇك دەرت كورمىسۇن!
— خۇدايىم بەختىڭنى بەرسۇن.

### 120. گەمە ئىچى

تاشۋاي بورا ئۇستىگە ياتقۇزۇلىدۇ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ ساراسىمىگە چۇشىدۇ.

بارات تاشۋايغا تىكىلىپ: تاشۋاي! دوستۇم. (ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقىدۇ)

روزى: تاشۋاي ئاكا!
گوركا: ئوغلۇم!

ھەممەيلەن كوزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا تاشۋايغا تىكىلىدۇ، تاشۋاي تەسلىكتە ھۇشىغا كېلىپ ئېغىر نەپەس ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇزۇپ-ئۇزۇپ سوزلەيدۇ:

— دوستۇم بارات! ئېنىم روزى! مەن ياخشى بولۇپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن.

بارات: ئۇنداق دىمە دوستۇم، خۇدايىم شىپالىق بېرىپ قالار.

گوركا: ئوغلۇم، ئۇنداق خىياللارنى قىلما، ياخشى بولۇپ كېتىسەن.

ھەممەيلەن ئوزىنى تۇتالماي يىغلاشقا باشلايدۇ. بارات بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشۋاينى باغرىغا باسىدۇ.

تاشۋاي: مەن بورا ئۇستىدە تۇغۇلۇپ بورا ئۇستىدە ئوستۇم، دۇنيانىڭ ھېچ خوۋلۇغىنى كورمىدىم، مانا يەنە بۇ بورا ئۇستىدە جان ئۇزۇش ئالدىدا تۇردىمەن، شۇڭا مېنىڭ ھايات كەچۇرمىشلىرىمنىڭ نىشانى قىلىپ مېنى ئېلىپ چىققاندا تاۋۇتۇمغا بورا يېپىپ قويۇڭلار. شاگىرتلىرىم يول بويى مېنىڭ پەدىلىرىمنى چېلىپ ماڭسۇن، روھىم خوش بولىدۇ. بۇ راۋاپ.... دوستۇم بارات ساڭا قالدى....

تاشۋاينىڭ كوزى يۇمۇلۇپ، نەپەسى توختايدۇ، بېشى بىر يانغا سىيرىلىپ چۈشىدۇ، ھەممەيلەن "تاشۋاي!" دەپ ۋاقىراپ قاتتىق يىغلايدۇ. ھاۋا گۇلدۇرلەپ، چاقماق چاقىدۇ، خور ياڭرايدۇ.

خور:

گويا قەشقەر ساماسىدىن گۇزەللىك يۇلتۇزى كوچتى،
ئاجايىپ نەغمۇ-كۇيلەرنىڭ بۇلاق شاۋقۇنلىرى ئوچتى.
دىيىشكە ئەلۋىدا سىزنى چىدامدۇ باغرىمىز بىزنىڭ،
يېقىملىق كۇيىڭىز بىرلە ياشايدۇ روھىڭىز سىزنىڭ.

121 • خەلق تىياتىرىنىڭ ئىچى

"تاشۋاي" مۇزىكىسى سەھنىدە ياڭرىماقتا.

ئىككى تال ياش تامچىسى مەڭزىگە كېلىپ توختاپ قالغان پىشقەدەم مۇزىكانت سەھنىگە زوق بىلەن تىكىلگىنىچە ھاياجاننى باسالماي پىچىرلايدۇ.

— ياڭرا تاشۋاي، ياڭرا، خەلقىنىڭ ئارمىنى قالمىسۇن!

1982 يىل، ئۈرۈمچى




## مەمتىمىن ھەزرەت

سۇۋادان تېرەكلەر قەد كۆتىرىپ تۇرغان شەھەر كوچىسىنىڭ خىلۋەت بىر بۇرجىگى، كونىچە پوسۇندا سېلىنغان ئۆي پۇختا قاشا تامىنىڭ ئارقىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ھويلىنىڭ دەرۋازىسى چىڭ ئېتىلگەن. ئۆي تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

كۆرۈنۈش ناخشا ساداسى ئىچىدە، تەۋرىنىپ تۇرغان تېرەك يوپۇرماقلىرى، ياپ-يېشىل ئالما شاخلىرى، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەردىن ئۆتۈپ دەرىزە ئالدىغا يۆتكىلىدۇ، دەرىزىگە تارتىلغان تور پەردە ئارقىسىدىن قىزىل كىيىملىك بىر قىزنىڭ يانچە تۇرغان ھالىتى غۇۋا كۆرۈنىدۇ. ناخشىنى ئەنە شۇ قىز ئېيتماقتا. ناخشىنىڭ پەيدىن-پەي كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، كۆرۈنۈش ئاستا-ئاستا ئۆينىڭ ئىچىگە يۆتكىلىدۇ، ئېكراندا دۇتتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرغان بىر قىز پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ قاشتېشىدىن ئويۇپ ياسالغاندەك

سۇزۇك ۋە نازاكەتلىك سىياقىدىن ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان ياشلىق كۆچى، بىغۇبار چېھرىسىدىن ئىچكى گۈزەل-لىك تېپىپ تۇرىدۇ.

شۇ ئەسنادا قىزنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ، تال-تال ئۇزۇن كىرپىكلىرىدە ياش ئۇنچىلىرى پاقىراپ كېتىدۇ. مانا بۇ، كىنونىڭ باش قەھرىمانى گۈزەل رەنا قىز، مانا شۇ كورۇنۇش ئۇستىگە كىنونىڭ ئىسمى بېرىلىدۇ:

«رەنانىڭ توپى»

بايىقى كورۇنۇش ئاستا يىراقلىشىپ ئېكران سىرتىدىن رەنانىڭ دەرت-ئەلەملىك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

— بالاغەتكە يېتىپ، رەسىدە بولغان بارلىق قىزلارغا ئوخشاش نىكا ئىشى مېنىڭ بېشىمغىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ ئەسلى ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ئىدى. ئەمما مەن بولسام ئۆز-ئۆزەمگە خوجايىنلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدۇم....

تۇۋەندە رەنانىڭ ھېلىقى ناخشىنى ئېيتىۋاتقان چاغ-دىكى ھەر ھالەتلىرى، ھەر خىل يىراقلىقتا تارتىلغان تۇرلۇك مەنزىرە خىل كورۇنۇشلىرى ئۇستىگە ئەرتىستلەر ۋە فىلىمنى ئىشلەشكە قاتناشقان خادىملارنىڭ ئىسىملىگى بېرىلىدۇ.

1. رەنانىڭ ھوجرىسى

رەنا ئارقا تەرەپتىكى دەرىزىگە تىكىلگەن ھالدا دۇتتار چېلىپ ناخشا ئېيتماقتا.

2. رەنانىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدى

رەنانىڭ ئىشىگىدىن ماراپ تۇرغان ئەنۋەر (6 ياش) تۇيۇقسىزلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، پاكار سۇپىدا ئولتۇرۇپ دوپ-پا تىكىۋاتقان ئاپىسى ئامىنىخاننىڭ (48 ياش) يېنىغا يۇ-

گۇرۇپ كىلىپ، ئۇنىڭ قۇلىغىغا:

— ئاپا، ئاچامنى يەكشەنبە كۈنىمۇ تالاغا چىقىپ ئويى-نىغىلى قويىمامسىز!؟ ئاچام يىغلاۋاتىدۇ جۇمۇ،— دەپ پى-چىرلايدۇ.

ئامىنىخان: كىچىك بالا دىگەن چوڭ ئادەملەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان. مانى كىيىپ باقە!— دەپ ئانىۋاي تىكىلگەن كوينەكنى ئوغلىغا كىيگۈزمەكچى بولىدۇ.

ئەنۋەر ئەكىلەپ: كىيمەيمەن-ۋاي! كىيمەيمەن! خەت-مەمنى قىلىشقا تېخى خېلى كۈن بارغۇ؟

ئامىنىخان: ئارانلا يېرىم يىل قالدى. شۇڭا هازىردىن باشلاپلا ھەممىسىنى بىر-بىردىن تەييار قىلمىساق بولمايدۇ. ئەنە شۇ كۈنى بىزنىڭكىگە نۇرغۇن مېھمانلار كېلىدۇ، مەن تېخى ساڭا ئىشتان تىكىپ بېرىمەن، ئاياق ئېلىپ بېرىمەن... تې-خى قوي ئالىمىز.... ھەي... شۇنداق قىلمىساق خەقلەر بىز-نى زاڭلىق قىلىدۇ.

ئامىنىخان غەم بىلەن ئۇھ تارتىپ قويىدۇ.

ئەنۋەر ئىنتايىن خوشال بولۇپ كېتىدۇ:

— ئوھو! تازا قىزىق تاماشا بولىدىكەن-دە! شۇ كۈن تېزرەك يېتىپ كەلسىدى! تېزرەك!

3. رەنالارنىڭ ئارقا هويلىسىنىڭ سىرتىدىكى كوچا

كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاسمانغا بوي تارتقان تې-رەكلەر قەد كوتىرىپ تۇرىدۇ، ئېرىقلاردا سۇ شىلدىرلاپ ئاقماقتا.

كېلىشكەن، قەددى-قامەتلىك يىگىت ياسىن (26 ياش) ۋە چىرايىدىن ھەيبارلىق، قىزىقچىلىق چىقىپ تۇرغان دوس-

تى ئېلى (23 ياش) ۋەلسىپىت مىنىپ كەلمەكتە.

رەنانىڭ ھەسرەتلىك مۇڭلۇق ناخشىسى ھويلا ئىچىدىن ئۇتۇپ، كوچا ئاسمىنىدا جاراڭلايدۇ.

ياسىن بىردىنلا سۇرئەتنى ئاستىلىتىپ، ناخشا ئاۋازىغا قۇلاق سالىدۇ. ئۇنىڭ زىرەكلىكى بىلىنىپ تۇرغان كوزلىرىنى ئىچىنىغاندەك بىر خىل كەيپىيات قاپلايدۇ.

ئېلى دوستىدا يۈزبەرگەن بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشنى كورۇپ مەنىلىك قىلىپ:

— قانداق يىگىت؟ رەنانى چاقىرىپ چىقىپ بىللە بارامدۇق - يا؟ — دەپ سورايدۇ.

مۇرەككەپ ھېسسىياتلار قايىنىمىغا چۇمگەن ياسىن بىر مەھەل نىمە دىيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ.

ئېلى ياسىنغا يەنە قەستەنگە:

— قادىر دىگەن بۇ ئاداش تويغا رەنانى چاقىرماپتىما؟ ئۇنداق بولسا بىزمۇ بارمايلى، — دەيدۇ.

ياسىن ئالدىرىغان ھەم سەل تارتىنغان ھالدا:

— ياق، ياق چاقىرىپتۇ. بىراق ئاڭلىسام رەنانىڭ ئاپىسى .... — دىگىنىچە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئېلى ئۇنىڭ نىمە دىمەكچى ئىكەنلىكىنى بىردىنلا چۈشىنىپ گېلىنى قىرغان ھالدا:

— ھە، ئۇنىڭ ئاپىسى ئامىنىخان ئاچامنى دەمسەن؟ بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئاسان گەپ بۇ، — دەيدۇ ۋە قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا شوخلۇق بىلەن كۇلۇمسىرەپ:

— خاتىرجەم بول دوستۇم، بۇنىڭغا مەن چارە تاپاي، سەن مۇشۇ جايدا قىمىر قىلماي تۇرۇپ تۇرغىن.

ئۇ ۋەلسىپىتنگە سەكرەپ مىنىپ، قوڭغۇرىغىنى ئۇزۇل-دۇرمەي قاتتىق جاراڭلاتقان پېتى قاشا تامنى ئايلىنىپ ئوق-تەك يۈرۈپ كېتىدۇ.

## 4. رەنانىڭ ئىشىگىنىڭ ئالدى

ۋەلسىپىت قوڭغۇرىغىنىڭ شىددەتلىك جىرىڭلىشىنى ئاڭلىغان ئامىنىخان ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتىرىدۇ. ئېلى ھاسى-راپ-ھومۇدەپ ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولىدۇ ۋە:

— ئامىنىخان ئاچا، رەنانىڭ ساۋاقدىشى بولغانلىقىم-نىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ مېنىڭ دىۋەڭلىگىمنى كەچۈرۈڭ، تاغامنىڭ تاغىسىنىڭ چوڭ ئاكىسى ئارقا كوچىنىڭ ئارقىسى-دىكى، چوڭ ئېرىقنىڭ بېشىدىكى كوۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن تىك موللاق ئېتىپ چۈشۈپ، پۇت-قول، يۈز-كۆزلىرىنىڭ ھەممىسى غەرق قانغا بويىلىپ ياتىدۇ. 70 ياشلارغا كىر-گەن بىر قېرى ئادەم ئىدى. نىمە قىلىشىمنى بىلمەي ساراڭ بولا يىلا دەپ قالدىم. ئاپىراي دىسەم بۇ يېقىن ئەت-راپتا دوختۇرخانىمۇ يوق ئىكەن. رەنا قىز سېستىرا بولغانىدىكىن بىر ياخشىلىق قىلىپ، شۇ قېرى ئادەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويسىكەن، — دەيدۇ.

ئامىنىخاننىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگەن ھالدا:

— رەنا، يەنە نىمىگە قاراپ تۇرىسەن، تېز بارغىن، ئۇنىڭ بېرىپ ھېلىقى بىچارە قېرىغا ياردەم بېرىڭلار، ياخشىسى، ھايال قىلماي دوختۇرغا ئاپىرىڭلار، — دەيدۇ.

ئېلى كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ: شۇنداق، دوختۇرخانىغا ئاپارمىساق بولمايدۇ، رەنا قىز كەچتە قايتىپ كېلىشتە كېچىكىپ قالارمىكىن؟ — دەپ رەناغا شەرەت قىلىپ قويىدۇ.

رەنا بۇنى چۈشەنمەيدۇ.

ئامىنخان: رەنا، نېمىشقا تېزرەك قىمىرلىمايسەن؟ دورا ساندۇغۇڭ قېنى؟

— راست-راست، دورا ساندۇغى قېنى؟ — دەيدۇ ئېلى ۋە، — ئوھو، بۇ جانۋار مەيەردىكەن ئەمەسمۇ، — دەپلا چاققانلىق بىلەن دەرەختكە ئېسىقلىق تۇرغان دورا ساندۇغىنى ئېلىپ، رەنانىڭ قولىدىن تارتىپ، — ئىتتىكرەك ماڭايلى، — دىگىنىچە تاشقىرىغا قاراپ چاپىدۇ.

## 5. رەنالارنىڭ قوراسىنىڭ ئارقىسىدىكى تار كوچا

رەنا ۋەلىسپىتنىڭ ئارقىسىدا يانچە ئولتۇرىدۇ ۋە كوچا دوقمۇشىدىن ئايلانغاندىن كېيىن ئېلى بىردىنلا تورمۇز بېرىپ ۋەلىسپىتنى توختىتىدۇ.

رەنا: ھېرىپ قالدىڭىزمۇ نىمە؟

ئېلى: مەنزىلگە كەلدۇق، قېنى مەرھەمەت!

رەنا: ياردار قېنى؟

ئېلى قولىنى جونۇيدۇ: ئاۋۇ يەردە تۇرامدۇ!

رەنا كورسەتكەن تەرەپكە قارايدۇ.

ياسىن ئۇدۇلىدىن چىقىپ كېلىدۇ.

ئىككىيلەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا گەپ قىلماي بىر بىرىگە قارىشىدۇ.

ئېلى: يولداش سېستىرا، سىز بۇ كېسەلگە ھەمرا بولۇپ ئاستىراق مېڭىڭ، مەن ۋەلىسپىت بىلەن ئالدىڭلاردا ماڭغاچ تۇراي.

ياسىن: توختا، بىللە بارمامدۇق!

ئېلى: ھە، بىللە بارامدۇق؟

بۇ چاغدا ئۇدۇلدىن مەۋلۇدە (16 ياش) بىر قولىدا ئىككى ياشلىق يومساق بىر قىزنى، يەنە بىر قولىدا ئېغىر بىر سېۋەت ئۆرۈكنى كوتەرگەن هالدا ئاران - ئاران مېڭىپ كېلىدۇ، ياداڭغۇ چىرايىدا بىر خىل غەمكىنلىك ئەكس ئەتكەن.

رەنا: مەۋلۇدە!

— رەنا ئاچا! — دەيدۇ چىرايى ئېچىلغان مەۋلۇدە. ئۇ لەۋلىرىنى تىترىتىپ، كوزلىرىگە ياش ئالغان هالدا خۇرسىنىپ تۇرۇپ، — ئاپام قىز بالا ئوقۇپ نىمە ئىش قىلىدۇ؟ ئويدە ئولتۇرۇپ ئۇكاڭغا قارا دەيدۇ.

رەنا: هازىر نەگە ماڭدىڭىز؟

مەۋلۇدە: مانىڭ (قولىدىكى يومساق قىزنى كورسىتىپ) مومىسىغا ئۆرۈك ئاپىرىپ بەرگىلى كېتىۋاتىمەن.

رەنا سوزلەۋېتىپ مەۋلۇدەنىڭ بالا بىلەن سېۋەتنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا ئالماشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم قىلىدۇ. مەۋلۇدە ئارقا - ئارقىدىن رەهمەت ئېيتىپ، ئاران - ئارانلا مېڭىپ كېتىدۇ.

ياسىن: كىم ئۇ؟

رەنا: مەۋلۇدە، بىر بىچارە قىز، ھىلقى ھەممە يەرگە داڭقى پۇركەتكەن ئۇزۇن تۇمشۇق پاتەمخان مۇشۇ قىزنىڭ ئوگەي ئاپىسى بولىدۇ.

كىشىلەرگە ھەمىشە خەيرىخاللىق قىلىدىغان ئېلى مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ: مەن ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئاپىرىشىپ بېرەي، ئاندىن دورا ساندۇغىنى ئاپىرىپ قوياي، قېنى بۇنىڭغا نىمە دەيسىزكىن، ئاق خالاتلىق مەلىكەم؟

رەنا: ھە، يەنە ئاغزىڭىز ئېچىلدىغۇ؟

ئېلى: بولدى، بولدى، شۇنداق بولسۇن. قادىرنىڭ تويىغا

مەلىكە بىلەن شاھزادىلەر ئالدىدىراق بارسۇن، مەن سەل كېيىنرەك باراي.

رەنا بىلەن ياسىن قەدەملىرىنى ساناۋاتقاندەك ئاستا مېڭىشىدۇ.

ياسىن بۇرۇلۇپ رەناغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئۇزاق تىكىلىدۇ.

رەنامۇ ئۇنىڭغا قارايدۇ، ئەمما گەپ قىلمايدۇ.

رەنانىڭ كۆڭلىدىكى سۆز: بىزنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىمىزگە ئىپتىمال ئۇنىڭ بىغۇبار ساپ قەلبى ۋە ئالىجاناپ ئەخلاقىي - پەزىلىتى سەۋەبچى بولغاندۇر، لېكىن ھازىر ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا قارا بولۇت سايە تاشلاپ تۇرماقتا....

## 6. ئايشەملەرنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا

چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىر يۇك ماشىنىسى، بىر ئاپتوۋۇز ۋە قىزىل لاتا ئېسىلغان بىر بولكىۋاي ماشىنا تۇرىدۇ.

يۈك ماشىنىسى ئۇستىدە ھالى خاراپ سازچىلار ئولتۇرۇشىدۇ، ئۇلارنىڭ چالغان توي مۇقاملىرى ئىگىز - پەس، سونايچى چىلىق - چىلىق تەرگە چومۇلگەن، ناغرىچىمۇ خۇشياقمىغاندەك چالىدۇ. ناخشىچىلارنىڭ چىرايلىرى شۇنچە روھسىز، ئۇلارنىڭ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپلا كورۇنۇپ تۇرىدۇ.

قىز كوچۇرۇشكە كەلگەن يىگىتلەر تويى بولغان يىگىت قادىرنىڭ ئەتراپىدا چوگىلەپ نوۋەت بىلەن ئۇسۇل ئوينىماقتا. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىمۇ خاپىلىق بار.

ياسىن قادىرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمە دەپ پىچىرلايدۇ.

## 7. ئايشەمخاننىڭ ئۆيى

رەنا ئۆيگە كىرىپ، بېشىغا ياغلىق يېپىپ قويۇلغان ئايشەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇزۇن شىم كىيىۋالغان ئىككى قىز ئۈن ئالغۇدىن ئاڭلىنىۋاتقان مۇزىكىغا ئەگىشىپ يېرىم مەھەللىۋى ”دېسكا“ ئۇسۇلى (بەل تولغاش تانسىسى) نى ئويناشقا باشلايدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى بەللىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ رەنانى ئۇسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. رەنا مۇلايىملىق بىلەن رەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا سىرتتا ۋاڭ - چۇڭ كوتىرىلىپ، ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ كېتىدۇ. رەنا بۇرۇلۇپ تالاغا قارايدۇ.

چاچلىرىنى بۇدىرە قىلدۇرۇۋالغان سۇپىيە ئىسىملىك (24 ياش) بىر قىز كىرىپ، ئۈن ئالغۇنى ئۆچۈرىدۇ ۋە پەس ئاۋازدا: قىزلار، ساندۇق ئاچىمىز، شۇنىڭغا چىقايلى، — دەيدۇ.

## 8. ئايشەملەرنىڭ ھويلىسى

بىرەيلەن تومۇر بىلەن قاپلانغان يېپ - يېڭى ساندۇقنىڭ قاپقىقىنى كۈچ بىلەن ئاچىدۇ، ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى ئالا - يېشىل كىيىم ۋە ۋال - ۋۇل چاقناپ تۇرغان قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرىنى كۆرگەن ئاياللارنىڭ ھەممىسى ھەيرانلىقتىن چۇقۇرۇشۇپ كېتىدۇ.

ساندۇقنى ئاچقان ئايال كالپۇكلىرىنى سىلاپ قويۇپ ئۈنلۈك قىلىپ جاكالايدۇ: مانا بۇلار يىگىتىمىزنىڭ قىزىمىزغا بەرگەن تويلۇقلىرى، قەدىرلىك مېھمانلارنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى سورايمىز!

چوڭ دەرۋازىدا تۇرغان مېھمانلار ۋاقىرىشىدۇ: ئالدى-

رىماڭلار، يېڭى كېلىننىڭ ۋەكىلى كەلدى!

بۇنى ئاڭلىغان ئاياللار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ ئۇلارغا يول ئېچىپ بېرىدۇ.

مەيدىسىگە گۇل تاقىغان ئۇچ قىز ئۆيگە كىرىدۇ، سۇپىيە باش بولۇپ، رەنانى سول تەرىپىگە ئالغان ھالدا ئۇچويلەن تويلۇق ساندۇغى ئالدىغا كېلىپ تۇرىدۇ.

ساندۇقنى ئاچقان ئايال تويلۇق ماللارنى ئىگىز كۆتىرىپ پۇلاڭلاتقان ھالدا تىۋلايدۇ: شاڭخەيىنىڭ گاز ياغلىقىدىن 5، بېيجىڭنىڭ گەردىش ياغلىقىدىن 5، گۇاڭجۇنىڭ نىلۇن شارپىسىدىن 5، خاڭجۇنىڭ زەر يوللۇق ياغلىقىدىن 5، ياقۇت كوزلۇك ئالتۇن ئۈزۈكتىن بىر جۈپ، ياقۇت كوزلۇك ئالتۇن ھالقىدىن بىر جۈپ، ئىككى تال مىداليون، خەلقارا ئەتىردىن 10 قۇتا، خەلقارا ئۇپىدىن 10 قۇتا....

رەنانىڭ بۇلاقتەك تىنىق كوزلىرىنى ئايال قۇدىلارنىڭ ۋە ئايال مېھمانلارنىڭ تويلۇققا بولغان ئىنكاسلىرى جەلپ قىلىۋالدى.

سول تەرەپتە، تويى بولغان يىگىت قادىرنىڭ ئاپىسى يىرىكلىشىپ ئوتتۇندەك بولۇپ كەتكەن قوللىرى بىلەن تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قورۇق باسقان چىرايىدىن، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كوزلىرىدىن غەم ۋە ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ. ئۇ دەككە - دۈككە بولغان ھالدا ئۇدۇلدا تۇرغان قۇدىسىنىڭ تويلۇققا بولغان ئىنكاسىنى كۈزىتىپ ئولتۇرىدۇ.

يېڭى كېلىن ئايشەمنىڭ ئاپىسى ئۇدۇلدا ئولتۇرۇپ ھەر بىر تويلۇقنى كىرىپىك قاقماي كۈزەتمەكتە. ئۇنىڭ چىرايى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئارىلاپ - ئارىلاپ

تۇمشۇغىنى پۈرۈشتۈرۈپ بېشىنى چايقاپمۇ قويىدۇ.

رەنا ئايشەمنىڭ ئاپىسىدا بولۇۋاتقان ھەر بىر كىچىككىنە ئۆزگىرىشنىڭ قادىرنىڭ ئاپىسىنىڭ يۈرىگىنى سىقىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ.

رەنا ئەلەم بىلەن ئۇھ تارتىپ قويىدۇ.

ئەتراپتا تۇرغان مېھمان ئاياللارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ئاغىزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۇلار باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئارقا-ئارقىدىن تەللىرىنى چاكىلدىتىشماقتا، ساندۇق ئاچقان ئايال بۇ كۆپ تويلۇقلارغا كۆمۈلۈپ قالايلا دەپ قالغان.

ئايشەمنىڭ ئاپىسى ئۈن-تىنسىز، چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىنلا ئورنىدىن قوپىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدىن پاتەمخاننىڭ (35 ياش) ئۆزۈن بويىنى كۆرۈنىدۇ. ئايشەمخاننىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ. پاتەمخان بېشىنى لىڭشىتىپ دەرھال سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ ۋە ئېھتىياتسىزلىقتىن رەناغا ئۈرۈلۈپ كېتىپ، قۇرۇق يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن: ئۇھۇ، رەنا قىز، سىزمۇ كەپسىز-دە، دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

قادىرنىڭ ئاپىسى كۈلۈپ تۇرۇپ مېھمانلارغا ئۆزرىخالىق ئېيتىدۇ: كەلگەن قەدەملىرىگە رازى بولۇشسىلا، ھەر قايسىلىرىغا كۆپ رەھمەت، ئۇبدانراق بىر ئىش قىلالمىدۇق. خۇدايىم بۇيرىسا يەنە كۆڭۈللىرىنى ئېلىۋالارمىز.

ئاياللار ئارقا-ئارقىدىن تالاغا چىقىدۇ ۋە كېتىۋېتىپ پاراڭلىشىدۇ.

ئا: ئەجەبما كاتتا تويلۇق سايتۇ-ھە!

ب: ئۇغۇل تەرەپ ئاز پۇل خەجلىمەپتۇ جۇمۇ!

ئا: قىزىڭىز پۇلى يوق بىر تەجمەل كۈيوغۇلغا ئۇچـ
راپ قالمىسۇن - يەنە!
ب: شۇنى دىسىڭىزچۇ، كىم جىق تويلۇق بىرەلىسە مەن قىزىمنى شۇنىڭغا بىرىمەن.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان رەنا، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئويغا چوكىدۇ.

## ٩. ئايشەملەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا

يۇك ماشىنىسى ۋە ئاپتوۋۇز ئادەمگە لىق توشقان.
تويى بولغان يىگىت قادىر بولكىۋاي ماشىنىسىنىڭ ئالـ
دىدا قىزنى كۇتۇپ تۇرماقتا، ياسىن ئۇنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرىدۇ.
قىزلار كېلىننى ئارىغا ئالغان ھالدا بولكىۋاي ماشىنىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ ۋە قادىردىن ماشىنىغا چىقىش سۇيۇنچىسى — ياغلىق تەلەپ قىلىپ قوللىرىنى سۇنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇزۇن تۇمشۇق پاتەمخان تۇيۇقسىز قىزلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ، ئۇ سىرلىق ھالدا كېلىننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلايدۇ، كېلىن ماشىنىغا چىقىشتىن بىردىنلا يالتىيىپ، يېنىدا تۇرغان قىزلارنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قىزلار چۇقۇرۇشۇپ كېتىدۇ: ماشىنىغا چىقمايمىز، قىزنىڭ ھالقىسى كوڭۇلدىكىدەك بولماپتۇ، تەلەپكە لايىق بولماپتۇ، بىز ماشىنىغا چىقمايمىز!....
رەنا بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، ئايشەمگە يېقىن كېـ
لىپ ئۇنىڭغا نەسھەت قىلىدۇ. ئايشەم بولسا ھەدەپ بېـ
شىنى چايقايدۇ ھەم ئۇن سېلىپ يىغلايدۇ.
قادىر چوچۇپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ.
ئاپتوۋۇزنىڭ يېنىدا پاي - پېتەك بولۇپ شاپاشلاپ

يۇرگەن قادىرنىڭ ئاپىسى سارالىسمىگە چۇشۇپ نىمە قىلارىنى بىلمەي ئىختىيارسىز هالدا ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدۇ. ئۇنىڭ بارماقلىرى قولىغىدىكى هالقىسىغا تەككەندە ئۇ خۇددى نىجاتلىق تاپقاندەك دەرهال هالقىنى چىقىرىۋېلىپ پاتەمخاننى چاقىرىدۇ: مەڭ، ماۋۇنى ئاپىرىپ سېلىپ قويۇڭ.

پاتەمخان هالقىنى قولغا ئېلىپ ئوبدان زەڭ سېلىپ قارىغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ ماڭىدۇ.

ياشانغان بىر ئاقساقال كىشى قادىرنىڭ ئاپىسىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايلىرىغا قاراپ: ئەمدى قانداق قىلارسىز هەي....

قادىرنىڭ ئاپىسى ئۇ كىشىنىڭ سوزىنى بولۇۋېتىپ ئارقىسىغا بورۇلۇپ تازىم قىلغان هالدا:

— خاپا بولۇشمىغايلا، ۋاقتىلىرىنى ئەپ قويدۇم....، — دەيدۇ.

بولكىۋاي ماشىنىنىڭ ئالدىدا تۇرغان سۇپىيە قىزلارغا قاراپ: بولدى، بولدى، قىزنى ماشىنىغا چىقىرىڭلار، — دەيدۇ.

رەنا: سۇپىيە ئەيىپكە بۇيرۇما، مېنىڭ ئىشىم بار ئىدى.

سۇپىيە: ئۇنداق بولسا سەن كېتىۋەر، كەچتە قادىرنىڭ ئويىگە جەزمەن كەل جۇمۇ!

رەنا: ئىلاجى بولسا جەزمەن بارىمەن.

بۇ چاغدا بىر دوغىلاق يىگىت (30 ياش) ئىگىز دوۋىلەپ قويۇلغان توپىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ بۇيرۇق قىلغاندەك قوپال ئاۋازدا ۋاقىرايدۇ: هەي، سۇپىيە مەيەرگە كەل!

سۇپىيە ئۇنىڭ يېنىغا بارىدۇ.

دوغىلاق يىغلىغىنىچە ئاستا قىلىپ: ئۇ سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ.
سۇپىيەنىڭ يۈزلىرى خىجىللىقتىن ۋىللىدە قىزىرىدۇ:
— نەگە بارىدىكەنمەن؟
دوغىلاق: كونا يەرگە.
سۇپىيە ئوڭايسىزلانغان هالدا: بۇ يەرچۇ؟
دوغىلاق: هەي، كەچتە ئۇنىڭ بىلەن ئىككىڭلار كەل-مەمسىلەر.
رەنا ياسىننىڭ يېنىغا بارىدۇ، ئىككىيلەن بىر بىردىگە قارىشىپ قويغاندىن كېيىن، رەنا ئالدىراپ كېتىپ قالىدۇ.
قادىر بۇنى سېزىپ ياسىنغا پىچىرلايدۇ: بارغىن، ئاداش. كەچتە ئۇنى بىزنىڭكىگە ئولتۇرۇشقا ئېلىپ كېلەرسەن.
ياسىن: رەهمەت، — دىگىنىچە رەنانىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇزۇن تۇمشۇق پاتەمخان رەنا بىلەن يا-سىننىڭ چىقىپ كەتكىنىگە دىققەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ يۈزلىرىدە گۇمانلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ.
10. جىمجىت، خىلۋەت باغنىڭ بىر بۇرجىگى
رەنا كەيپى ئۇچقان هالدا ئالدىدا ئاستا ماڭماقتا.
ياسىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلمەكتە.
ياسىن: رەنا تويىدىن نىمىشقا چىقىپ كەتتىڭىز؟
رەنا ئارقىسىغا قارىمايلا: ئۇ يەردىكى ئىشلارنى كو-رۈشنى خالىمىدىم.
ياسىن: تويى بولغان قىز سىزنىڭ ساۋاقدىشىڭىزما؟
رەنا يەنىلا ئارقىغا قارىماستىن تۇرىدۇ: سەهىيە مەك-تىۋىدە ئوقۇغان چاغدىكى ساۋاقدىشىم.

رەنا بىردىنلا ھاياجانلىنىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ۋە كوز-لىرىگە ياش ئالغان ھالدا سوزلەيدۇ: ئۇ پۇتۇنلەي ئوزگىرىپ كېتىپتۇ. ھەتتا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئوزىنى مال ئورنىدا سېتىشىغىمۇ ماقۇل دەپتۇ. بۇ ئاتا-ئانىلار قىزلىرىنىڭ نىكالىنىشىنى بىر شەرمەندە سودىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشۇۋاتىدۇ. بۇ، قىز ياتلىق قىلىش دېيىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە قىزنى ساتقانلىق، مېنىڭ قادىرغا ۋە ئۇنىڭ قۇرۇپ قورايدەك بولۇپ قالغان بىچارە ئاپىسىغا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ.

ياسىن: سىزنىڭ كوڭلىڭىز بەك ياخشى. مەن قادىرغا ۋاكالىتەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن.

رەنا ياسىننىڭ ساددە ۋە سەممىي چىرايىغا چوڭقۇر مۇھەببەتلىك نەزەر بىلەن بىر ھازاغىچە سەپسالغاندىن كېيىن قەلبىدە ئوركەشلەپ تۇرغان ھاياجان دولقۇنلىرىنى باسالماي، يەرگە قارىغان ھالدا، تال-تال ئوزۇن كىرپىك-لىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ: سىزنىڭ ئەلچىڭىز بىزنىڭكىگە يەنە قاچان كېلىدۇ؟ — دەيدۇ.

ياسىننىڭ يۇرىگىدىن بىر ئوتلۇق ئېقىم ئۇرغۇيدۇ. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ئاچچىق قىلىپ: ئەتە، ئەتىلىككە ئابلىز تاغام ئەلچى بولۇپ، ئاپىڭىزنى 6-قېتىم زىيارەت قىلغىلى بارىدۇ. قارىغاندا ئاپىڭىز مېنى يېزا ئوقۇتقۇچىسى دەپ ياراتمايۋاتسا كېرەك، — دەيدۇ.

رەنا: ئەمما، مەن سىزگە قايىل، ئابلىز تاغام يەنە كەلسۇن، مەن ئاپام بىلەن ئوبدان سوزلىشىپ باقاي.

ياسىن ساقلىقنى ساقلاش توغرىسىدىكى قاتتىق مۇقا-ۋىلىق كىتاپتىن بىرنى چىقىرىپ: سىڭلىم ئۇرۇمچىدىن سىز دىگەن ھىلىقى كىتاپنى ئەۋەتىپتۇ، — دەيدۇ.

رەنا: سىزگىمۇ، سىڭلىڭىزغىمۇ رەھمەت!

ئېلى تەرلەپ - پىشقان ھالدا ئىككىسىنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىدۇ ۋە: ئوھو، شاھزادە بىلەن مەلىكە ئىككىڭلار بۇ يەرگە موكۇۋاپتىكەنسىلەر - دە! مېنى ئەجەپمۇ ئىزلەتتىڭلار جۇمۇ! — دەيدۇ.

ياسىن: ھوي، سەن تېخى ئەمدى كەلدىڭمۇ؟

رەنا دورا ساندۇغىنىڭ يەنىلا ئۇنىڭ يەلكىسىدە ئېسىقلىق تۇرغىنىنى كورىدۇ: ئويگە قايتمىدىڭىزما؟

ئېلى جانلىنىپ: مەن ئىزچىل تۇردە ھىلىقى بىچارە قىزچاق بىلەن بىللە بولدۇم...

(ئەسلىمە)

## 11. تار كوچىدا

مەۋلۇدە ئاياقلىرىنى تەستە يۈتكەپ ماڭماقتا. ئۇ توختاپ يومىلاق قىزچاقنى يەرگە قويۇپ ھاپاش قىلىدۇ. قولىغا ئۇرۇك قاچىلانغان سىۋەتنى ئېلىپ بېلىنى تەسلىكتە رۇسلىغاندا بىرەيلەن تۇيۇقسىزلا يومىلاق قىزچاقنى كوتىرىۋالىدۇ، مەۋلۇدە گۇمان بىلەن يانىغا قاراپ ئالدىدا كۇلۇپ تۇرغان ئېلىنى كورىدۇ.

ئېلى ئىزاھ بېرىپ: مەن سىزنىڭ ئاچىڭىز رەنانىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولىمەن، سىزنى ئاۋۇ يەرگىچە ئاپىرىپ قوياي، بولامدۇ؟ — دەيدۇ.

— رەھمەت.

مەۋلۇدە ئالدىدا ماڭىدۇ، ئېلى قىزچاقنى كوتىرىپ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ....

دەرۋازىسى يوق بىر ھويلىنىڭ ئالدى. ئېلى دەرەخ سايىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرىدۇ ۋە ئىشىك ئېچىلىپ مەۋلۇدە

بالىنى كوتىرىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ قولىدا ئۇغىر بىر خالتا بار.

ئېلى ئالدىراشلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ، مەۋلۇدە ھەيرانلىق بىلەن: ئاكا، تېخىچە كەتمىدىڭىزما؟

ئېلى: بالىنى، نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى كوتىرىشىپ بېرەي دەپ سىزنى ساقلاپ تۇردۇم سىڭلىم، بۇ نىمە؟

مەۋلۇدە: موماممىنىڭ ئاپامغا ئەۋەتكەن ئۇنى.

ئېلى: مۇشۇنى يۈدۈپ كەت دەپ بەردىما؟ ھۇ تاش يۈرەكلەر. قېنى ماڭا بېرىڭ.

ئۇ بالىنى قولىغا ئالىدۇ، ئۇن خالتىسىنىمۇ تارتىپ ئېلىۋالىدۇ.

مەۋلۇدە ھاياجانلىنىپ ئۇنىڭ يەلكىسىدىكى دورا ساندۇغىنى ئېلىۋالىدۇ، مەۋلۇدە ئارقىدا ماڭىدۇ.

مەۋلۇدە: ئاكا، سىز نىمە دىگەن ياخشى، كېيىن مەن سىز بىلەن يەنە كورۇشەلەرمەنمۇ؟

ئېلى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ: بىر شەھەردە تۇرساق نىمىشقا مۇمكىن بولمايدىكەن؟ بۇندىن كېيىن بىرەر ئىش چىقىپ قالسىلا "ئالغا" باش كىيىم ماگىزىنىغا بېرىپ مېنى ئىزلەڭ، ئىسمىم ئېلى، شۇ دۇكاندا پىركازچىك بولۇپ ئىشلەيمەن.

مەۋلۇدە: رەھمەت ئېلى ئاكا!
(ئەسلىمە تۈگەيدۇ)

12. باغچىنىڭ خىلۋەت بىر بۇرجىگى

ئېلى: شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ۋاقىتقىچە كەچ قالدىم.
رەنا: سىز ناھايىتى ئوبدان قىپسىز.
ياسىن: مەن سەندىن بەك خوش بولدۇم.

ئېلى: بولدى، ئەمدى ھەممىمىز بىرلىكتە بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، — دەيدۇ ۋە رەناغا قاراپ، — سىز ئەمدى ئۆيگە قايتـ ـمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىز تېخى ئاغرىقنى دوختۇرخانىغا ئاپىـ ـرىدىغان ئادەم ئەمەسمىدىڭىز؟
ئۇچەيلەن كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.
ياسىن: بۇمۇ بولىدىغان گەپ. كەچتە رەنا بىلەن ئىككىمىز بېرىپ قادىردىن سېنىڭ گۇنايىڭنى تىلىۋالىمىساق، قادىر سېنىڭ ئەدىۋىڭنى بەرمەي قويمايدۇ.
ئۇچەيلەن كۈلۈشىدۇ.

13. رەنالارنىڭ ئىشىك ئالدى، گۈگۈم پەيتى

ھەبىبە (26 ياش) بالىسىنى كوتىرىپ سىرتتىن كىرىدۇ.
ئەنۋەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ: ئاچا!
ھەبىبە ئامىنەخانغا: ئاپا، رەنا سىڭلىم قېنى؟
ئامىنەخان: بىرەيلەن ئاغرىپ قاپتىكەن دوختۇرخانىغا كەتتى.
ھەبىبە: بايا ئاكامنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى ئىش مەيدانىدىن باشقىلار ئارقىلىق ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالـ ـدىم. سىزگە خۇش خەۋەر ئېيتىپتۇ.
ئامىنەخان: ھەرقىچان لايىق تاپقاندۇر بەلكىم؟
ھەبىبە: توغرا دىدىڭىز، ئۇرۇمچىدە داشۆبدە ئوقۇۋاتـ ـقان چاغدىكى بىر ساۋاقدىشى ئىكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يازلىق تەتىلدە قايتىپ كېلىدىكەن.
ئامىنەخان: راستىمۇ، خۇداغا شۈكرى، بۇ يىل شۇ بالامنى ئۆيلىۋالسام مېنىڭمۇ غېمىم تۈگەيتتى. قارا، سەن بولساڭ بالىلىقمۇ بولۇپ بولدۇڭ. ئۇ ھازىر 28 ياشقا كىردى. تېخىچىلا بويتاق يۈرىدۇ.

ھەببە خەتنى چىقىرىدۇ: ئۇ، خېتىدە تويىنى بۇ يىل قىلىدىغان بولدۇق، دەپ يېزىپتۇ.

ئامىنىخان خۇشال بولۇپ: شۇنداق، سول قاپىقىم تارتقىلى نەۋاخ، بىرەر خۇشاللىقنىڭ بولۇشىنى سەزگەن ئىدىم... .

— توي، توي ھەممىلا جايدا توي! قاراڭ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە مەن توي باغىقىدىن 6 نى تاپشۇرۇۋالدىم. ئامىنىخان ئاچا، سىزنى خۇشال قىلىۋەتكەن زادى قانداق ئىش؟ بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلى! — دەيدۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇزۇن تۇمشۇق پاتەمخان ۋاتىلداپ.

ئامىنىخان: پاتەمخان سىڭلىم، قېنى ئۆيگە كىرىڭ، بالىلارنىڭ ئىشى بولماي نېمە بولاتتى؟ بۇنى تېخى بىرەرسىگە سوزلەپ بەرگىم كېلىپ ئولتۇراتتىم، ئوبدان كەپسىز.

پاتەمخان بويۇنلىرىنى سوزۇپ: قېنى ئاڭلايلى، قولىمىزدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا جېنىم پىدا، سىز يالغۇز، قىز - ئوغۇللىرىڭىزنىڭ ئىشىنى ماڭىلا قويۇپ بېرىڭ.

ئەنۋەر ”ئۇخلايمەن“ دەيدۇ، ھەببە ئۇنى باشلاپ ئۆيگە كىرىدۇ.

ئامىنىخان پاتەمخاننى تارتىپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن تاماق يىگەچ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشىدۇ.

ئامىنىخان تىللىرىنى تامشىپ تۇرۇپ: رەنانىڭ ئاكىسى ئۆزىگە لايىق تېپىپتۇ، تويىنى بۇ يىل قىلغۇدەك.

پاتەمخان: قانچە بالدۇر قىلساق شۇنچە ياخشى، بولمىسا بارغانسېرى تەس بولۇپ كېتىدۇ. بۇگۇن قادىرنىڭ تويى توي دىگۈچىلىگى بار بىر توي بولدى. سازچىلار، نەچچە - نەچچە ماشىنا، سوغا سالام، قوي - كالا.... ئايشەمنىڭ

ئاپىسى تېخى مۇشۇنىڭغىمۇ رازى ئەمەس.

ئامىنىخان: ياپىر، مۇشۇنچىۋالا نەرسىنى مەن نەدىن تاپارمەن؟ ئەنىۋەرمۇ 7 گەكىرىپ قالاي دىدى. بۇ يىل تېخى ئۇنىڭ خەتمە تويىنى قىلماقچىمەن. ھەببە توي قىلغاندا تويلۇقمۇ ئالمىغان ئىدىم. ئۇنىڭ تاپقىنىمۇ كەمبەغەل، ئاران كېتىپ بارغان بىچارە خەقلەر ئىكەنىدۇق..... ھازىر ئۇنىڭ قولىمۇ قىسقا، مېنى تولىمۇ تەڭلىكتە قويىدى جۇمۇ!

پاتەمخان كوزلىرىنى پىلدىرلىتىپ: رەنانىڭ لايىغى باردۇ؟

ئامىنىخان: سىزدىن نىمىسىنى يوشۇراي، ئەلچى بەش قېتىم كەلدى، ئۇلارمۇ قولىدا يوق خەق ئىكەن. مەن ئۇنىمايۋاتىمەن.

پاتەمخانىڭ كوزلىرى بىردىنلا پاقىراپ كېتىدۇ: ھىلىقى سەرادىكى يېزا ئوقۇتقۇچىسى ياسىن بولمىسۇن يەنە؟

ئامىنىخان: سىز ئۇنى تونۇمسىز؟

پاتەمخان: ھەمىشە شەھەرلىك قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدىغان بىر سەرالىق، مەن ئۇنى تازا ئوبدان بىلىمەن.

ئامىنىخان: ئۇ زادى قانداقراق بالا؟

پاتەمخان: چىرايىمۇ يامان ئەمەس، كوچىدىكى شەرەپ تاختىسىدا سۈرىتىمۇ بار. بىراق رەنانى سەرالىققا بېرىشكە بولمايدۇ، رەنا 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك چىرايلىق قىز تۇرسا، ئۇنى پۇلى بار، يۈزى بار بىرەر ئائىلىگە ياتلىق قىلىش كېرەك.

ئامىنىخانىمۇ بېشىنى لىڭشىتىدۇ: شۇنداق، مەنمۇ شۇنى

ئويلاۋاتىمەن.

پاتەمخان: ئەمما مەن ئۇنىڭ ھېلىقى مۇئەللىم بىلەن چىقىشىپ قالغانلىقىنى كورۇپ قالدىم.

ئامىنىخان: قەيەردە؟

پاتەمخان: قادىرنىڭ تويىدا.

ئامىنىخان: سىلە ئۇنى خاتا كورۇپ قالغان ئوخشايلا، ئۇ بىر كىيسەلنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى دوختۇرخانىغا كەتكەن.

پاتەمخان: ئىشەنمىسىڭىز، رەنا كەلگەندىن كىيىن سوراپ بېقىڭ.

ئامىنىخان-نىڭ ئاچچىقى كېلىپ، تېرىكىپ، چىرايى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىپ-قىزىل بولۇپ كىتىدۇ.

14. قادىرنىڭ ھويلىسى، گۇگۇم پەيتى

قىز-يىگىتلەر قادىر بىلەن چىرايلىرى تۇتۇلۇپ كەتكەن ئايشەمنى چۆرىدەپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئويناشماقتا، ئۇزۇن شىرەنىڭ ئۇستى تويى نېمەتلىرى بىلەن تولغان.

سازەندىلەر ئۇسۇل پەدىلىرىنى چېلىشقا باشلايدۇ.

قىز-يىگىتلەر جۇپ-جۇپ بولۇپ ئۇسۇلغا چۈشىدۇ.

ياسىن ئۇسۇلنى زوق-شوقى بىلەن ئويناىدۇ ۋە رەنانى ئۇسۇلغا تارتىدۇ. رەنامۇ ئۇسۇلغا چۈشىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئۇسۇلى رىتىملىق ۋە گۇزەل بولۇپ ھەممىسى ئۇلارغا قارىشىپ قالىدۇ. تۇيۇقسىزلا كوزىگە قارا كوزەينەك تاقىغان ئوسكىلەڭ بىر يىگىت بوسۇغىدا پەيدا بولىدۇ، ئۇ ئۇزۇن چاچ ۋە كىچىككىنە بۇرۇت قويۇۋالغان. ئۇ ھېچكىمنى كوزىگە ئىلمىغاندەك قىلىپ گىدىيىپ تۇرىدۇ. بۇ شوھرەت (28 ياش). ئۇنىڭ يېنىدا كوزىگە قويۇق گىرىم قىلىۋالغان سۇپىيە بىلەن قولىغا "سونى" ماركىلىق چوڭ ئۇن

ئالغۇنى كوتىرىۋالغان دوغلاق يىگىت بار.

دوغىلاق يىگىت قىلچە ئەيمەنمەستىنلا ئىلىنى ئىتتىرد-ۋېتىپ شوھرەتنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

ئىپاى بۇ ناتونۇش ئادەملەرگە نارازىلىق بىلەن قاراپ قويىدۇ.

شوھرەت بىردىنلا ئۇسۇل ئويناۋاتقان رەنانى كورۇپ قالىدۇ. ئۇ كوزەيىنەگىسىنى ئىلىۋېتىپ كوزلىرىنى چىمچىقلات-قان ھالدا دوغىلاقتىن: بۇ قىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

دوغىلاق جاۋاپ بېرەلمەيدۇ.

سۇپىيە: ئۇ مېنىڭ سەھىيە مەكتىۋىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم.

شوھرەت نارازى بولۇپ: مەن سېنىڭ ئۇ ھەقتە سوز-لىگىنىڭنى ئەجەپ ئاڭلىماپتىكەنمىنا؟

بىرەيلەن سۇپىيەنى ئۇسۇلغا تارتىدۇ. سۇپىيە شوھ-رەتكە قارايدۇ.

شوھرەت: ئويناۋەرمەمسەن! — دىگەندىن كېيىن سۇپىيە ئۇسۇلغا چۈشىدۇ.

شوھرەت رەناغا ئاچكوزلۇك بىلەن تىكىلىپ، تاماكىسىنى قاتتىق شورايدۇ، دوغىلاق يىگىت ئىگىلىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەقىل كورسىتىدۇ. شوھرەت بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللايدۇ. دوغىلاق يىگىت تۇيۇقسىزلا ئۇن ئالغۇدىكى دىسكا مۇزىكد-سىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىدۇ ۋە سازەندىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىتىڭلار دىگەندەك قىلىپ قولىنى سىلكىيدۇ.

دىسكا ئۇسۇلىنى بىلمەيدىغانلار سورۇندىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ياسىن بىلەن رەنامۇ سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ.

شوھرەت بېرىپ رەنانى تانسىغا تەكلىپ قىلىدۇ.

رەنا: كەچۈرۈڭ، مەن دېسكىغا ئوينىيالمايمەن.

شوھرەت ئەدەپ بىلەن: ئۇنداق بولسا تانسا ئوينايلى دەيدۇ-دە، خۇشامەتچىلىك بىلەن رەنانى تارتىپ تانسا ئويناشقا باشلايدۇ.

ئېلى ياسىنغا يېقىنلىشىپ ئۇلارغا دىققەت بىلەن قارايدۇ.

رەنا ئىلاجسىزلىقتىن تانسىنى بېشىنى تۆۋەن قىلغان ھالدا ئوينايدۇ.

شوھرەت: تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىمۇ مۇشۇنداق تارتىنچاق بولامدىكەن؟

رەنا جاۋاپ بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى مۇزىكىغا چۈشمەي قالايمىقان يۆرۈشكە باشلايدۇ.

شوھرەت: ئۇسۇلنى سىز بەك چىرايلىق ئوينايدىكەنسىز. كەسپىي ئۇسۇلچىلار سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قولىڭىزغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمىگىدەك.

رەنا خۇشياقمىغاندەك قىلىپ: سىز بەك مۇبالىغە قىلىۋەتتىڭىز.

شوھرەت: سىز بىلەن ئۇسۇلغا چۈشۈشنىڭ ئۆزى بىر راھەت. بىز دوست بولساق قانداق؟ مەن سىزنى ھەممە جەھەتتىن رازى قىلىمەن. بەختلىك قىلالايمەن.

ئۇ سوزلەۋېتىپ قوللىرى بىلەن رەنانىڭ بېلىنى قۇچاقلايدۇ.

رەنا يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ: ياق، ياق، بۇنداق قىلماڭ خاپا بولىمەن.

شوھرەت: گۈزەلنىڭ ئاچچىقلىنىشىمۇ گۈزەل بولىدۇ-دە.... ئۇنىڭ يۈزلىرى رەنانىڭ يۈزلىرىگە تېگىپ كەتكىلى تاسلا قالدۇ. رەنا بېشىنى كۆچەپ ئارقىغا بۇرايدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدۇ.

ئېلى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇن ئالغۇنى ئۆچۈردۇ.

ياسىن كوكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ، رەنا نىجاتلىق تاپقاندەك ياسىننىڭ يەلكىسىگە چىڭ ئېسىلىۋالىدۇ.

ياسىن غەزەپ بىلەن: سەن نېمە قىلماقچى؟

شوھرەت: ئوھو! شەرەپ تاختىسىدىكى گادا ي مۇئەللىم، سىز ئۇنىڭ نېمىسى بولىسىزكىن؟

رەنا ياسىنغا يېپىشىپ تۇرۇپ: ئۇ مېنىڭ سۆيگىنىم.

شوھرەت ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ.

رەنا ياسىننى سورىگەن پېتى سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ. ئېلىمۇ قادىر بىلەن خوشلىشىپ ئالدىراش چىقىپ كېتىدۇ.

شوھرەت چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ: ھو سەرالىق، كورگۈلۈگىڭنى كورسەتمىسەم، قاراپتۇر.

15. رەنانىڭ ئويى، كېچە

ئامىنىخان كارۋاتتا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ. ئەنۋەر بىر ياندا يېتىپ شىرىن ئۇخلىماقتا.

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، رەنا كىرىدۇ ۋە دورا ساندۇغىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ.

ئامىنىخان قىمىر قىلماي ئولتۇرۋېرىدۇ. رەنا ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئاپا، مىجەزىڭىز يوقمۇ-نېمە؟

ئامىنىخان تۇلۇمدىن توخماق چىققاندەكلا سورايدۇ: سەن

مېنىڭ قىزىممۇ، ئەمەسمۇ؟

رەنا ھەيران بولۇپ: بۇمۇ يالغان بولامتى ئەمسە؟

ئامىنىخان: ماڭا ئېيتقىنا، نەگە بېرىپ، كىم بىلەن بىللە بولدۇڭ؟

رەنا: مەن ياسىن بىلەن بىللە قادىرنىڭ تويىغا باردىم.

ئامىنىخان غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ:

ــ مېنىڭ قىلغان گەپلىرىم ئۇ قۇلىغىڭدىن كىرىپ، بۇ قۇلىغىڭدىن چىقىپ كەتتىما؟ مەن خەقنىڭ قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن ئەمدى؟ مېنىڭ سەندەك قىزىم يوق!

رەنا ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ سوزلەيدۇ: ئاپا، سەن ياسىننى بىلمەيسەن، ئۇ بەك ئوبدان بالا، مەن راستىنلا ئۇنى ياخشى كورىمەن.

ئامىنىخان: بىر سەرالنىنى ياخشى كورۇپ قالدىڭما؟ ئۇنى ساڭا كىم تېپىشتۇردى؟ سەن ئۇنى چۈشىنەمسەن زادى؟

رەنا ھاياجان بىلەن: بىز ئۇزىمىز تونۇشقان: مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، بۇ تېخى ئوتكەن يىلى كۈزدىكى ئىش.....
(ئەسلىمە)

16. كەلكۈن سۈيى تاشقىنلاپ تۇرغان دەريا بويى

رەنانىڭ ئېكران سىرتىدىكى ئاۋازى: بىر كۈنى دوختۇرخانا مېنى گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا دورا ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتى. تاغدىن كەلگەن كەلكۈن سۈيى مەن ئوتىدىغان دەريا كوۋرۇگىنى بۇزۇپ تاشلاپتۇ....

كەلكۈن سۈيى دەريادا شىددەتلىك ئاقماقتا، يامغۇر چېلەكتىن سۇ قۇيغاندەك شاقىراپ ياغماقتا.

رەنا دورا ساندۇغىنى قۇچاقلاپ نىمە قىلارىنى بىلمەي

دەريا بويىدا تۇرماقتا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دۇمبىسىگە بىر بالىنى يۆدىۋالغان ئادەم پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى بالىنىڭ ئۇچىسىغا يېپىلغان.

كەلگەن ئادەم: نەگە باراتتىڭىز؟

رەنا ئۇنىڭ يامغۇر هول قىلىۋەتكەن چىرايىنى ئېنىق كورەلمەستىن: دوختۇرخانىغا دورا ئېلىپ كېتىۋاتاتتىم، ئوتەلمەيۋاتىمەن، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟

كەلگەن ئادەم: ئالدىرىماڭ، مەن بىر چارىسىنى قىلاي. ئۇ يۆشقاقلىرىنى تۇرۇپ، هاپاش قىلىۋالغان بالىنى قارشى قىرغاققا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن بىرنەچچە تال يوغان تاشنى سۇغا تاشلايدۇ. رەنا خوشال بولۇپ، ئايىغىنى بىلەن پايپىغىنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن هېلقى ئادەمنىڭ يولىشى بىلەن دەريادىن ئوتىۋالىدۇ.

17. يېزىدىكى چىغىر يولدا

يامغۇر توختىغان. بالا يۆدىۋالغان هېلقى ئادەم بىلەن رەنا يولدا كېتىپ بارماقتا.

رەنا: سىز نەگە بارىسىز؟

هېلقى ئادەم: ماۋۇ بالىنى مەكتەپكە ئەپكېتىپ بارىمەن.

رەنا: بۇ بالا بالىلاردا بولىدىغان پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانمۇ؟

ياسىن: ئىككى يېشىدىلا شۇنداق بولغان.

رەنا: بۇ بالىغا ناهايىتى ئوبدان ئاكا بوپسىز جۇمۇ!

بالا: ئۇنداق ئەمەس، بۇ مېنىڭ مۇئەللىمىم ياسىن. مەن بۇ مەكتەپكە كەلگەندىن تارتىپلا مېنى مۇشۇنداق يۆدۈپ كېلىۋاتىدۇ، هازىر بۇنىڭغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. رەنا ياسىنغا قايىل بولۇپ هورمەت نەزىرى بىلەن قارايدۇ

ۋە پەقەت مۇشۇ چاغدىلا ياسىن ئاتلىق بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ قاشلىرى قويۇق، كوزلىرى يوغان، ئىنتايىن كېلىشكەن بىر يىگىت ئىكەنلىگىنى كوردۇ.

ياسىن: يولداش سىڭلىرا، قايتىشىڭىزدا چوڭ يول بىلەن مېڭىڭ، چوڭ كوۋرۇكتىن ئوتسىڭىزلا كوچا ئاپتوۋۇزى بار يەرگە بارالايسىز، — دەيدۇ-دە، يەنە چىغىر يولغا چۈشۈپ كېتىپ قالىدۇ. يىراقتىن مەكتەپ ئويلىرى كورۇنىدۇ.

رەنا ياسىننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ ئالىجاناپ يىگىت ئىكەنلىگىنى ھېس قىلىدۇ.

(ئەسلىمە تۈگەيدۇ)

18. رەنالارنىڭ ئويى، كېچە

رەنا بىلەن ئاپىسى كارۋاتتا ياتىدۇ. رەنا داۋاملىق سوزلىمەكتە: بۇ يىل ئەتىيازنىڭ بىر كۈنىسى......

(ئەسلىمە)

19. دوختۇرخانىدىكى بالىنىستىنىڭ كارىدورى

ئاپپاق خالات كىيىۋالغان رەنا دورا قويۇلغان پەتنۇسنى كوتىرىپ، باھار گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن كارىدور ئارقىلىق بالىنىستقا كىرىپ كېتىدۇ.

20. بالىنىستىنىڭ ئىچى

بالىنىستىنىڭ دەرىزىسى يېنىدىكى كارۋاتتا 10 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر كېسەل بالا قولىغا كىتاپ تۇتۇپ ياتىدۇ. كارۋاتنىڭ بېشىدا دۇمبىسىنى ئىشىككە قىلىپ بىر يىگىت ئولتۇرىدۇ. ئۇ قانداقتۇر بىرنىمە توغرىسىدا سوزلەۋاتقاندەك قىلىدۇ.

رەنا سىرتتىن كىرىپ، ھېلىقى كېسەل بالىغا سەممىلىك

بىلەن: ئۇھو كىچىك ئالىم، سەن يەنە ئۇكىنىش قىلغىلى تۇردۇڭما؟ دوراڭنى ئىچ!

يىگىت: توغرا، ئالدىدا دورا ئىچۈرۈش كېرەك. ــ دەپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ دورىسىنى قولىغا ئالدۇ.

رەنا ھەيران بولۇپ خوشاللىق بىلەن: ياسىن مۇئەللىم!

ياسىن: ھە، سىزمىدىڭىز، يولداش سېستىرا.

بالا: رەنا ئاچا، ھەركۈنى كېلىپ ماڭا دەرس تولۇقلاپ بېرىۋاتقان مۇئەللىم مانا شۇ.

رەنا ھاياجانلانغان ھالدا: بۇ ئىشنى قىلغانىمۇ يەنە مەن دەڭا. ياسىن مۇئەللىم سىز كوپ جاپا تارتىپسىز جۇمۇ!

ياسىن: بۇ يىل ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدۇ. شۇڭا دەرسكە ھەرگىز دەخلى يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. قانداق، دوختۇردىن چىققىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغاندۇ؟

رەنا: سوقۇر ئۈچەيىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن سالامەتلىكى ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن دوختۇردىن چىقسا بولىدۇ.

ياسىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ: سىلەر دوختۇرلار ئۇلۇغ ئامال، ئاغرىققا داۋا قىلىسىلەر. قىلىۋاتقان ئىشىڭلار بەكمۇ مۇھىم، مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن.

رەنا: ياق، ئۇنداق دىمەڭ، ئوقۇتقۇچى بولۇشمۇ بەك شەرەپلىك، ئالىجاناپ ئىش، ــ دەيدۇ ۋە بىردىنلا ياسىننىڭ يېنىدا تۇرغان «تاشقى كېسەل ئوپېراتسىيىسىگە دائىر بىلىملەر» ناملىق بىر كىتاپنى كورۇپ قالىدۇ-دە، ھەيران بولغان ھالدا كىتاپنى قولىغا ئالىدۇ: بۇ كىتاپنى سىزمۇ كورۇۋاتامسىز؟

ياسىن تارتىنغان ھالدا: ھەئە، ئاز-تولا ئۈگىنىپ

قويباي دەۋاتىمەن، چۈنكى ئوقۇغۇچىلارنى ئوپېراتسىيە قىلغاندا ئوپېراتسىيىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىشلارغا دائىر ئاساسىي بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇپ قالساق، سىلەرگە ھاسىلشىپ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردىمى تېگىپ قالار دەپ ئويلىغان ئىدىم.

رەنانىڭ كۆزلىرىدىن چوڭقۇر ھۆرمەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كېتىدۇ....

رەنانىڭ كۆڭلىدىكى سۆز: شۇندىن باشلاپ، ئۇ مېنىڭمۇ ئوقۇتقۇچۇم، مەن ھۆرمەت قىلىدىغان، ياقتۇرىدىغان ئوقۇتقۇچۇم بولۇپ قالدى. ھېلىقى ئوقۇغۇچى دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن مەن پات-پاتلا مەكتەپكە ئۇنى يوقلاپ بارىدىغان بولدۇم....

تۇۋەندە ئەسلەشكە دائىر بىر گۇرۇپپا كۆرۈنۈشلەر بېرىلىدۇ.

ياسىن مۇئەللىم دەرس سۆزلىمەكتە. رەنا دەرىزە سىرتىدا تۇرۇپ ئاڭلىماقتا.

ياسىن مۇئەللىم بالىلار بىلەن توپ ئويناۋاتسا، رەنا بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇنى تاماشا قىلماقتا.

ياسىن رەناغا كىتاب ئەپكېلىپ بېرىدۇ، رەنا ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش نەزىرى بىلەن قارىماقتا.

ياسىن پالەچ بولۇپ قالغان بالىنى يۆدۈپ مەكتەپكە ئېلىپ ماڭىدۇ.

ياسىننىڭ شەرەپ تاختىسىدىكى سۈرىتى.

كىشىلەر ياسىننى ئورىۋېلىپ ئۇنى ماختاشماقتا.

رەنانىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ياش ئەگىدۇ.

..............

(ئەسلىمە توغەيدۇ)

21. رەنالارنىڭ ئۆيى، كېچە

ئامىنخان كوزلىرىدىكى ياشىنى سۈرتۈۋېتىپ ئارقا-ئارقىدىن بېشىنى لىڭشىتىدۇ: قارىغاندا ئۇبدان يىگىتتەك قىلىدۇ.

رەنا: ئۇبدان ئاپام، — دەيدۇ ۋە قۇچاقلاپ سويۇپ تۇرۇپ: ئەتىلىككە ئابلىز تاغام 6-قېتىم ئەلچىلىككە كەلمەكچى، سىز ماقۇل بولۇڭ جۇمۇ!

ئامىنخان: بىراق ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياسىنلارنىڭ ئائىلىسى بەك نامرات ئىكەن. بۇ يىل ئاكاڭ ئۆيلەنمەكچى، ئۇكاڭنىڭ خەتمە تويىنى قىلدىغان گەپ، بىراق ئۆيىمىزدە ھېچنىمە بولمىسا....

رەنا: ئاپا، زورۇر بولغان تويلۇق نەرسىلەرنى ياسىن-نىڭ ئۆيىدىكىلەر تەييارلاپ بېرىدۇ. ئاكام بىلەن ئۇكام-نىڭ ئىشىنى كېيىنچە بامەسلىھەت بىر ئىش قىلارمىز. دادام ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كىشىلەر سىزنى يەنىلا كادىر-نىڭ ئائىلە تەۋەسى دەپ قارايدۇ. بىز يەنىلا كونا ئادەت كۈچى ۋە جەمئىيەتتىكى يامان ئادەتلەرنى دوراپ توي قىلساق بولمايدۇ. سىز دەپبېقىڭا، سوزۇم توغرىمۇ-ئەمەسمۇ؟

ئامىنخان: ئۇغۇ شۇنداق!

رەنا خوشاللىق بىلەن: ئاپا، ماقۇل بولدىڭىز-ھە!

ئامىنخان سوز قىلماقچى بولۇپ توختىۋالىدۇ.

رەنا: ئاپام قوشۇلدى، ئاپام قوشۇلدى. ئاپپاق ئاپام! — دەپ ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلايدۇ.

ئامىنخان قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، مۇرەك-كەپ ھېسسىياتلار ئىچىگە چۇمۇلۇپ كۈلۈپ قويىدۇ.

## ‎.22 رەنالارنىڭ ئىشىگىنىڭ ئالدى

چېكىلىرىگە ئاق كىرگەن، يۈزلىرى قىپ ـ قىزىل ئابلىز ئاغا ئىشەك ھارۋىسىنىڭ ئۈستىدە بەدەشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرغان ھالدا رەنالارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىدۇ.

ئابلىز ئاكا مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، كىچىك كوۋرۇكتىن ئۆتۈپ، ئۆيگە كىرىدۇ.

## ‎.23 رەنالارنىڭ ھويلىسى

ئامىنەخان مېھماننى پېشايۋان ئاستىدا تۇرۇپ كۈتۈۋالىدۇ.

ئابلىز ئاكا بىلەن ئامىنەخان بىر بىرىگە تازىم بېرىپ، تېچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئاز ـ تولا تەكەللۇپ قىلىشىپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

## ‎.24 تار كوچىدا

ئۇزۇن تۇمشۇق پاتەمخان سىرلانغان بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئىشىكنى چېكىدۇ. غىچىلداپ ئېچىلغان دەرۋازىنىڭ يوچۇغىدىن يۈزىنى ئەگلىك بىلەن قىزارتىپ، قاشلىرىنى جادىگەردەك بوياشالغان، ئالتۇن چىشلىق سېمىز بىر ئايالنىڭ بېشى كورۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئىششىپ قالغان يۈزلىرى ئىسكەتىنى يوقىتىپ قويغاندەكلا ئىدى.
ئۇ شوھرەتىنىڭ ئاپىسى تۇراخان (50 ياش)

تۇراخان: ئوھو، پاتەمخان سىڭلىم، كېلىڭ، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭىز، سىزنىلا ساقلاپ ئولتۇراتتىم.

## ‎.25 شوھرەتلەرنىڭ ئۆيىدىكى پېشايۋان ئاستى

پاتەمخان ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا: ۋاي ـ ۋۇي، تۇراخان ئاچا، سىز بارغانسېرى ياشىرىپ، بارغانسېرى

چىراي ئىلىشىپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ!

تۇراخان: نەدىكەنى، بالىلىرىڭىز تېچلىقمۇ؟ قېنى ئولتۇرۇڭ.

پاتەمخان پاكار سۇپىغا سېلىنغان گىلەمنى سىلاپ قويۇپ، ئوھو، ماۋۇ گىلەم تېپىلمايدىغان ئېسىل گىلەملەردىن ئىكەنغۇ، — دەيدۇ ۋە تۇراخاننىڭ چاي قويۇش ئۇچۇن قولىدا تۇتۇپ تۇرغان چەينىگىنى ئارقا-ئارقىدىن ماختاپ كېتىدۇ، — بۇ ئالى دەرىجىلىك چەينەكنى شاڭخەيدىن ئالدۇرغانسىز-ھە؟

تۇراخان: گۇاڭجۇنىڭ مېلى، ئېكسپورتقا تەييارلىنىپ، مەملىكەت ئىچىدە سېتىلغان.

بۇ چاغدا تۇراخاننىڭ كوڭلىگە بىر ئەقىل كېلىپ، سۇپىنىڭ يېنىدىن يەنە بىر چەينەكنى ئېلىپ: شاڭخەينىڭكىنى ياخشى كورەمسىز؟ قاراڭ، ماۋۇنى شوھرەت تېخى شاڭخەيدىن يېقىندىلا ئەپكەلدى، ھەقىقى ئېكسپورت مېلى.

پاتەمخان ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىنى چاكىلدىتىدۇ: چەينەكنىڭمۇ مۇنچە ئالى دەرىجىلىكى بولىدىغىنىنى كورۇپ باقمىغان ئىكەنمەن.

تۇراخان: كوڭلىڭىزگە يېقىپ قالغان بولسا ئاپىرىپ ئىشلىتىۋېرىڭ.

پاتەمخان: بۇنداق.... بۇنداق قىلغان بىلەن بولامدۇ؟

تۇراخان: بىز دېگەن تۇققان تۇرساق، بىرەر چەينەك دېگەن قانچىلىك نىمىتى!؟

پاتەمخان بىر چەينەككە ئىگە بولغانلىقى ئۇچۇن خوشاللىقىدىن ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ قويىدۇ ۋە مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ، ئارقا-ئارقىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

تۇراخان جاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ: پاتەمخان، ئىرىڭىز-نىڭ ئامىنەخان بىلەن تۇققانچىلىقى بارمۇ؟

پاتەمخان: راست، يۇمغاقسۇتنىڭ ھىدىدەك يىراق تۇققانچىلىقى بار. ئېرىم بىلەن چوڭ ئاكىڭىز بىر ئاتىدىن بولغان نەۋرە ئاكا-ئۇكىلاردىن بولىدۇ.

تۇراخان: شۇنداق، شۇڭلاشقا بىز ئامىنەخان بىلەنمۇ بىر تۇققان بولىمىز، قانداق؟

پاتەمخان: راست، راست شۇنداق.

تۇراخان: بۇگۈن سىزنى بىر مەسلىھەت ئىشى بىلەن چاقىرتقان ئىدىم، ئوغلۇم شوھرەتنىڭ ئامىنەخاننىڭ قىزى رەناغا كوزى چۈشۈپ قاپتۇ، بىز بىلەن قۇدا بولىمىز دەپ بوسۇغىمىزغا كېلىۋاتقانلارغۇ ئاز ئەمەستى، بىراق ئوغلۇم رەنانى ئالمىسام بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا سىزنى ئەلچىلىككە مېڭىپ بېرەمدىكىن دېگەن ئىدىم.

پاتەمخان: ۋاي-ۋوي، ئەنە شۇ گۈلدەك چىرايلىق رەنالا ئوغلىڭىزغا خوتۇن، سىزگە كېلىن بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدۇ. بىراق، بىر سەرالىق ئۇلارغا ئەلچى كىرگۈزۈپ بولدى.

تۇراخان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: ھەي، سەرالىقلار بىزگە تەڭ كېلەلەمتى، ئەگەر كېرەك دەيدىغان بولسام ئوغلۇم شوھرەت ھەتتا ئاسماندىكى ئايىنى-مۇ ئۈزۈۋالالايدۇ. قاراڭ، ئوغلۇممۇ كېلىپ قالدى.

شوھرەت بىر پۇت قوي گوشىنى كوتىرىپ ئويگە كىردى.

شوھرەت: پاتەمخان ئاچا، سىز تازا دەل ۋاقتىدا كەپسىز،—دەيدۇ ۋە گوشنى قويۇپ تۇراخانغا،—ئاپا، سەل

تۇرۇپ پاتەمخان ئاچامنى مېنىڭ ھوجرامغا باشلاپ كىرگىنە!
تۇراخان: ئوغلۇمنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان گېپى بار ئىكەن.
پاتەمخان: بولىدۇ. كىرىمەن، كىرىمەن.
شوھرەت ئۇيگە كىرىپ كېتىدۇ. پاتەمخان ئۇنىڭ پوزۇر كىيىملىرىگە قاراپ زوقى كېلىپ، — رەنا جەزمەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ، — دەيدۇ.
تۇراخان: گەپ شۇ، ئېغىز ئايىغىڭىزنى يەڭگىل قىلىپ مۇشۇ ئىشقا بىر مېڭىشىپ بېرىڭ.
پاتەمخان: ئاغزىڭىزغا چىشىڭىز چىققاندىن بۇيان ماڭا پالان دەپ ئېغىز ئېچىشىڭىز تېخى مۇشۇ بىر قېتىمغۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، — دەيدۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىراشلىق بىلەن چەينەكنى قولىغا ئالىدۇ.
تۇراخان: يەنە بىر قېتىم كەلگىنىڭىزدە مەن قىزىڭىزغا بىر پار ئاياق ئېلىپ بېرىمەن.
ئۇ بىر نىلۇن ياغلىق بىلەن تورنى ئېلىپ چەينەكنى ئورىغاندىن كېيىن پاتەمخانغا بېرىدۇ.
پاتەمخان: بۇ گاز ياغلىق بىلەن تورنى....
تۇراخان: قايتۇرۇپ بېرىمەن دەپ يۈرمەڭ، ئىشلىتىۋېرىڭ، ئېغىزغا ئالىدىغانچىلىكى يوق بىرنىمىلەر بۇ!
پاتەمخان قايتا - قايتا ئېگىلىپ قولىنىڭ بىلدۈرىدۇ:
— رەھمەت، رەھمەت.

26. شوھرەتنىڭ ياتاق ئۆيى

شوھرەت بىر باغلام پۇلنى چامدانغا سالىدۇ.
پاتەمخان بويىنىنى ئوغرىدەك سوزغان ھالدا ئەتراپقا زەڭ سېلىپ، قورۇنۇپ كىرىپ كېلىدۇ:

— شوھرەتجان، مەن كەلدىم.

شوھرەت: قېنى ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ.

پاتەمخان دىۋانغا ئولتۇرىدۇ.

شوھرەت بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ، كوز - كوز قىلغاندىن كېيىن: مەندە پۇل دىگەن تولا گەپ. مەن پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە سالغىدەك توي قىلمىسام ھىساپ ئەمەس، سىز پەقەت رەنانى قولغا كەلتۈرسىڭىزلا نىمە دىسىڭىز، شۇنى بېرىمەن، مېنىڭ كىچىككىنە قول سانائەت كوپىراتىۋىنىڭ مال سېتىۋالغۇچى خادىمى ئىكەنلىكىمگە قارىماڭ، مەن ئاپىرۇپىلان بىلەن شاڭخەي، بېيجىڭ، گۇاڭجۇلارغا بېرىپ، چوڭ تىجارەت قىلىدىغان ئادەممەن، نەچچە ئون كوي، نەچچە يۈز كوي پۇللار بىز ئۈچۈن قولنىڭ كىرى، مېنىڭ رەنانى ياقتۇرۇپ قالغىنىمنى ئۇ بەخت دەپ بىلسە بولىدۇ، — دەيدۇ ۋە بىر دەستە پۇلنى پاتەمخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ: مانى ئىشلەتكەچ تۇرۇڭ.

## 27. پاتەمخاننىڭ ئۆيى

ئەخمەت (45 ياش) قولىغا تۇكۇرۇپ پۇل سانىماقتا.

پاتەمخان ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ چوڭ گۈلى بار نىلۇن ياغلىقنى بېشىغا سېلىپ كورمەكتە.

ئەخمەت: ئوھ، ئۇتانىدەك ئىككى يۈز كوي ئىكەن. بۇ چەينەكمۇ ئاز دىگەندە 20 يۈەنگە، ھىلىقى گاز ياغلىق بىلەن تورمۇ 10 - 20 يۈەنگە يارايدۇ.

پاتەمخان: ئىشنىڭ بىسمىللاسىنى 200 يۈەندىن باشلاپتۇ، ئەگەر بۇ ئىش ۋۇجۇتقا چىقسا قالسا قانچە بېرەركىن تېخى؟

مەۋلۇدە ئۇخلاپ قالغان يومساق قىزچاقنى كوتىرىپ كىرىدۇ: ئاپا، سىڭلىم ئۇخلاپ قالدى.

پاتەمخان: بوپتۇ، كارۋاتقا ياتقۇزۇپ قوي.

مەۋلۇدە قىزچاقنى ياتقۇزۇپ قويۇپ ئۇستىگە يوگىنى يېپىپ قويماقچى بولىدۇ.

پاتەمخان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ يوگەكنى شارتتىدە تارتىۋالىدۇ-دە: خۇدايىم دوتلىكنى ساڭىلا بېرىپتىكەن-دە! ماڭ يوگور، دەريا بويىغا بېرىپ كىرلەرنى يۇيۇپ كەل.

مەۋلۇدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆيدىن چىقىدۇ.

## 28 پاتەمخاننىڭ هويلىسى

مەۋلۇدە ئۆيدىن چىقىپ، داسنى كوتىرىپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئۆيدىكى ئاتا-ئانىسىنىڭ قىلىشىۋاتقان سوزلىرىنى ئاڭلاپ قالىدۇ.

— ئىشنىڭ چاتاق يېرى — رەنا ئاللىقاچان بىر سەرالىق تومپاي بىلەن چىقىشىپ قاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟

مەۋلۇدە قوشۇمىسىنى تۇرگەن هالدا ئىشىككە قۇلىغىنى يېقىپ، بولۇۋاتقان گەپ-سوزلەرنى ئاڭلايدۇ:

— رەنانىڭ ئاكىسى ئۆيلەنمەكچى، ئۇكىسىنىڭ خەتمە تويىنى قىلماقچى، ئامىنخاننىڭ پۇتۇن پىكرى-خىيالى هازىر پۇلدا.

— ئۇنداق بولسا شوهرەتنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىپ هېلىقى سەرالىقنى بۇ ئىشتىن سوۋۇتايلى.

— ئۇنداق، بولسا مەن دەرهال بېرىپ ئامىنخان بىلەن كورۇشەي.

شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئاۋازمۇ پەسىيىدۇ.

مەۋلۇدە بىر نەرسىنى ئويلاپ، چوڭ بىر دوۋە كىرنى

كوتىرىپ دەريا بويىغا قاراپ ماڭىدۇ.

## 29. توي خېتى بېرىش ئورنى

شاتلىققا ۋە ھاياجانغا چۆمۈلگەن رەنا بىلەن ياسىن يانمۇ-يان تۇرۇشىدۇ.

رەنا ئالدىراپ ئالدىدا سوز باشلايدۇ: ئاپام ئۇلارنىڭ ئەلچىسىگە ماقۇللۇق جاۋابىنى بېرىپ بولدى.

توي خېتى كېسىدىغان ھەسەن ئاكا (45 ياش) كۈلۈپ كېتىدۇ: ئۆزەڭلار چۇ؟

ياسىن: بىز ئىختىيارى مۇھەببەتلىشىپ، توي قىلىشقا كېلىشىپ بولغان.

ھەسەن: ئالتۇن ئۆزۈككە ياقۇتكوز. خۇدا قوشقان بىر جۈپ بوپسىلەر. بەختلىك بولۇڭلار، — دەيدۇ ۋە نىكا گۇۋانامىسىنى ئۇلارغا بېرىدۇ.

ياسىن بىلەن رەنا: رەھمەت سىزگە!

ھەسەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئوقۇتقۇچى، بىرىڭلار سېستىرا ئىكەنسىلەر. كونا ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، تويىنى تېرىشچانلىق-ئىقتىساتچىللىق بىلەن قىلىش جەھەتتە بىر ئۈلگە يارىتىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمىز.

رەنا: خاتىرجەم بولۇڭ، بىزمۇ جەزمەن شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمىز.

## 30. توي خېتى بېرىش ئورنىنىڭ ئىشىك ئالدى

بوسۇغىدا دوغىلاق يىگىتنىڭ قارىسى غىل-پاللا كۆرۈنۈپ قالىدۇ.

ياسىن بىلەن رەنا ئىشىكتىن چىقىدۇ.

ماراپ تۇرغان دوغىلاق يىگىت غىپپىدە كېتىپ قالىدۇ.

ياسىن: چۈشتىن كېيىن ئىشقا بارامسىز؟

رەنا: دوختۇرخانىدىن ماڭا رۇخسەت بەرگەن، سىزچۇ، يەنە دەرسكە بارامسىز؟

ياسىن: مەكتەپ ماڭىمۇ رۇخسەت بەرگەن.

رەنا: ئۇنداق بولسا بۇ بەختلىك مىنۇتلارنى نەدە ئۆتكۈزىمىز.

ياسىن: ئات مىنىشنى بىلەمسىز؟

رەنا: قايتا تەربىيە ئېلىش جەريانىدا ئۆگىنىۋالغان، سىزچۇ؟

ياسىن: مەن دېگەن يېزىدا تۇغۇلغان تۇرسام، كىچىكىمدىنلا ئۆگەنگەن. ئۇنداق بولسا بىز ئاتلىق شەھەر سىرتىدىكى مەنزىرىلىك بىر جايغا بېرىپ ئويناپ كېلەيلى، بولامدۇ؟

رەنا: ماقۇل.

## 31. بىپايان كەڭ دالا

چېتىگە كۆز يەتكۈسىز بىپايان دالىنى نېپىز بىر قەۋەت تۇمان قاپلىغان. ياسىن بىلەن رەنا ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلمەكتە. ياپ ـ يېشىل ئوت ـ چۆپلەر، چىرايلىق ياۋا گۈللەر ئاتنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا قالىدۇ.

ئات تېيىز سۇلۇق جىلغىدىن چېپىپ ئۆتكەندە سۇ تامچىلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە چاچراپ كۈن نۇرىدا پاقىراپ كېتىدۇ.

ئىككىيلەن ئاتتىن چۈشۈپ، سۇ كېچىپ ئوينىشىدۇ.

رەنا يۈگۈرەيدۇ، ياسىن سۇ چاچىدۇ. رەنا كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ، ناز بىلەن ئارقىغا باقىدۇ. كۈمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلىدۇ.

ياسىن بىلەن رەنا قايتىدىن ئاتقا مىنىدۇ.

ياسىن قامچىسى بىلەن يىراقنى قەد كۆتىرىپ تۇرغان قەدىمقى قورغان خارابىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: قانداق مەلىكەم، بىرىپ ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان قورغانغا ھۇجۇم قىلمايمىزمۇ؟ — دەيدۇ.

رەنا: بۇيرۇقلىرىغا تەييارمەن تەقسىر!

ئىككىيلەن قامچىلىرىنى ئويىنىتىپ، قەدىمقى قورغان خارابىسىگە قاراپ ئات سالىدۇ.

## 32. قەدىمقى قورغاندا

ياسىن بىلەن رەنا ئىگىز چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان كۆزىتىش مۇنارىسىغا چىقىپ مىللەتنىڭ پارلاق مەدىنىيىتىدىن ھوزۇرلىنىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستىگە ئاپىرىن-تەھسىن ئوقۇيدۇ. ئۇلار چوڭ ئوردا سارىيىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭىدۇ.

ياسىن ئوردىنىڭ خارابىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ: رەنا مەلىكەم، پېقىرنىڭ ئويى مانا مۇشۇ، قېنى مەرھەمەت.

رەنا: ئاھ نىمە دىگەن گۈزەل ئويلەر-ھە؟
شاھزادەم، قايسى ئوزلىرىنىڭ ھوجرىسى ئىكەن؟

ياسىن قالدۇق تام خارابىسىنىڭ ئىشىككە ئوخشايدىغان يېرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: مانا ماۋۇ، مەرھەمەت.

ئىككىيلەن كۈلۈشكەن پېتى بۇ تامنىڭ ئارقىسىدىن ئوردا خارابىسىگە كىرىدۇ.

ياسىن: مېنىڭ بۇ ئويۇمدە سىز بىلەن مەندىن باشقا ھېچنىمە يوق.

رەنا: ياق، ماڭا كېرەكلىك نەرسىنىڭ ھەممىسى بۇ يەر-
دە بار!

ياسىن تەسىرلەنگەن ھالدا: رەنا، — دېگىنىچە ئۇنىڭ قولىنى تۇتىدۇ.

رەنا تاتلىققىنا بىر كۈلۈپ قويۇپ، شوخلۇق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، قاشا تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالىدۇ. ياسىن تامنىڭ ئۇ تەرىپىنى توساپ تۇرىدۇ. بۇ-نىڭ بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ مۇشۇ يەرگە موكۇۋالماقچى بول-غان رەنا كۈتۈلمىگەن ھالدا ئۇدۇل كېلىپ ياسىننىڭ قۇچى-قىغا ئۈرۈلىدۇ.

رەنا ئۇياتچانلىق بىلەن يەرگە قارىۋالىدۇ.

ياسىن يانچۇقىدىن چوغدەك قىپ - قىزىل چاقناپ تۇر-غان گاز ياغلىقتىن بىرنى ئېلىپ ئۇنىڭ بويىنىغا سېلىپ قويىدۇ.

ياسىن: رەنا، بەختلىكمۇ سىز؟

رەنا بېشىنى ئاسمانغا قىلىپ، كوزلىرىنى يۇمغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىدۇ.

33. رەنالارنىڭ ھويلىسىدىكى تونۇر بېشى

ئامىنىخان نان يېقىۋېتىپ گەپ قىلىدۇ: ئەمما مەن ياسىننىڭ ئەلچىسىگە ماقۇل دەپ قويۇپتىمەن. ئۇنىڭ ئۈس-تىگە باللارمۇ بىر - بىرسى بىلەن چىقىشىپ قاپتۇ.

پاتەمخان نان راسلىشىپ بېرىۋېتىپ: ھەي، نىكا دې-گەندە قوشۇلۇشمۇ، ئاجرىشىشمۇ بولىدۇ. چىقىشىپ كەتكەنگە پۇل كېلەمدۇ؟ ياسىن ئۆزى بىر گاداي مۇئەللىم، كەمبەغەللىك-تىن ئائىلىسىدىكىلەر سەكرەپ سۇغا چۈشكىدەك بولۇپ ئول-تۇرسا، تويلۇققا نەدىن پۇل تاپىدۇ (ئاۋازىنى پەسەيتىپ

قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ) ئەمما شوھرەتلەرنىڭ ئائىلىسى بۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ يېنى چىڭ، يەنە كېلىپ جانلىق ئىش ھەققى ئالىدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ پۇلىنى ساندۇققا قاچىلاپ قويغىنىنى كوردۇم. شوھرەت رەنانىڭ ئاكىسى بىلەن ئۇكىسىنىڭ ئىشىنى مەن ئۇستۇمگە ئالىمەن دەيدۇ.

ئامىنىخان سەل تەۋرىنىدۇ، ئۇ تۇرلۇك تۇمەن خىياللار ئىلكىدە كوڭلى پاراكەندە بولۇپ ئىككىلەنگەن ھالدا:

— بىراق، رەنا بەك تەرسا...، — دەيدۇ.

پاتەمخان ۋاتىلداپ سوزلەپ كېتىدۇ: ئاچا، مەن ئوز ئادەم بولغانلىغىمدىن سىزنىڭ ۋە پۇتۇن ئائىلىڭىزنىڭ غېمىنى يەپ شۇنداق قىلىۋاتىمەن، شوھرەتنىڭ رەنانى ياقتۇرۇپ قالغانلىغى پۇتۇن ئائىلەڭلەرگە كەلگەن بىر ئامەت،—پاتەمخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان ـ بۇيانغا مېڭىشقا باشلايدۇ، — ئوتكەندە، ھەببەنى ياتلىق قىلغاندا توي سەل ئاددىراق بولۇپ قېلىۋىدى، نۇرغۇن ئادەملەر سوز ـ چوچەك قىلىشىپ يۇردى. ھالا بۇگۇنگە كېلىپ رەنا قىزنى بىر يالاڭتوش تېجىمەلگە ئىككى قوللاپلا بېرىۋېتىدىغان بولسىڭىز تېخىمۇ سەت گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىسىز ـ جۇمۇ! كىم بىلىدۇ، رەنا قىزنىڭ بۇ تويىمۇ قاملاشماي، ئوغلىڭىزنىڭ خەتمە تويىنى قىلالمايمۇ قالامسىز تېخى! شۇنداق بولۇپ قالسا قايسى يۇزىڭىز بىلەن خەقنىڭ يۇزىگە قارايسىز؟

ئامىنىخان پىشانىسىنى تۇتۇپ ساراسىمىگە چۇشكەن ھالدا: شۇنداق، ئۇنداق بولسا ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

پاتەمخان: سىز قانداق قىلماقچىسىز؟ مەن جەزمەن سىزگە ياردەم بېرىمەن.

ئامىنىخان: ياسىنىنى بۇ ئىشتىن يالتايتقىلى بولارمۇ؟

پاتەمخان: بۇ ئەلۋەتتە سەل قىيىنغا چۈشىدۇ. بىراق ئۇ سىز تەلەپ قىلغان تويلۇقنى بېرەلمەيدىغان بولسىلا بۇ ئىشنى بولدى قىلىشىۋېتىمىز!

ئامىنىخان: ئۇنداق بولسا مەن ئۇنىڭدىن قانچىلىك تويلۇق تەلەپ قىلسام بولار؟

پاتەمخان ئالدىراشلىق بىلەن تىزىملىكنى چىقىرىدۇ:

— بۇ يېقىندىلا تويى بولغان ئايىشەمدىن ئالغان تويلۇقنىڭ تىزىمى. ياسىننىڭ بۇنچىلىك تويلۇق بېرەلمەسلىكى ناھايىتى ئېنىق.

ئامىنىخان: بولىدۇ. مۇشۇ بويىچە بىر تىزىملىك يېزىپ چىقايلى. ئۇ ھالدا رەناغا نېمە دەيمىز؟

پاتەمخان: بالىنىڭ ئىشىغا ئاتا ـ ئانا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ ـ دە! ئىش ئاسانراق ۋۇجۇتقا چىقسۇن دېسەك، بىر ئامال قىلىپ رەنانى ۋاقتىنچە بىر ياققا كەتكۈزۈۋېتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياسىنلارنىڭ ئائىلىسى بەلگىلىگەن موھلەتتە تويلۇق تىزىمىدىكى نەرسىلەرنى ئەپكەلسۇن دەيمىز....

ئامىنىخان: ئۇنداق بولسا، بۇ تىزىملىكنى يېزىشقا كىمدىن ئەۋەتىمىز؟

پاتەمخان: مەن ئاپىرىپ بېرەي.

34. شەھەر بېغىدىكى بىر ياغاچ كوۋرۇك

ياسىن بىلەن رەنا بىر بىرىگە كوزى قىيىمىغان ھالدا خوشلىشىدۇ.

قولىغا چوڭ بىر دەستە دالا گۈللىرىنى تۇتۇپ تۇرغان رەنا: بولدى، ئۇزاتماڭ، ئابلىز تاغامغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئىشلارنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلسۇن.

ياسىن: ئەتە چۈشتىن كېيىن ئىشتىن چۈشۈپ مۇشۇ

پەردە كورۇشەيلى.

رەنا: خوش، ئەتە كورۇشەيلى.

35. شەھەر ئەتراپىدىكى دەرەخلىك، ئوستەڭ بويى،

گۇگۇم پەيتى

ياسىن ۋەلسىپىت بىلەن قايتىپ كەلمەكتە.

يول بويىدىكى ئوت - چوپلەر تەۋرىنىپ، بىردىنلا شوھ-
رەت، دوغىلاق يىگىت قاتارلىق 3 ئادەم پەيدا بولىدۇ. ئۇ-
لارنىڭ ھاراق ئىچىۋالغانلىقى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ-
چەيلەن دەلدەڭشىگەن پېتى كېلىپ ياسىننىڭ يولىنى
توسايدۇ.

شوھرەت: ياسىن مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

ياسىن: سىلەر نېمە قىلماقچى؟

شوھرەت: ساڭا دەپ قوياي، رەنا ئەمدى مېنىڭكى
جۇمۇ!

ياسىن: ھۇ ئىپلاس، ئوتە ماياققا!

شوھرەت: يېقىندىن بۇيان كوپ جاپا تارتتىڭ، بۇگۇن
سېنى ئوبدان بىر مېھمان قىلىپ قوياي. ھەي، توخۇ يۇ-
رەكلەر، نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن. چىقىشە!

ئىككى مەس ياسىنغا قاراپ ئېتىلىدۇ.

ياسىن بوش كەلمەيدۇ، قاتتىق قۇچاقلاشما جەڭ
باشلىنىدۇ.

شوھرەت تاماكىسىنى پۇقۇرىتىپ چېكىپ، بىر چەتتە
جەڭنى كۇزىتىپ تۇرىدۇ.

ياسىننىڭ كىيىملىرى يىرتىپ تاشلىنىدۇ. ئۇ تۇيۇقسىزلا
پەشۋا ئېتىپ، ھېلىقى ئىككى چۇماقچىنى ئىلگىرى - كېيىن
بولۇپ يىقىتىۋېتىدۇ.

شوھرەت ئىشنىڭ چاتاقلىغىنى كورۇپ، بىلەكلىرىنى شىمايلاپ ئوزى مەيدانغا چۈشىدۇ.

ھىلىقى ئىككى مەسمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئىتىلىپ كىلىدۇ.

ياسىن سەل ئارقىغا داجىپ، ئىتىلىپ كىلىۋاتقان ئىككى مەسنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋىتىدۇ، ئىككىسىلەن ئوزلىرىنى توختىتالماي چاپچىپ ئىرىققا دومىلاپ كىتىدۇ ۋە ئورنىدىن قوپالماي قالىدۇ.

شوھرەت سەل سەگەكلىشىپ، ھوكىرىگەن پېتى ياسىننىڭ ئالدىغا ئىتىلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كوزلەپ مۇشت ئاتىدۇ.

ياسىن ئوزىنى شارتتىدە يانغا ئىلىشىغا ئوز تەگپۈگلۈغىنى يوقاتقان شوھرەت ييقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالىدۇ ۋە ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئوتكۇر كىچىك پىچاقنى چىقىرىپ، ياۋۇزلۇق بىلەن ئىتىلىپ كىلىدۇ. ياسىن قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىپ، شوھرەتنىڭ پىچاق تۇتقان قولىنى ئامبۇردەك چىڭ تۇتۇۋالىدۇ ۋە بىر پۇتلاپلا يەرگە يىقىتىدۇ، پىچاق شوھرەتنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كىتىدۇ. ياسىن پىچاقنى ئىلىپ شوھرەتنىڭ كانىيىغا توغرىلايدۇ. ئۇ ئارقا-ئارقىدىن يالۋۇرىدۇ. ھىلىقى ئىككى مەسمۇ يىپلىنىشقا باشلايدۇ.

ياسىن: ئەمدى يەنە كىلىپ چاتاق سالامسەن-قانداق؟

شوھرەت: ياق خۇدا ھەققى!

ياسىن قولىنى بوشىتىپ پىچاقنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بىرىدۇ.

ئىككى مەس موتۇتسىكىلىتنى ئالدىراپ ئوت ئالدۇرىدۇ، ئۇچەيلەن ئۇنىڭغا مىنىپ كوزدىن غايىپ بولىدۇ.

36 ۰ رەنالارنىڭ ھويلىسى

رەنا شاتلانغان ھالدا ھويلىغا كىرىپ توۋلايدۇ: ئاپا، ئاپا!

ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاپ بەرمەيدۇ.

37 ۰ رەنانىڭ ھوجرىسى

رەنا ھوجرىسىغا كىرىپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئەينەككە قاراپ ياغلىقىنى بويىنىغا سىلىپ، ئۇياتچانلىق بىلەن ھىلىقى بىر دەستە دالا گۈللىرىنى سويۈپ قويىدۇ.

ئامىنىخان سىرتتىن ئىتتىك كىرىپ كېلىدۇ، رەنا ئالدىراشلىق بىلەن ھىلىقى گاز ياغلىقنى يۆرلاپ تاتمىغا سىبلىۋالىدۇ. ئامىنىخان ئۇدۇل رەنانىڭ ھوجرىسىغا كىرىدۇ:

— ۋاي خۇدايىم، موماڭ قاتتىق ئاغرىپ قالدىم دەپ خەۋەر ئەۋەتىپتۇ. قانداق قىلارمىز؟

بۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەن رەنا: ھە راستما؟ ۋاي بىچارە مومام، ماڭا بەكمۇ ئامراق ئىدى.

ئامىنىخان: موماڭ رەنانى بەك كورگۈم كەلدى دەپتۇ، سەن بېرىپ ئۇنى يوقلاپ كەلسەڭ بولامدىكىن.

رەنا: ماقۇل، ماقۇل، ئۇنداقتا....

ئامىنىخان: ھايال قىلىشقا بولمايدۇ، مانا بۇ ئەتە ئەتىگەنكى ئايروپىلاننىڭ بېلىتى....

رەنا ناھايىتى تاسادىپىلىق ھېس قىلىپ: ئۇنداقتا، خىزمەتنى قانداق قىلىمەن؟

ئامىنىخان: مەن بۇنى دوختۇرخانا باشلىقىغا دەپ قويدۇم.

رەنا: مېنىڭ ئىشىم....

ئامىنەخان: سەن كۆڭلۈڭنى توق تۇتۇپ بېرىۋەرگىن بۇ يەردىكى ئىشلارغا مەن بار. ئەگەر مومىڭىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان بولسا ئارقىڭدىن مەنمۇ بارىمەن.

رەنا: ماقۇل، تېز باراي، ۋاي بىچارە مومام.....

رەنا ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ يىغلايدۇ. ئامىنەخان يۈرىگى قارىمۇ-قارشىلىققا تولغان هالدا قىزىغا قاراپ قويىدۇ.

38. پاتەمخاننىڭ ئۆيى

نۇراخان، شوھرەت، پاتەمخان، ئەخمەتلەر بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشمەكتە. داستىخان خىلمۇ-خىل نازۇ-نېمەتلەر بىلەن تولغان.

مەۋلۇدە ئۇلارغا تاماق توشۇپ ئۆيگە كىرىپ-چىقىپ تۇرىدۇ. ئارىلاپ-ئارىلاپ چايمۇ قۇيۇپ بېرىدۇ.

پاتەمخان: ئامىنەخاننى ئىندەككە كەلتۈرۈپ قويدۇم. ئەتە رەنا مېنىڭشى بىلەنلا بىز ئۆزىمىزنىڭ پىلانى بويىچە ئىش قىلىشقا كىرىشىمىز. مەن تويلۇق تەييارلىقىنىمۇ ئاپىرىپ بەردىم. ئۇگۈنلۈككە تويلۇقنى ئېلىپ كېلىدىغان كۈننىڭ موھلىتى توشىدۇ.

نۇراخاننىڭ كۆڭلى ئىمىن تاپماي: رەنا مۇشۇ پەيتتە بۇ يەردىن ئايرىلىشقا ئۇنارمۇ؟

پاتەمخان: ئۇنى ئىلىدىكى مومىسى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقان، موماڭ ئاغرىپ قاپتۇ، سېنى كۆرىمەن دەۋاتقىدەك دەيدىغانلا بولسا ئۇ زادى بارماي قويمايدۇ.

شوھرەت: ئۇنداق بولسا، ھىلىقى ياسىنچۇ؟ ....

پاتەمخان: خاتىرەڭنى جەم قىل شوھرەتجان. ئۇ رەنانىڭ نامىدىن ئەۋەتكەن تويلۇق تەييارلىقىنى كۆرسىلا بۇ ئىشتىن كۆڭلى سوۋۇيدۇ. ئاندىن كېيىن ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا

چاپىنى قايتۇرىمىز. رەنانىڭ بۇ يەردە يوقالغىدىن پايدىلىنىپ، رەنا ياسىن بىلەن كورۇشۇشنى خالىمايدىكەن دىگەن يالغان گەپنى پەيدا قىلىمىز، سەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىغا قىستىلىپ كىرىسەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشى ئوزلۇگىدىنلا سوغا چىپىلىشىدۇ.

ئەخمەت: خاتىرجەم بول، ئەتە رەنا مېڭىشى بىلەن تەڭلا بىزمۇ ئىش باشلايمىز.

بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئويگە كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن مەۋلۇدە ئاڭلاپ قالىدۇ.

## 39. ياسىنلارنىڭ ھويلىسى

ياسىن ھويلىغا كىرىپ كالا ئېغىلىنىڭ ئالدىدا خىيالغا چوكۇپ ئولتۇرغان ئاپىسىنى كورىدۇ.

ياسىن ھەيران بولۇپ: ئاپا، نىمە بولدىڭىز؟ ئوزىڭىز يالغۇز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قاپسىزغۇ؟ ئىنەك قېنى؟

ئاپىسى: داداڭ ئۇنى ساتقىلى بىرسىگە بەردى.

ياسىن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، نىمىشقا؟

ئاپىسى قىينىلىپ گەپ قىلالماي ئويگە كىرىپ كېتىدۇ، ياسىنمۇ ئارقىسىدىن كىرىدۇ.

## 40. ياسىنلارنىڭ ئويى

ئاپىسى: چۈشتىن كېيىن بىر ئايال رەنا ۋە ئۇنىڭ ئاپىسىغا ۋاكالىتەن بىر تويلۇق تىزىمىنى ئېلىپ كەپتۇ.

ئاپىسى تىزىملىكنى ئېلىپ ئوغلىغا كورسىتىدۇ.

ياسىن ئۇنى قولىغا ئېلىپ قاراپ بېقىپلا: ياق، ياق. بۇ رەنانىڭ پىكرى ئەمەس.

ئاپىسى: رەنانىڭ پىكرى بولسۇن، ئاپىسىنىڭ پىكرى

بولسۇن، بەربىر ئوخشاش. خەق قىزنى ساڭا بىكارغا بېرەم-
تى! هەي، نىمە ئامال؟ نىمىلا بولسا بولسۇن، ساتقىدەك
نەرسنى سېتىپ رەنانى ئەپكېلىشۇالساقلا بولىدۇ.

ياسىن: ئەمما، بۇنچىۋالا توپلۇقنى بىز نەدىن تاپىمىز؟

ئاپىسى: ئەسلى ئالدى بىلەن سىڭلىڭنى تالالىق قى-
لايلى دىيىشكەن ئىدۇق. ئۇ دىگەن داشۇي ئوقۇغۇچىسى،
خېلى بۇرۇنلا توينى يېڭىچە قىلىمىز دەپ يۈرەتتى. شۇڭا
لايىغىنىمۇ بىزدىن يوشۇرۇپ يۈرىدۇ. هەي!

ياسىن: سىڭلىم ئوزىگە خوجايىن بولۇپ، توينى
يېڭىچە قىلىمىز دىسە قىلىشۇەرسۇن، مىنى ئويلەيمىز دەپ ئۇنى
ساتقان بىلەن بولمايدۇ. ئاپا، كونا ئادەت كۈچى ۋە جە-
مىيەتنىڭ ناچار ئىللەتلەرنىڭ قۇيرۇغى بولماي، توپلۇقنى
ئادەتنىڭ قائىدە-يوسۇنلار بويىچە تەييارلاڭلار.

ئاپىسى خەتنى كورسىتىدۇ: خەتتە توپلۇق مۇشۇ تى-
زىملىك بويىچە راسلانمىسا چاينى قايتۇرۇپ بېرىمىز دىيىل-
گەن تۇرسا!

ياسىن: سىز رەناغا ئىشىنىڭ ئاپا!

41. شەهەر، «ئالغا» ئاياق، باش كىيىم دۇ-

كىنىنىڭ ئالدى

قولىدا سۇت قاچىسىنى تۇتقان مەۋلۇدە رەڭگى ئوڭ-
گەن، هولۇققان هالدا دۇكان ئىشىگىگە كېلىدۇ.

دۇكان تېخى ئېچىلمىغان، ئىشىكتە "تىجارەت ۋاقتى
سائەت 8 دىن 12 گىچە" دەپ يېزىلغان تاختا ئېسىق-
لىق تۇرىدۇ.

مەۋلۇدە ئۇياققا قاراپمۇ، بۇياققا قاراپمۇ ئىشقا كېلى-
ۋاتقان ئادەملەرنى ئۇچرىتالمايدۇ.

مەۋلۇدە يولدا كېتىۋاتقان بىرەيلەندىن: تاغا، سائىتىڭىز نەچچە بولدى؟ — دەپ سورايدۇ.

ئۇ كىشى: 7 دىن 10 مىنۇت ئۆتتى.

مەۋلۇدە ئىسىپ قويۇلغان تاختايغا قاراپ قويۇپ، ئىلاجسىزلىقتىن ئىككىلەنگەن هالدا كېتىپ قالىدۇ.

## 42. پاتەمخاننىڭ ئۆيى

پاتەمخان يىغلاپ غەلۋە قىلىۋاتقان يومساق قىزىنى كوتىرىپ هويلىنى سۈپۈرۈۋاتقان ئەخمەتكە قاراپ ۋاقىرايدۇ:

— هوي، قولۇم ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالدىغۇ!

ئەخمەت ئوڭايسىزلانغان هالدا دەرۋازىغا قاراپ قويۇپ، سۈپۈرگىنى يەرگە قويىدۇ-دە، قىزچاقنى قولىغا ئېلىشىغا پاتەمخان تېخىمۇ قايناپ كېتىدۇ: ئەمدى سەن بالا بېقىپ، هويلىنى مەن سۈپۈرىمەنما؟!

ئەخمەت نىمە قىلارىنى بىلەلمەي يەنە بېرىپ سۈپۈرگىنى قولىغا ئالىدۇ.

مەۋلۇدە تالادىن ئىتتىك كىرىپ، شاپاشلاپ بېرىپ يومساق قىزنى قولىغا ئالىدۇ. ئەخمەت ئىشىكتىن چىقىپ، بوسۇغا ئالدىنى سۈپۈرىدۇ. پاتەمخان چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان هالدا قولىنى ئۈزىتىپ مەۋلۇدەنىڭ چېچىدىن تارتىپ مەگزىنى چىمدايدۇ: هەي پاسكىنا، نەگە باردىڭ؟ بۇندىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق ئەزمىلىك قىلامسەن؟

## 43. ياغاچ كوۋرۈك يېنىدا، چۈشتىن كېيىن

ياسىن ۋەلسىپىتنى يېتىلەپ كېلىپ، رەنانى ساقلايدۇ. ياسىن سائىتىگە قارايدۇ. ۋەدىلەشكەن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى.

ياسىن ۋەلسىپىتنى يېتىلگەن پېتى شەهەرگە كىرىدۇ.

44 • دوختۇرخانا دەرۋازىسى

ياسىن خەۋەرلىشىش بولۇمىنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كېلىدۇ.

ياسىن خەۋەرلىشىش بولۇمىدىكى ئادەمدىن: بولداش، رەنا دىگەن سىستىرا قىز بۈگۈن كىچىلىك بەندە ئىشلەمدۇ؟

ھىلىقى ئادەم خاتىرە دەپتەرنى ئاختۇرۇپ بېقىپ: رۇخسەت سوراپتۇ، بۈگۈن ئىشقا كەلمىدى.

ياسىننىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ روھسىز ھالدا ئارقىغا بۇرۇلىدۇ.

45 • دوختۇرخانا يېنىدىكى كوچىدا

ياسىن خامۇش ھالدا كېتىۋېتىپ، بىردىنلا قادىرنى كورۇپ قالىدۇ.

ياسىن: قادىر!

قادىر ئارقىغا بۇرۇلۇپ: ياسىن!

قادىرنىڭ يۈزلىرى ساغىرىپ كەتكەن ئىدى.

ياسىن: نەگە باردىڭ، ئاغرىپ قالدىڭمۇ نىمە؟

قادىر: ئاپام ئاغرىپ قالغانتى، رەنانى ئىزلەپ كەلسەم يوق ئىكەن، دوختۇرخانىدا ئوخشايدۇ.

ياسىن: دوختۇرخانىغىمۇ بارمىغىن. رەنا بۈگۈن رۇخسەت سوراپتۇ. نىمە ئۈچۈن ئاپاڭنى دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىڭ؟

قادىر: كېسىلى بەك ئېغىر، ئورنىدىن قوپالمايدۇ. ئوزەم يالغۇزلۇق قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئويدە يەنە بوۋام بار....

ياسىن: ئايشەمچۇ؟

قادىر غەزەپ بىلەن: ھەي، ئۇنىڭ گېپىنى قىلما، كەتتى!

ياسىن ھەيران بولۇپ: نىمە، نەگە كەتتى؟
قادىر: ئاپىسىنىڭكىگە كەتتى، ئاجرىشىمەن دەيدۇ.
ياسىن: نىمە ئۇچۇن؟
قادىر: ئۆيىگە كەلگەندىن كىيىن بىزنى بەك كەمبەغەلكەن، قەرزى كوپىكەن دەپ زادىلا قاپىغى ئېچىلمىدى. قىرىشقاندەك، ئاپامۇ كىسەل بولۇپ يىتىپ قالدى.... (ئەسلەتمە)

## 46. قادىرلارنىڭ ئۆيى

قادىرنىڭ ئاپىسى كارۋاتتا ئاغرىپ ياتىدۇ. ئۆينىڭ ئىچى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك قۇپ - قۇرۇق.

## 47. قادىرلارنىڭ ھويلىسى

قادىرنىڭ بوۋىسى ھاسىنى تۇتۇپ پاكار سۇپىدا ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئالدىدا تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشىگە قاراپ گەپ قىلماقتا:
— قادىرلارنىڭ مۇئاشى چىققان ھامان قەرزىنىڭ يېرىمىنى جەزمەن بىرىۋىتىمىز....
ھىلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم قولىدىكى بىر توپ توي باغىغىنى كۆرسىتىپ، ئىككىلەنگەن ھالدا چۈشەندۈرىدۇ:
— يەكشەنبە كۈنى بىرنەچچە يەردىكى تويغا چاقىرىپتىكەن، باراي دىسەم قولۇم سەل قىسقاراق تۇرىدۇ. شۇڭا كەلگەن ئىدىم، خاپا بولماڭ ئاكا!
ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم چىقىپ كىتىدۇ.
دەردىزىنىڭ ئارقىسىغا موكۇنۇۋالغان ئايشەم بۇ چاغدا ۋاتىلداپ سوزلىگەن پېتى چىقىدۇ:
— قەرز سۇيلەپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە قادىرنىڭ ئايلىغى چىققاندا بىرىمىز دەۋىرىدىكەنلا، ھىم! سىلىنىڭ قا-

دىرلىرى قانچىلىك پۇل ئالاتتى؟ ئۆيىدىكى نان قېپىلارنىڭ ھەممىسىنى مەن باقامتىم؟ ....

48. قادىرلارنىڭ ئۆيى

قادىرنىڭ ئاپىسى سىرتتىكى تىل - ئاھانەتنى ئاڭلاپ قاتتىق يىغلىپ كېتىدۇ ....

49. قادىرلارنىڭ ھويلىسى

قادىرنىڭ بوۋىسى ھاسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ:

— قايىنىماڭ قىزىم. بىز سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى قىلىمىز دەپ مۇشۇنداق قەرزدار بولۇپ قالدۇق. ھەي، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر!

ئايشەم: ئۇھوش، قويىسىلا گەپلىرىنى، قارىغاندا كېيىنچە مېنىمۇ قەرزگە تۇتۇپ بېرىدىغان ئوخشايسىلەر. شۇڭا بالدۇرراق كەشمەنى توغرىلىسام بولغىدەك. ئوغۇللىرىغا دەپ قويىسىلا، خېتىمنى بەرسۇن، مەن كەتتىم.

ئۇ بىر بوپىنى قولتۇقلاپ دەرۋازىدىن ئوقتەك چىقىپ كېتىدۇ.

(ئەسلەتمە تۈگەيدۇ)

50. دوختۇرخانىدىكى يول بويىدا

قادىر ھەسرەت بىلەن: شۇنداق قىلىپ كېتىپ قالدى.

ياسىن غەزەپ بىلەن: بۇنداق خوتۇننىڭ بالدۇرراق كەتكىنى ياخشى بوپتۇ. ئەنە ئاپاڭنى جەزمەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگىن جۇمۇ!

قادىر: قېنى، قاراپ باقارمىز....

ياسىن يانچۇغىدىن پۇل چىقىرىپ: ئاغىنە، ئەمدى يەنە قەرز ئېلىۋەرمەي، مانى ئاپىرىپ ئىشلىتىپ تۇرغىن!

قادىر: بۇ، ...

ياسىن: ئۇ، بۇ دىـگەننى قوي، بولدى. مەن ئەتـە يەنە يوقلاپ كېلىمەن.

قادىر: رەھمەت ئاداش. ئۇنداق بولسا مەن كەتتىم.

ئۇ خوشال هالدا دوقمۇشتىن ئايلىنىپ ئۇيگە قاراپ ماڭىدۇ.

ياسىن قادىرنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، ھەسرەت بىلەن خۇرسىنىپ قويىدۇ. ياسىننىڭ ئاۋازى: بۇنداق توي بىر ئاپەت ئەمەسمۇ!

ئۇ يەنە بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن يەنە رەنانى يادىغا ئېلىپ خىتاپ قىلىدۇ:

— توۋا، رەنا دوختۇرخانىدا بولمىسا، ئۇيدىمۇ بولمىسا، ئۇ زادى نەگە كەتكەندۇ؟

### 51. رەنالارنىڭ ھويلىسى

ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئۇلۇق ئېچىۋېتىلگەن، ئىشىك ئالدى ۋاڭ-چۇڭغا تولغان.

پاتەمخان بىلەن ئەخمەت تالادىن كىرىپ، پاكار سۇپىدا ئولتۇرغان ئامىنىخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

پاتەمخان: نومۇسنى بىلمەيدىغانلار، تىزىمدىكى توپىلۇقنىڭ تونىتىن بىر ئۇلۇشىگىمۇ يەتكۈزەلمەپتۇ، ئىككى كالىنىمۇ قويۇپ تۇرايلى، ھەتتا بىرەر چىشقاق پاخلىنىمۇ يوقكەن تېخى!

ئەخمەت: شۇنى دەڭا. بىزنىڭ رەنا قىز ئاقساق-چولاق بولمىسا، ئۇنى شۇنداق گادايغا بىرەمدۇق تېخى؟

كىيگىلى ئىشتان يوق، ئېتىم ماجان بۇۋى دىگەن مۇ-
شۇ - دە!

بىللە كەلگەن ئىككى ئايالمۇ "ھە - ھۇ" دېيىشىپ
بېرىدۇ:

— دىمىسىمۇ، ئەپكەلگەن توبىلۇغى بەك غورىگۇل بو-
لۇپ قاپتۇ.

پاتەمخان گېدەيگەن ھالدا ئەتراپقا قاراپ قويغاندىن
كېيىن دەرھال ئېگىشىپ ئامىنەخاننىڭ قۇلىغىغا پىچىرلايدۇ:

— چايىنى قايتۇرۇۋېتىش كېرەك، ئەخمەت ئاخۇن
چىقىپ شۇنداق دەپ قويسۇن!

ئامىنەخان بېشىنى لىڭشىتىپ: ماقۇل، قايتۇرايلى!
ئەخمەت ئادەملەرنى يېرىپ ئۆتۈپ دەرۋازىدىن چىقىپ
كېتىدۇ.

## 52 . رەنالارنىڭ ئىشىك ئالدى

ئەخمەت ئابلىز تاغىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قۇرۇق يو-
تىلىپ قويغاندىن كېيىن جاكالايدۇ: قىزنىڭ ئانىسى بۇ توينى
قىلمايدىغان بولدۇق دەيدۇ، ئەپكەلگەن نەرسە - كېرەكلىرى-
ڭىزنى ئېلىپ كېتىڭ.

ئابلىز تاغا: بىراق باللار توي خېتىنى ئېلىپ بولدىغۇ.
ئۆلىشىپ تۇرغان ئامما چۇقۇرىشىپ كېتىدۇ.

ئامىنەخان بىردىنلا ئىشىكتە پەيدا بولىدۇ: توي قىلغانلار
ئاجرىشىپمۇ كېتىۋاتىدىغۇ؟ توي خېتى ئالغانغا نىمە
بولماقچىدى؟ تويلۇق تولۇق بولمىسا توينى قىلمايدىغان گەپ
مۇشۇنداق!

ياسىن غاچچىدە ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، ئىشىك-
كە يېقىنلىشىپ، ھورمەت بىلەن ئېگىلىپ ئامىنەخانغا تازىم
قىلغاندىن كېيىن: ئاپا، ياسىن دىگەن بالا مەن بولىمەن.

ئەدەپسزلك قىلغىنىمنى ئەيىپكە بۇيرۇماڭ. رەنا بىلەن بىر كورۇشسەم بولاتتى.

پاتەمخان ئىشىكتىن قىستىلىپ چىقىپ: ۋاي - ۋۇي، خالايىق قاراڭلار ما ئىشنى، نەدىمۇ بۇنداق قائىدە ئۇقمايـ دىغان يىگىت بولىدۇ؟ (ياسىنغا قاراپ) بۇنچىلىك بىر نىمەڭگە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ؟ يەنە تېخى رەنا بىلەن كورۇـ شەتتىم دەۋاتقىنىنى قاراڭلا. مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، رەنا هازىر خەقنىڭ يۇزىگە قارىيالمايدىغان بولدۇم دەپ ئىزادىن بېشىنى كوتىرەلمەيۋاتىدۇ، — ئۇ بىر بوپا نەرسىنى ئابلىزغا تاشلاپ، يەنە بىر نەرسىنى ياسىنىنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ، — ئۇ ماڭا بۇ نەرسىلىرىنى ئوزىگە بېرىۋەت دىدى. بۇ نىيىتىدىـ ڭىزدىن يېنىڭ يىگىت ئەمدى.

مۇشۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، ئۇ بۇرۇلۇپ دەرۋازدىـ دىن كىرىپ كېتىدۇ. دەرۋازا تاراققىدە يېپىلىدۇ.

ياسىن قوللىرى تىترىگەن هالدا ھىلىقى چوغدەك قىزىل گاز ياغلىقنى يايىدۇ ۋە كوزلىرىدىگە ياش ئالىدۇ...

بۇ چاغدا مەۋلۇدە هاسراپ - هومۇدىگەن ۋە ھىلىقى پومساق قىزنى هاپاش قىلغان هالدا ئولىشىپ تۇرغان ئادەمـ لەرنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئابلىز بىلەن ياسىنىنىڭ هارـ ۋىنى هەيدەپ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ قانـ داقتۇر بىر ئىش توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقانلىقىنى كورىدۇ.

ئۇ قوشۇمىلىرىنى تۇرۇپ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇتلا پومساق قىزنىڭ بىر پاي ئايىغىنى سالدۇرۇپ، ئالدىدىكى بىرنەچچە تال ياغاچنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويىدۇ. ئاندىن قىزچاقنى كوتىرىپ دومسايغان هالدا هويلىغا كىرىدۇ.

## 53. رەنالارنىڭ ھويلىسى

مەۋلۇدە ھويلىغا كىرىپ يىغلايدۇ: ئاپا، سىڭلىمنىڭ ئايىغى قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى.

پاتەمخان ئۇنى بىر كاچات سالىدۇ، ئاندىن پومساق قىزنى قولىغا ئېلىپ مەۋلۇدەنىڭ قۇلىغىنى سوزىدۇ:

— بۇ ئاياقنى كىمنىڭ ئېلىپ بەرگەنلىكىنى بىلەمسەن. ھەي پەس! يوقال كوزۇمدىن. ئاياقنى قۇدۇقتىن ئېلىپ چىقمايدىغان بولساڭ قارنىڭغا نان بەرمەيمەن!

مەۋلۇدە بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ تالاغا يۈگۈرەيدۇ. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ ئويىدە شوھرەت بىلەن تۇراخاننىڭ ئولتۇرغىنىنى كورىدۇ.

## 54. «ئالغا» ئاياق، باش كىيىم دۇكىنى

ئېلى پوكەيدە تۇرۇپ خېرىدارلارنى قىزغىن كۈتۈۋالماقتا. ئۇ بېشىنى كوتىرىپ تۇرۇپ قالىدۇ: مەۋلۇدە!

مەۋلۇدە قورقۇمسىرىغان ھالدا ئىشىكتە تۇرماقتا. ئېلى پوكەيدىن چىقىپ مەۋلۇدەنىڭ يېنىغا كېلىدۇ.

مەۋلۇدە: ئاكا، رەنا ئاچامغا تېز رەك تېلېفون بەرسىڭىز، دەرھال يېنىپ كەلسۇن، ياسىن ئاكامنى ئۇلار قوغلىۋەتتى. شوھرەت رەنا ئاچامنى ئالماقچى ئىكەن.

ئېلى گەپنىڭ باش ـ ئايىغىنى ئاڭقىرالماي، مەۋلۇدەنىڭ قولىدىن تارتىپ: كىرىڭ، كىرىڭ، گەپنى ئېنىقراق دەپ بېرىڭ.

## 55. قادىرلارنىڭ ئويى

قادىرنىڭ ئاپىسىنىڭ نەپەس ئېلىشى جىددىلىشىپ، قۇلاق تۈۋىدە ئايشەمنىڭ سوزلىرى جاراڭلايدۇ: "كىپىنچە مېنىمۇ قەرزگە تۇتۇپ بېرىدىغان ئوخشايسىلەر. شۇڭا بال-

دۇرراق كەشمنى توغرىلسام بولغىدەك. مەن كەتتىم!“

قادىر ئاپىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يالۋۇردى.

— ئاپا، ھارۋىسىمۇ تەييارلاپ قويدۇم. دوختۇرخانىغا بارايلى.

ئاپىسىنىڭ چىرايىدا سەل - پەل كۈلكە پەيدا بولدى. بىراق شۇ ھامانلا قايغۇغا ئۆزگىردى: ياق، دوختۇرغا بارمايمەن، بارمايمەن. مېنىڭ كېسىلىم ئېغىر ئەمەس، ياخشى بولۇپ قالىمەن. بىردەم ئۇخلىۋالاي، — ئۇ كوزلىرىنى يۇمۇپ جۆيلۈشكە باشلىدى، — قەرزنى قايتۇرىمىز ... توي ... ئەتە - لىككە قايتۇرىمىز ... كېلىن قايتىپ كەلدى ... قەرز ..........

ئۇنىڭ چىرايلىرى كوكىرىپ، قىينىلىپ نەپەس ئېلىشقا باشلايدۇ. ئەجەلنىڭ قارا كولەڭگۈسى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئاخىرى ئاستا - ئاستا كوزىنى يۇمۇپ جان ئۈزدى.

قادىر چوچۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تووۋلاشقا باشلايدۇ:

— ئاپا! ئاپا سەن بىزنى تاشلاپ كەتمە، ئاپا، ۋاي ئاپام!

ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۈستىگە ئوزىنى تاشلاپ بوغۇلۇپ يىغلايدۇ.

56. قادىرنىڭ ھويلىسى

ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ كەندىر شويىنا ئېشىۋاتقان قادىرنىڭ بوۋىسى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ تىترىگەن ھالدا ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سەنتۇرۇلۇپ مېڭىپ ئويگە كىردى. دەرۋازىغا بىرمۇنچە ئادەم ئولىشىدۇ.

تۇيۇقسىزلا ئىشىكتە پەيدا بولغان ياسىن ئادەملەر تو - پىنى يېرىپ ئويگە كىرىپ كېتىدۇ.

## 57. قادىرلارنىڭ ئۆيى

قادىرنىڭ ئاپىسىنىڭ جەسىدى خۇددى قاتتىق چارچاپ ئىچ ئۇيقۇغا كەتكەن ئادەمدەك سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسى ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا قېتىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

ياسىن ئۆيگە كىرىپ بۇ ئائىلىنىڭ ئېغىر بەختسىزلىكىگە چوڭقۇر قايغۇرىدۇ، ياسىننىڭ ئاۋازى: مەن توي قىلمىسامۇ قىلمايمەنكى، بۇنداق پاجىئەنىڭ تەكرارلىنىشىغا يول قويمايمەن.

## 58. پوچتىخانىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىش ئۆيى.

ئېلى تېلېفوندا رەنا بىلەن سۆزلەشمەكتە: توغرا، توغرا، سىزنى بۇ يەردىن كەتكۈزۈشنىڭ ئۆزى بىر سۇيىقەست، شوھرەت بۇ ئارىلىقتا قەستلەپ كىردى، ئۇ تويلۇقنىمۇ تەييار قىلىپ قويۇپتۇ. سىزنى قايتۇرۇپ كېلىپلا توي قىلماقچى، سىز دەرھال قايتىپ كەلمىسىڭىز بولمايدۇ. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇچىدىغان ئايروپىلان بارمىكەن؟ ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، بىز سىزنى ئايروپىلان ئىستانسىسىدا كۈتۈۋالىمىز.

خەت سېلىش ئۈچۈن پوچتىخانىغا كىرگەن سۇپىيە تېلېفونىنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەردار بولىدۇ. ئۇ شوھرەت توغرىسىدىكى ئىككى جۈملە گەپنى ئاڭلاپ، بىردىنلا چىرايلىرى ئۆڭىدۇ، غەزەپلىنىپ، يۈزىنى قولى بىلەن ياپقان پېتى بۇرۇلۇپ پوچتىخانىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

## 59. ياسىنلارنىڭ ھويلىسى

قايتۇرۇۋېتىلگەن سوغىلار سۇپا ئۈستىگە يېيىقلىق تۇ-

ردۇ. ئابلىز تاغا جىمجىت ئولتۇرۇپ چاي ئىچمەكتە.

ياسىننىڭ ئاپىسى ياش توككەن ھالدا ئابلىزغا:

— بۇ كالا ساتقان پۇل، بۇنىڭغا قوي ئېلىڭلار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆيدىكى تاش ئەينەك، گىلەم ۋە شىرەنىمۇ ساتايلى. ئۇمۇ يەتمىسە خۇلۇم - خوشنىلاردىن قەرز ئالايلى. نىمىلا قىلىپ بولمىسۇن تىزىملىكتىكى تويلۇقنى تەق قىلىپ يەنە بىر قېتىم باقايلى، — دەيدۇ.

ئابلىز: مۇشۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ تولۇق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسى بەكمۇ چوڭ. يەنە تېخى ئىككى كالا تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ياسىننىڭ ئاپىسى: زادىلا بولمايدىغان ئىش بولسا، ماۋۇ ئۆيىمۇ بار....

ئابلىز: بۇنداق قىلغان بىلەن بولامدۇ؟ ئۆيىنىمۇ سېتىۋەتسەڭلار، كېيىن قانداق قىلىسىلەر، مېنىڭچە بۇ تويىنى ئەمدى بولدى قىلايلى، ياسىن بىردىن ھېلىقى قىزغا ئېيتىپ قويسۇن، ئەتىلىككە بىرسى توي خېتىنى قايتۇرۇۋېتىش كېرەك.

ياسىننىڭ ئاپىسى: ياسىن قېنى؟

ئابلىز: بىر ئاغىنىسىنى يوقلاپ كەتتى.

### 60 • شوھرەتنىڭ ھوجرىسى

شوھرەت بىر دەستە پۇلنى يانچۇقىغا سېلىشقا تەمشىلىپ، بېشىنى كوتىرىپلا ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالىدۇ. سوپىيە غەزەپلىك ئەلپازدا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرىدۇ. شوھرەتنىڭ يۈزلىرىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس بىزار بولۇش ئالامىتى يالت قىلىپلا ئوتۇپ كېتىدۇ. ئەمما دەرھاللا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ سوزلەيدۇ:

— هە، ئاپپىغىم، سىز نىمە ئۈچۈن گەپ قىلمايلا ئۆيگە باستۇرۇپ كىردىسىز؟ ھېلىمۇ ياخشى، ئاپام ئۇخلاپ قاپتۇ، بولمىسا ئۇ....

سۇپىيە: مەن سىزنى ھېلىقى كونا جايدا ساقلىغىلى نەچچە كۈن بولدى؟

شوھرەت: بىر ئىشىڭىز بارمىدى؟

سۇپىيە: بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان نىمىگە ئالدىراپ يۈرىيسىز؟

شوھرەت: خىزمەت بىلەن - دە!

سۇپىيە: ئەگەر مېنى تاشلىۋېتمەن دەيدىغان بولسىڭىز، مەن دەرھال سوتقا ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىمەن.

شوھرەت چوچۇپ كېتىدۇ ۋە ئارقىدىنلا سۇپىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىدۇ: يۈرىگىمنىڭ پارىسى، بۇگۇن نىمە بولدىڭىز؟

سۇپىيە: سىز تېخى رەناغا قانات سورەپ يۈرەمسىز؟

شوھرەت: قارىڭا گېپىڭىزنى، نىمىلەرنى دەپ كەتتىڭىز؟ يېنىمدا سىزدەك بىر نازىنىن جانانىم بار تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قانات سورەپ نىمە قىلاتتىم؟ ئەمما، مەن ئۇنى ئۆزەمنىڭ بىر نەۋرە ئاكامغا تونۇشتۇرۇپ قوياي دىگەن ئىدىم.

سۇپىيە: بۇنداق قىلىش ئانچە ئاسان ئەمەسقۇ دەيمەن! رەنا چۈشتىن كېيىنلا قايتىپ كېلىدۇ.

شوھرەتنىڭ كوزلىرى پاقىراپ كېتىدۇ: راستما؟

سۇپىيە: ئىشەنمەمسىز؟ سىز بېرىپ ئايرۇپىلان ئىستانسىسىغا قاراپ بېقىڭ! شوھرەت، بىز توينى قاچان قىلىمىز؟ ئەمدى يەنە ساقلاۋەرسەك بولمايدۇ جۇمۇ!

شوھرەت: مېنىڭمۇ تازا نەپسىم تاقىلداپ كېتىۋاتىدۇ، كەچقۇرۇن كونا ئورۇندا ئۇچرىشىپ، ئوبدان مەسلىھەتلىشى-ۋالايلى.

سۇپىيە شوھرەتنى قۇچاقلاپ سويۇپ قويىدۇ.

شوھرەت: ئاپامنىڭ ئويغىنىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، تېز رەڭ كېتىڭ.

سۇپىيە ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.

شوھرەت سەل تۇرۇۋېلىپ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرگەنـ-دىن كېيىن ئالدىراپ ئۆيدىن چىقىدۇ.

## 61 . ياسىنلارنىڭ ئىشىك ئالدى، چۈش ۋاقتى

ياسىننىڭ ئاپىسى دەرۋازا ئالدىدا ئىگىگىنى يولىگەن يېتى ياسىننى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ. ئېلى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ۋەلسىپىت بىلەن يىراقتىن چېپىپ كېلىدۇ. ياسىننىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ: ئېلى، ياسىنچۇ؟

ئېلى ھاسىراپ تۇرۇپ: مەنمۇ ئۇنى ئىزلەپ كەلگەنتىم، ئۆيدە يوقمۇ؟

ياسىننىڭ ئاپىسى: شەھەردىكى بىر ئاغىنەمنىڭكىگە بارـ-مەن دەپ كېتىپتىكەن، ھېلىغىچە قايتىپ كەلمەيۋاتىدۇ. بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالغان بولمىغىيدى؟ بۈگۈن ئۆزىمۇ خاپاراق كورۇنەتتى. رەنا ....

ئېلى: رەنانىڭ ئىشىدىن مېنىڭ خەۋىرىم بار، (سائىتىـ-گە قارايدۇ) سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ياسىننى تاپالايمەن، ھەممە ئىش جايىدا بولىدۇ. (ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايدۇ) ئاغىنەمـ-نىڭكىگە بارىمەن؟

ئېلى ۋەلسىپىتىنى مىنىپ يەنە چېپىپ كېتىدۇ.

62 . قادىرلارنىڭ ھويلىسى

مېيىتنى ئۇزىتىش تەييارلىقى ئىشلەنمەكتە.

ياسىن قايغۇلۇق ھالدا ئۈستەلگە ئېگىشىپ مېيىت نامىزىغا باغاق يازماقتا.

ئېلى ھويلىغا كىرىپ چۆچۈگەن ھالدا تۇرۇپلا قالىدۇ. قادىرنىڭ يۈزلىرى يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن، ئۇ يەنىلا ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە.

بوۋىسى گويا تاشتىن ياسالغان ھەيكەلگە ئوخشاش ئا-ۋەلقىدەكلا قېتىپ ئولتۇرىدۇ.

ئاپپاق كېپەنگە ئورالغان قادىرنىڭ ئاپىسى جىمجىت سوزۇلۇپ ياتىدۇ....

ئېلى ئاستا مېڭىپ ياسىننىڭ يېنىغا كېلىدۇ: رەنانى ئالداپ يېزىدىكى مومىسىنىڭ يېنىغا كەتكۈزۈۋەتكەن ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم. چۈشتىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغان بولدى.

ياسىن: شۇنداقمۇ؟

ئېلى: ھە، چۈشتىن كېيىنكى ئايروپىلاندا كېلىدۇ. ئىككىمىز بېرىپ كۈتۈۋالايلى.

63 . ئايروپىلان ئىستانسىسى

شوھرەت بىلەن دوغىلاق يىگىت موتوتسىكلىت مىنىپ ئايروپىلان ئىستانسىسىغا كېلىدۇ ۋە كۈتۈش زالىغا كىرىدۇ. ياسىن بىلەن ئېلى ۋەلىسىپىتتە ئايروپىلان ئىستانسىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، كۈتۈش زالىغا كىرىدۇ.

64 . ئايروپىلان ئىستانسىسىنىڭ مېھمان كۈتۈش زالى

شوھرەت قارا كۆزەينەك تاقىغان، ناھايىتى سولەتلىك ئەلپازىدا گېدىيىپ تۇرىدۇ. ياسىن بىلەن ئېلىمۇ زالغا كىرىدۇ.

ياسىن شوھرەتنى كورۇپلا: ۋاي، ئۇمۇ كەپتۇغۇ؟ ئېلى، رەنانىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلگەندۇ؟

ياسىننىڭ كوڭلىگە گۇمان چۇشىدۇ. شۇڭا ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ قەتئى ھالدا: يۇر كېتەيلى، — دەيدۇ.

ئېلى: ھەي، ھەي، ياسىن، ياسىن!

ياسىن ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي كېتىدۇ.

ئېلىمۇ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ.

65. ئايرۇپىلان ئىستانسىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان تاشيول ئۇستىدە

ئېلى ئويلانماقتا: بۇ ئىشنى يالغۇز مەنلا بىلەتتىمغۇ...

ياسىن: ئېلى، بولدى ئويلىنىپ بېشىڭنى قاتۇرما. ئىش دىگەن مۇرەككەپ بولىدۇ، — دەيدۇ ۋە كۇتۇلمىگەن ھالدا ۋاقىرىۋېتىدۇ: سەلىمە!

ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى يولدا كېتىۋاتقان ئىشەك ھارۋىسىدا ئولتۇرغان بىر ياش قىزمۇ خوشاللىق بىلەن ۋاقىراپ كېتىدۇ، — ئاكا!

ياسىن ۋەلسىپىتتىن چۇشۇپ يۇگۇرۇپ كېتىدۇ.

سەلىمەمۇ ھارۋىدىن چۇشۇپ يۇگۇرۇپ كېلىدۇ.

ياسىن: قاياقتىن كېلىۋاتىسەن؟ قانداق بولۇپ بۇ ھارۋىغا چىقىپ قالدىڭ؟

سەلىمە: ئاكا، مەن داشۇينى پۇتتۇردۇم. پويىزدىن چۇشۇپلا سۇ قۇرۇلۇش ئىش مەيدانىغا كەتتىم. بۇگۇن ئويىگە قايتاي دەپ تۇرسام، ئىش مەيدانىدىن شەھەرگە كىرىدىغان بۇ ھارۋا ئۇچراپ قېلىۋىدى، ئولتۇرۇۋالغان ئىدىم. يول بويى يۇرتىمىزنىڭ گۇزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ كەلدىم، ئاكا، دادام، ئاپاملار تىنچلىقتىمۇ؟ ئوزەڭچۇ؟ سېنى

توي قىلغۇدەك دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟ قىز كىم؟

ئېلى: نىمە ئالدىرايسىز، ئۇيگە بېرىپ ھاردۇق چىقى-
قاندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلەشمەمسىلەر.

سەلىمە كۈلۈپ: بولىدۇ. بولىدۇ.

ئېلى: ئەمدى، مەرھەمەت قىلىپ نەرسە كېرەكلىرىڭىزنى
ئاكىڭىزنىڭ ۋەلسىپتىگە قويسىڭىز قانداق؟

— بولىدۇ. بولىدۇ، — دەيدۇ سەلىمە. بېرىپ يۈك-تاقى-
نى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئېلى ياسىنغا پىچىرلاپ چاخچاق قىلىدۇ: رەپىقەڭنى
ئالغىلى بېرىپ سىڭلىڭنى ئېلىپ كەلدىڭ.

ياسىن "بولدى" دىگەندەك قىلىپ ئۇنى نوقۇپ قويىدۇ.

### 66. ئايروپىلان ئىستانسىسىدا

كىچىك بىر ئايروپىلان يەرگە قونۇپ ئاستا توختايدۇ.

شوھرەت بىلەن دوغىلاق يىگىت مەيدىلىرىنى كەرگەن
ھالدا ئالدىغا بارىدۇ.

ئايروپىلان ئىشىگىدە رەنا پەيدا بولىدۇ. ئۇ شوتىدىن
پەسكە چۈشۈۋېتىپ، ئەتراپقا قاراپ، ياسىن بىلەن ئېلىنى
ئىزلەيدۇ. شوھرەت بىلەن دوغىلاق يىگىت ئۇنىڭغا يېقىنلى-
شىدۇ.

دوغىلاق يىگىت: رەنا! — دەپ توۋلاپ ئۇنىڭ قولىدى-
كى سومكىنى ئېلىش ئۈچۈن قول ئۇزىتىدۇ.

شوھرەت: قايتىپ كەلدىڭىزمۇ!

رەنا سومكىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇر-
غان ھالدا سۈپىدىن سەكرەپ چۈشىدۇ.

شوھرەت بىلەن دوغىلاق يىگىت رەناغا يېقىن سۈۋە-
شىپ ماڭىدۇ.

رەنا دەرۋازىدىن چىقىشىغا شۆھرەت بىلەن دوغىلاق يىگىت ئۇنى توسىۋالدى.

دوغىلاق يىگىت: بىزنىڭ موتوسىكلىتتا ئولتۇرۇڭ، ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويىمىز.

رەنا: كەچۈرۈڭلار، مەن ئاپتوۋۇزغا ئولتۇرىمەن،— دەيدۇ.

شۆھرەت ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ: سىز تېخىچىلا ھېلىقى قەلەندەر ئوقۇتقۇچىدىن مېھرىڭىزنى ئۈزەلمەيۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ ئۇ تويلۇق چىقىرىپ بېرەلمىگەنلىكتىن، ئاپىڭىز ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ چاققىچە ئۇ سىزنى ئۇنتۇپمۇ قالغاندۇر بەلكىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاڭلىسام ئۇ تېخى يېڭى يارمۇ تۇتۇۋاپتۇ.

رەنانىڭ ئاچچىقى كېلىپ: بۇ ئىشلار بىلەن سىزنىڭ چاتىقىڭىز بولمىسۇن، يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭلا،— دەيدۇ - دە، كوچىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئاپتوۋۇز بېكىتىگە قاراپ ماڭىدۇ.

شۆھرەت كەينىدىن ئۇچقان ھالدا: ھىم، ھۇ قانجۇق، سەن مېنىڭ ئالقىنىمدىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيسەن. (دوغىلاق يىگىتكە) ھەي، سەن ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا مېنى ساقلاپ تۇر.

دوغىلاق: خوپ بولىدۇ.

## 68. ئايروپىلان ئىستانسىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان كوچا

رەنا ئاپتوۋۇزدا غەمكىن ئولتۇرىدۇ ۋە تېخىچىلا ياسىنىنى ئىزلەۋاتقاندەك قىلىپ، ماشىنا دەرىزىسىدىن كوچىدا ئۇيان-

بۇيان ئوتتۇشۇپ تۇرغان ئادەملەرگە قارايدۇ. ئۇ تۇيۇقسىزلا كۆزلىرىنى چوڭ-چوڭ ئاچىدۇ.

ماشىنا ياسىن، سەلىمە ۋە ئېلىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ. ياسىن ۋەلسىپىتنى يېتىلەپ، بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا ئېغىر قەدەم تاشلاپ ماڭماقتا.

ماشىنىدا ئولتۇرغان رەنا ۋاقىرىۋېتىشكە تاسلا قالىدۇ. ئەمما، يېنىدا ئولتۇرغان يولۇچىلارنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ. مۇنچاقتەك كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ مەڭزىدىن دومىلاپ چۈشۈشكە باشلايدۇ.

## 69. رەنالارنىڭ ھويلىسى

ئەخمەت سۇپا ئۈستىدىكى ئۈستەلگە ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ تويلۇق تىزىملىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن سۆز قىلىدۇ:

— بايا ئوقۇغانلاردىن باشقا يەنە ياپونىيىنىڭ "سونى" ماركىلىق ئۈن ئالغۇسىدىن بىرى، رەڭلىك تېلېۋىزوردىن بىرى، ئېلېكتىرلىق شامالدۇرغۇچتىن بىرى، قوش كىشىلىك دىۋاندىن بىرى بار.

ئامىنىخاننىڭ كۆزلىرى پاقىراپ كېتىدۇ.

ئەخمەت: ئۇندىن باشقا نەق پۇل بەرمەكچى، رەنانىڭ ئاكىسى بىلەن ئىنىسىنىڭ ئىشىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئۈستىگە ئالماقچى بولدى.

پاتەمخان: قانداقراق؟ ئەمدىغۇ رازى بولغانلا؟

ئامىنىخان يەنە ئىشىنىشكە پېتىنالماي: شوھرەت شۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى چىقىرىپ بېرەلەرمۇ؟

پاتەمخان: ۋاي-ۋۇي ئاچا، بۇنىڭدىن نىمە غەم يەيتتىلە؟ شوھرەتتە پۇل دېگەن ساماندەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ رەناغا كۆزى چۈشۈپتىمۇ، بولدى. رەنا ئەگەر ئاس-

ماندىكى ئايىنى ئالىمەن دىسىمۇ ئۇزۇپ بېرەلەيدۇ.
ئەخمەت: شۇنداق -، شۇنداق!
پاتەمخان جەينىگى بىلەن ئامىنىخاننى نوقۇپ قويۇپ پىچىرلايدۇ: كەلگۈسىدە پايدىنى ئالىدىغان ئادەم مەن ئەمەس، ئۇزىڭىز، شۇنداقمۇ - ئەمەسمۇ؟
ئامىنىخان زورغا كۈلۈپ: شۇنداق - شۇنداق!
پاتەمخان بىلەن ئەخمەت كورەڭلەپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ، تاراق! قىلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان رەنا ئىشىكتە پەيدا بولىدۇ.
ئۇچەيلەننىڭ تىلى تامىغىغا چاپلىشىپ قالغاندەك زۇۋان چىقىرالماي تۇرۇپ قالىدۇ.
رەنا: ئاپا، سىز، سىز ياخشى ئىش قىپسىز، — دەيدۇ - دە، ئۇن سېلىپ يىغلىغان پېتى ھوجرىسىغا كىرىپ كېتىدۇ.
پاتەمخان ئېرى بىلەن ئىشارەتلىشىۋالىدۇ.
پاتەمخان: ئاچا، سىز كىرىپ نەسىھەت قىلىپ قويۇڭا!
ئەخمەت: ھەرگىز يول قويىماڭ، بولمىسا شوھرەت ھەرگىز قاراپ ئولتۇرمايدۇ جۇمۇ!

70. رەنانىڭ ھوجرىسى

رەنا كارۋاتقا دۈم يېتىۋېلىپ، ئوكسۇپ يىغلايدۇ.
ئامىنىخان ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ: شوھرەتنىڭ پۇل دىسە پۇلى، كۈچ دىسە كۈچى بار. تويلۇققا نىمە سالساق شۇنى ئېلىشقا رازى ئىكەن، مۇشۇنداق ئادەمگە تەگسەڭ، بىزمۇ كېيىن ئىقتىساتتا قىينىلىپ قالمايمىز.
رەنا شارتتىدە بېشىنى كوتىرىدۇ: ئاپا، مېنى راستىنلا ساتتىڭىزما؟

رەنانىڭ ناخشىسى:

نىمە قىلدىم ساڭا جان ئانا،
ماڭا بۇنچە ئازاپ قىلغىلى.
ئۆز قىزىڭنىڭ كۆلگەن بەختىنى،
ئۆز قولۇڭدا غازاڭ قىلغىلى.

ساتساڭ مېنى مالنىڭ ئورنىدا،
ماڭا ئېغىر ئەمەسمۇ ئانا.
نىمىشقىمۇ يارالغاندىمەن،
بۇ دۇنياغا مەن بەختى قارا.

ناخشىنىڭ ئاخىرقى مىسراسى ئوقۇلغاندا ئېكراندا تو-
ۋەندىكى كورۇنۇش هاسىل بولىدۇ.

71. يېزىنىڭ چىغىر يولى

زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچە، مۇدهىش قارا بۇلۇتلار
ئاسمان يۇزىنى قاپلىغان، ئىنسى-جىن بولمىغان يېزا چىغىر
يولدا ياسىن ئوزى يالغۇز تىڭىرقاپ يۇرمەكتە.

72. رەنانىڭ هوجرىسى، گۇگۇم ۋاقتى

ئامىنىخان رەنانىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ياش توكىدۇ.
ئەمما ئۇ يەنىلا قاتتىقلىق بىلەن: بالام، سەن قىيىن ئەھ-
ۋالدا قالغان ئاپاڭنى كەچۇرگىن. مەن زادىلا باشقا ئامال تاپال-
مىدىم. شوهرەت ئاكاڭ بىلەن ئۇكاڭنىڭ ئىشىنى ئوز ئۇستىگە
ئالدى، شوهرەت بىلەن سېنىڭ ئىكايىڭنى مەن راۋا كوردۇم.

نىمە دىسەڭ دە، مەن ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيمەن. ئۇلار ئوگۇن-لىۈككە تويلۇقنى ئەپكەلمەكچى.

رەنا يۈرەكنى ئېزىپ تاشلىغۇدەك ھەسرەت بىلەن نالە قىلىپ يىغلايدۇ.

## 73. ياسىننىڭ ھوجرىسى

ياسىن قولىنى گەجگىسىگە قويۇپ، كارۋاتتا خىيال سۈرۈپ ياتىدۇ.

ئاپىسى كوز يېشىنى سۈرتكەن ھالدا ئويدىن چىقىپ كېتىدۇ. سەلىمە ھىلىقى قىپ-قىزىل گاز ياغلىقنى ئېلىپ، ئاكىسى سوزلەپ بەرگەن ئىشلارغا ھېسداشلىق قىلىپ ياش توكىدۇ.

— ئاكا، كوڭلۇڭنى يېرىم قىلما. ئۇ قىزنىڭ ئۆزى شۇنچە باغرى تاشلىق قىلىپ، مال ئۈرنىدا سېتىلىشنى خالى-غان بولسا ئاپىسى ئۇنى سېتىۋەرسۇن، سوتقا بېرىپ توي خېتىنى قايتۇرۇۋەت. ئەتە مەن ساڭا ھەمرا بولۇپ باراي، ئېلى سىز بېرىپ ئۇ قىزغا ئېيتىپ قويۇڭ.

ئېگىگىنى قولى ئۈستىگە قويۇپ، جوزىغا ئېگىشىپ ئول-تۇرغان ئېلى: ھىم، مەن رەنانىڭ بۇنداق قارا كوڭۈللۈك قىلىدىغانلىغىغا ئىشەنمەيمەن!

سەلىمە: نىمىلا بولسۇن، ئۇ سوتقا كېلىپ، يۈز تۇرانە ھالدا ئارىنى ئۈچۈق قىلىۋەتسۇن!

ئېلى: بوپتۇ، مەن بېرىپ يارلىقنى يەتكۈزۈپ قوياي.

## 74. رەنالارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا

ئېلى رەنالارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئەمدىلا توخ-تىشىغا، چوڭ دەرەخنىڭ ئارىسىدىن دوغىلاق يىگىت ئېتىلىپ

چىقىدۇ: سىز كىمنى ئىزلەيسىز؟

ئېلى: بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ نىمە چاتىقىڭىز؟

دوغىلاق: مەن سىزنىڭ كىمنى ئىزلەيدىغىنىڭىزنى بىلىمەن، رەنانى ئىزلەيسىز، شۇنداقمۇ؟ قايتىپ بىردىپ ھىلقى سەرالىق تومپايغا ئېيتىپ قويۇڭ، رەنا پات يېقىندا شوھرەتنىڭ رەپىقىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇندىن كېيىن يەنە تىلىنى چايناپ يۈرمىسۇن!

ئېلى: سەنمۇ بىردىپ بايۋەچچىڭگە ئېيتىپ قوي، رەنانىڭ يۈرىكىدە ئۇنداق نىمىلەرگە ئورۇن يوق!

دوغىلاق ھوكىرەيدۇ: راستىڭنى دىگىنە، سەن زادى نىمە قىلغىلى كەلدىڭ؟

ئېلى كۈلۈپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا: ئىتلارنىڭ ئەدىۋىنى بەرگىلى كەلدىم.

دوغىلاق: قانداق ئىتنىڭ؟

ئېلى: لالما ئىتنىڭ، ئاغزىغا كەلگىنىچە قاۋاپ، يالاقچىلىق قىلىشنىلا بىلىدىغان لالما ئىتنىڭ!

دوغىلاق ئەتراپىقا قاراپ قويۇپ ۋاقىرايدۇ: جويلۇپسەن، بۇ يەردە قاۋاپ، يالاقچىلىق قىلىشنىلا بىلىدىغان لالما ئىت يوق!

ئېلى قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى بۇرۇلۇپ چوڭ قەدەملەر بىلەن كېتىدۇ.

75. رەنالارنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى قاشا تامنىڭ يېنىدىكى كوچا،

ئېلى چوڭ قەدەملەر بىلەن كېلىۋېتىپ بىردىنلا رەنا-نىڭ ئېيتىۋاتقان ھەسرەتلىك ناخشىسىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. بۇ ئاۋاز خۇددى ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقان ئادەمنىڭكىدەك بوغۇق ۋە كۈچسىز ئىدى.

ئېلى سەكرەپ سوقما تامنىڭ ئۈستىگە چىقىدۇ. ئەمما، دەرەخلەرنىڭ قويۇق يوپۇرماقلىرى كوزنى توسۇۋالغانلىقتىن ھېچنىمىنى كورەلمەيدۇ.

— ئاكا!

ئېلى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مەۋلۇدەنىڭ يول ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ قولىدا ھەر خىل ئالى دەرىجىلىك پىچىنە، توقاچلار، كونسىرۋا، مىۋە-چىۋە دىگەندەك نەرسىلەر بارلىقىنى كورىدۇ.

ئېلى يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، ئىككى تاقلاپلا ئۇنىڭ يېنىغا بارىدۇ: مەۋلۇدە، نەگە بارىدىغانسىز؟ بۇلارنى ئېلىپ نىمە قىلىسىز؟

مەۋلۇدە كوزىگە ياش ئالىدۇ: رەنا ئاچام قايتىپ كېلىپلا ئاغرىپ يېتىپ قالدى. تۇنۇگۈندىن ھازىرغىچە ھېچنەرسە يىمەي ھەلىقى بىر ناخشىنىلا ئېيتىپ ئولتۇرىدۇ. ئاپام بىلەن ئامىنەخان ئاچام ئىككىسى قىت-قىت بولۇپ، ئۇنىڭغا يىگۈدەك بىرنەرسە ئەپكىلىپ بەرگىن دەپ چىقارتقان ئىدى.

مەۋلۇدە ئۇياق-بۇياققا قاراپ قويغاندىن كېيىن ئېلىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ: مەن چىقىدىغان چاغدا رەنا ئاچام ماڭا ئاستالا بىر پارچە خەتنى بېرىپ، دوختۇرخانا شۇجىسىنىڭ قولىغا ئاپىرىپ بەر دىگەن ئىدى.

ئېلى: ئاپىرىپ بەردىڭىزما؟

مەۋلۇدە: ھەئە.

ئېلىنىڭ كوزىدىن ياش ئەگىگەن ھالدا: مەۋلۇدە بېرىپ رەناغا ياسىن بىلەن ئېلى ئاكام سىزنى سالامەتلىككە دىققەت قىلسۇن، ئەتە كەچقۇرۇن ئارقا ھويلىغا كەلسۇن،

ياسىن بىلەن ئىككىمىز ئۇنى ئەپچىقىپ كېتىمىز، ئەتىلىككە بولماي قالسا ئوگۇنلۈككە چىقسۇن دىدى دەپ قويۇڭ.

مەۋلۇدە: ماقۇل!

ئىككىيلەن خوشلىشىپ بىرسى شەرققە، بىرسى غەرپ-كە قاراپ كېتىدۇ.

## 76. توي خېتى كېسىش ئورنى

ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ياسىن بىلەن سەلىمە ئولتۇرۇشىدۇ. بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار توي خېتى ئالماقتا. ئۇ-لار نىكا گۇۋانامىسىنى قولىغا ئېلىپ ھاياجانلىنىپ چىقىپ كېتىشىدۇ.

ھەسەن بىر قاراپلا ياسىننى تونۇۋالىدۇ: ھوي يىگىت، سىز توي خېتى ئېلىپ بولغانغۇ، — دەپ ھەيران بولغان ھال-دا ئۇنىڭ يېنىدىكى سەلىمەگە قاراپ قويىدۇ.

ياسىن: بۇ مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ.

سەلىمە: يولداش، مېنىڭ ئاكام توي خېتىنى قايتۇرۇۋەت-كىلى كەلگەن.

ھەسەن: توي خېتىنى ئالغىلى تېخى بىرنەچچە كۈنلا بولدى، ئەمدى كېلىپ قايتۇرۇۋېتىمەن دەيسىزا، بۇ زادى قانداق گەپ؟

سەلىمە ياسىننى نوقۇيدۇ. ياسىن گەپ قىلمايدۇ.

ھەسەن: ئۇنداق بولسا ھىلىقى سىڭلىرا — رەناقىز نى-مىشقا كەلمەيدۇ؟

سەلىمە: رەنا؟ — دەيدۇ ھەيرانلىق بىلەن ۋە بۇرۇلۇپ ئاكىسىدىن سورايدۇ، — قىزنىڭ ئېتى رەناما؟

ياسىن بېشىنى لىڭشىتىدۇ.

سەلىمە ئالدىراپ سۈرۈشتۈرۈشكە باشلايدۇ: ئۇنىڭ

ھەببە ئىسىملىك ئاچىسى، ئەنۋەر دىگەن ئۇكىسى بارمۇ؟

ياسىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدۇ: بار، سەن قانى دافىسگە بۇنچە ئېنىق بىلىسەن؟

سەلىمە جەزمەنلەشتۇرۇپ: ئاپىسىنىڭ ئېتى ئامىنىخان. ئۇ كاپ قىلىپلا ئاكىسىنىڭ قولىنى تۇتىدۇ ۋە ئۇنى تالاغا قاراپ سورەيدۇ.

ھەسەن بېشىنى چايقاپ: ھەيران قالارلىق بىر ئىش،—دەيدۇ ۋە قانداقتۇر بىر ئىشنى تۇيۇقسىزلا يادىغا ئېلىپ،—ئامىنە؟ بۇ ئەجەپمۇ تونۇشلۇق بىر ئىسىمغۇ؟ ھىلىقى ئامىنىخان شۇمىدۇ-يا؟

شىرە ئۈستىدىكى تېلېفون جىرىڭلايدۇ. ھەسەن تۇرۇپ-كىنى قولىغا ئالىدۇ: قەيەرسىز؟ خەلق دوختۇرخانىسىدىكىلى شۇجى؟ ياخشىمۇسىز؟ بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ توغرا، ئۇلار قانۇن تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىشى لازىم. سىز خاتىرجەم بولۇڭ. جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسى ئۇنىڭ ماتىرىيالىنى ئىگەللەپ بولدى. ھە؟ بولىدۇ، بولىدۇ. مەن ئەتە جەزمەن بېرىپ خىزمەت ئىشلەيمەن......

## 77. دەرەخ سايىسى ئاستىدا

سەلىمە: مېنىڭ ئالدى بىلەن سۇ قۇرۇلۇش ئىش ئورنىغا ئۇنى ئىزلەپ بېرىشتىكى مەقسىتىممۇ تويىنى يىپىگىچە قىلىش ئىشى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئىدى. مەن ئەتىلىككە بېرىپ ھەببەنى تاپاي، ئۇ مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، ئۇ مېنى ئامىنىخان ئاچام بىلەن كورۇشتۇرسۇن. ئوبدانىراق پاراڭلىشىپ كورسەك بىرەر ئامالى تېپىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

ئېلى: بىز ھازىر ئالدى بىلەن، رەناغا ياردەم بېرىدىغان بىرەر چارە - ئامالنى ئويلىشىپ كورسەك بولاتتى.

ياسىن: سىنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشۇڭ بويىچە بۇگۇن كەچ ئۇنى ئەپچىقىپ كېتىپ، ۋاقتىنچە سىلەرنىڭ ئويگە ئاپىرىپ قويايلى.

ئېلى: مېنىڭ سىڭلىم ئۇنىڭ بىلەن كىچىك چېغىدىكى ساۋاقداشلاردىن بولىدۇ.

سەلىمە: ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدىكەن.

78. رەنالارنىڭ ئارقا ھويلىسى (كېچە)

ئېلى رەنانىڭ قولىدىن تارتىپ قاشا تامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە يولەپ تامغا چىقىرىدۇ.

79. قاشا تامنىڭ سىرتى (كېچە)

ياسىن قاشا تامنىڭ ئۇستىدىن چۇشكەن رەنانى باشلاپ، ئالدىراش كېتىپ قالىدۇ.

80. رەنالارنىڭ ھويلىسى (كېچە)

ئامىنەخان بىلەن ھەببە قاچا - قۇمۇشلارنى يىغىشتۇرماقتا. پاتەمخان ھېچنىمىدىن بىخەۋەر ئالچاقلاپ سىرتتىن كىرىدۇ:

— مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كەتتىما؟

ئامىنەخان: ھەممىسىنى ئۇزىتىپ قويدۇق.

پاتەمخان: ھەممىسى تىزىملىك بويىچە بولغاندۇ؟

ئامىنەخان بېشىنى لىڭشىتىدۇ.

پاتەمخان: ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ ئادەمگەرچىلىكىگە ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسىز؟

ئامىنەخان: ۋاي، ئىشەنمەمدىغان پاتەمخان!

ھەبىبە بالىسىنى كوتىرىپ ئويدىن چىقىدۇ: ئاپا، رەنا قېنى؟

ئامىنىخان: كارۋاتتا ياتقانتىغۇ؟

ھەبىبە: يوق، ھەممە ئويگە كىرىپ چىقتىم، كورۇنمەيدۇ.

ئامىنىخان: بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ ئويگە كىرىدۇ.

پاتەمخانمۇ دەرھال ئەگىشىپ ئويگە كىرىدۇ.

81. رەنانىڭ ھوجرىسى (كېچە)

ئامىنىخان كىرىپ: رەنا!

پاتەمخان دەرىزىنى كورسىتىپ: مەيەگە قاراڭلار.

ئارقا دەرىزىدىكى پەردىنىڭ بىر پارچىسى يەرگە چۇ-شۇپ كەتكەن، دەرىزە ئېچىقلىق تۇراتتى.

ئامىنىخان: ۋاي ئولەي، ئۇ قېچىپتۇ!

پاتەمخان ئۇنى ئەيىپلەيدۇ: سىز نىمىشقا بۇنداق بىخەس-تەلىك قىلدىڭىز؟

ئامىنىخان: ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

قۇدرىتى ئۇلۇغ ئىگەم. بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىغىدى!

پاتەمخان كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ: ئارقا كوچىنىڭ كەينى چوڭ ئوستەڭ ئەمەسمۇ؟

ئامىنىخان: يۇرۇڭلار، بېرىپ قاراپ باقايلى.

ئامىنىخان بىلەن پاتەمخان ئويدىن ئالدىراپ چىقىپ كېتىشىدۇ.

82. ئوستەڭ بويىدىكى كىچىك ئاشخانىدا

ئېشىپ قالغان تاماقلار تىوكۇلۇپ كەتكەن شىرەنىڭ ئەتراپىدا شوھرەت، دوغىلاق ۋە يەنە ئىككى يىگىت ھاراق ئىچىپ ئولتۇرىدۇ. ھەممىسىلا غەرق مەس.

ئۇنالغۇدىن غەلىتە ناخشىلار ياڭراپ تۇرىدۇ.

شوھرەت رۇمكىنى كوتىرىپ: ھەممىڭ نان قېپى، دوت نىمىلەر، قۇلۇڭلاردىن ھېچنىمە كەلمەيدۇ. مېنىڭ پۇلۇمنى خىدجەلەشنىلا بىلىشىسەن، رەنانى قىولۇمىغا كەلتۇرۇۋالسام ... پۇلۇم ئۇچۇن ... خەپ ... خوشە!

ئۇلار رۇمكا سوقۇشتۇرۇۋاتقاندا يىراقتىن "رەنا" دەپ ۋاقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.

شوھرەت: مانا، رەنا كەلدى. يۇرۇڭلار، چىقىپ بىزنىڭ رەنانى كۇتۇۋالايلى....

## 83. چوڭ ئۇستەڭ بويى

ئامىنىخان بىلەن پاتەمخان ماڭغاچ تۇۋلايدۇ: رەنا...!!

شوھرەت ۋە ھىلىقى بىرنەچچەيلەن ھاراق بوتۇلكىسى بىلەن رۇمكىلارنى كوتەرگەن ھالدا ئۇزۇن - قىسقا دەسسەپ كېلىشمەكتە.

شوھرەت: ئوھۇ، پاتەمخان ئاچا، سىز بۇ يەرگە نىمە دەپ كەلدىڭىز؟ ...ماۋۇ قېرى خوتۇن كىم؟

ئامىنىخان قورقۇپ تىترىگەن ھالدا پاتەمخاننىڭ ئارقىسىغا تىقىلىۋالىدۇ: ۋاي خۇدايىم، نىمە ئادەملەر بۇ؟

پاتەمخان ھودۇقۇپ گەپ ياسايدۇ: ھەي سايىم، تېز ئويۇڭگە كەت!

شوھرەت: سايىم، سايىم دىگەن كىم؟ مېنىڭ ئېتىم سايىم ئەمەس، سىز مېنىمۇ تونۇمايىۋاتامسىز نىمە؟ مەن مەس بولمۇدۇم، ماڭا رەنا كېرەك.

پاتەمخان تىت - تىت بولۇپ ئۇنىڭ پىشىنى تارتىدۇ:
— ھەي ئۇنداق قىلما. ئۇ دىگەن رەنانىڭ ئاپىسى.

شوھرەت تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ: ئوھۇ، ئەسلى بۇ مېنىڭ ھورمەتلىك قېيىناپامكەندە! مەن سىز بىلەن ...

سىز بىلەن كورۇشۇشكە بەكمۇ تەشنا ئىدىم، — ئۇ قولىنى ئۇزىتىدۇ.

ئامىنەخان: ۋاي خۇدايىمەي، — دىگىنىچە ئارقىسىغا داجىيدۇ.

— شوھرەت!

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان شوھرەت مىدىر - سىدىر قىلىشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قالىدۇ ۋە بېشىنى ئاستا ئارقىسىغا بۇرايدۇ. سۇپىيە چاچلىرى پاخپايغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭمۇ ھاراق ئىچىۋالغانلىقى ئېنىق كورۇنۇپ تۇرىدۇ.

— مەن سىنى ھىلىقى كونا جايدا ساقلاپ تۇرغىلى توت سائەت بولدى. توي ئىشىمىزنى مەسلىھەتلىشىمىز دىگەن ئەمەسمىدۇق؟ نىمىشقا بارمىدىڭ؟

شوھرەت قىلىشقا سوز تاپالمايدۇ.

پاتەمخان ئامىنەخاننى تارتىپ ئىتتىك كىتىپ قالىدۇ.

سۇپىيە: بايا مەنمۇ ھاراق ئىچىۋالدىم. مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئەگەر سەن مېنى راستىنلا تاشلىۋېتىدىغان بولساڭ مەن سىنىڭ ۋە بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ ھەممە، ھەممە ... ھەممىسىنى...

شوھرەت: نىمىلەرنى دەۋاتىسەن ئاپپىغىم. بۇگۇن مەن خاتالاشتىم، ئۇلار مىنى مەس قىلىپ قويۇپتۇ. مانا بۇ...ھو!

شوھرەت دوغىلاقتا كوز ئىشارىسى قىلىپ قويۇپ يالغاندىن ھو قىلىپ، قىينىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. دوغىلاق دەرھال يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ دۇمبىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ، سۇپىيەدىن ئەپۇ سورايدۇ: ھە، ھە، راست — ھەممىسى

بىردىن ئوتكەن خاتالىق. ئۇنى هاراق ئىچكىلى ئەپكىلىپ، سىلەرنىڭ ئۇچرىشىشىڭلارغا دەخلى قىلىپ قويدۇق.

84. رەنالارنىڭ هويلىسىنىڭ يېنىدىكى كوچا (سەهەر ۋاقتى)

سەلىمە بىلەن هەبىبە سوزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

85. رەنالارنىڭ ئىشىك ئالدى

سەلىمە بىلەن هەبىبە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكتىن چىقىۋاتقان پاتەمخانغا دوقۇرىشىپ قالىدۇ.

پاتەمخان: قانداق، رەنانى تاپتىڭلارمۇ؟

هەبىبە: رەنا؟ ئۇ ئوزىنى ئوستەڭگە تاشلىۋاپتۇ.

ئىككىيلەن دەرۋازىدىن كىرىپ ئىشىكنى تاراققىدە يېپىۋالىدۇ.

پاتەمخان: ئوزىنى دەرياغا تاشلىۋاپتۇ؟ خۇدايىم!

ئۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى يېپىپ، يۈگۈرۈپ كېتىدۇ.

86. رەنالارنىڭ ئويى

ئامىنىخان: رەنادىن خەۋەر بارمۇ؟

هەبىبە: خاتىرجەم بولۇڭ، سىڭلىمدىن چاتاق چىقمايدۇ دەيدۇ ۋە سەلىمەنى تونۇشتۇرىدۇ، — ئاپا، بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم.

ئامىنىخان ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

— ئامىنىخان ئاچامنىڭ ئويى مۇشۇمۇ؟ — دېرىزىدىن ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ كىرىۋاتقانلىقى كورۇنىدۇ.

سەلىمە: توي خېتى كېسىدىغان ئورۇندىن كەپتۇ.

هەسەن ئويگە كىرىپ، ئامىنىخان ئاچىنى بىر قاراپلا

تونۇۋالدۇ:

— ئەسلى سىز ئىكەنسىز - دە! ئامىنخان ئاچا، مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟

ئامىنخان ئاچا ھەيرانلىق ۋە شاتلىق ئىچىدە: سىز ئەينى يىللاردا خىزمەت ئەترىتىدە ئىشلىگەن يولداش ھەسەن ئەمەسمۇ؟ — دەيدۇ.

ھەسەن: توغرا، توغرا.

ئامىنخان ئاچا: تۇۋا، ھەش - پەش دېگىچە 30 يىل ئۆتۈپتا!

ھەسەن: سىز تېخىچىلا شۇ پېتىڭىزچە تۇرۇپسىز!

ئامىنخان: قېرىپ موماي بولۇپ كەتتۇق، ھە، بۈگۈن مېنى يوقلاپ كەپقاپسىزغۇ؟

ھەسەن: ئازراق ئىش بىلەن كەلدىم! ئاڭلىسام سىز ئۆز قىزىڭىزنىڭ كۆڭلىدىكى ئادەمگە تېگىشكە قارشى ئىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟

ئامىنخان جاۋاپ بەرمەك تەس كېلىپ گەپ قىلمايدۇ.

ھەسەن: رەنانى يۇقۇرى باھادا سېتىۋالماقچى بولۇپ يۈرگەن شوھرەت ياخشى ئادەم ئەمەس. ئۇ بازار سودىسىنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىگىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيىنىڭ سىياستىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھايانكەشلىك، ماددى ئەشيالار بىلەن ئەتكەسچىلىك قىلىشتەك يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانىدى. سىز ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالماڭ يەنە!

ئامىنخان: ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايلا قويۇڭ، مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم. ئەمما، مەن رەنانى ئۇنداق يېزا مۇئەللىمىگىمۇ بەرمەيمەن.

ھەسەن: رەنانىڭ يارىتىپ قالغىنى بىر مۇنەۋۋەر يېزا

مۇئەللىمى، ئۇلار تويىنى يېڭىچە قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىر ياخشى ئىش، بىز ئۇنى قوللىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ياش ۋاقتىلىرىمىز، ئۆزىڭىزنىڭ تويى يادىڭىزدا بارمۇ؟
(ئەسلىمە)

87. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر يېزىلىق
هوكۇمەت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا

ئۆزۈم بارىكى ئاستىدا ئۇستەللەر رەتلىك تىزىپ قويۇلغان. ئۇنىڭ ئۇستىدە كەمپۈت، پىچىنە، گازىر قاتارلىق نەرسىلەر بار. كىشىلەر توي غەزەللىرىنى ئوقۇپ، چىن قەلبىدىن شاتلىنىپ كۈلۈشمەكتە.

ئامىنە ۋە تويى بولغان يىگىت توردە ئولتۇرىدۇ. ئامىنەخانىنىڭ يېنىدا خىزمەت دۇيىنىڭ 17 ياشلىق ئەزاسى ھەسەن ئولتۇرىدۇ.

توي بولغان قىز - يىگىت ئاددى، يارىشىملىق يېڭى كىيىملەر كىيگەن.

خىزمەت دۇيىنىڭ باشلىغى سوز قىلماقتا.
كوپچىلىك قىزغىن چاۋاك چالىدۇ.

كىشىلەر بەس - بەس بىلەن ئۇسۇلغا چۈشىدۇ. تويى بولغان قىز بىلەن يىگىت ئۇسۇل ئوينىماقتا. يۈزلىرىدە بەختلىك كۈلۈمسىرەش جىلۋە قىلىدۇ.

...................

(ئەسلىمە تامام بولىدۇ)

88. ئامىنەخانىنىڭ ئويى

ھەسەن: ئەينى يىللاردا سىز مەمەت ئاكام بىلەن يې

گىچە تويى قىلغان، ئۇ نىمە دېگەن ياخشى بولغان - ھە!
ئەمما، ھالا بۇگۇنگە كەلگەندە جەمىيەتتىكى ناچار كەيپىياتلار-
غا ھە - ھۇ دېيىشىپ، ئەركىن مۇھەببەتلىشىشكە، تويىنى
يىغىچە قىلىشقا قارشى تۇرۇۋاتىسىز، ئەگەر مەمەت ئاكام
ھايات بولغان بولسا بۇنىڭغا قوشۇلارمىدى؟

ئامىنىخان ئېغىر كەيپىياتتا سوزلەيدۇ: بىراق ھازىرقى
ئىش ئۇ يىللاردىكىگە ئوخشىمايدۇ. ئەگەر چوڭ ئوغلۇم
بىلەن كىچىك ئوغلۇمنىڭ تويىنى دىمىگەن بولسام، مەنمۇ
ئۇلارنىڭ تويىنى ئاددى قىلىشقا قارشى تۇرارمىدىم؟

ھەسەن: زامان ئوخشاش ئەمەس، تۇرمۇش يۇقۇرى
كوتىرىلدى، توي قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تەييارلىق كور-
مەي بولمايدۇ. ئەمما بەزىلەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
ھە دەپ كوپ تويلۇق سېلىپ، ناچار ئىستىلنى ئەۋج ئال-
دۇرۇۋاتىدۇ.

ئامىنىخان: تويلۇق ئالمايدىغان قىز ھازىر نەدە بار-
كىن تاڭ؟ چوڭ ئوغلۇمنىڭ لايىغى تېخى داشۇينى پۈتتۈر-
گەن قىزمىش، باھاسى تېخىمۇ يۇقۇرى بولار بەلكىم.

ھەببە ئالدىراشلىق بىلەن ئاپىسىنىڭ گېپىنى بولۇۋې-
تىدۇ:

— ئاپا، بولدى قىلىسىڭىز!

سەلىمە: ئاچا، مەن يېقىندىلا ئۇرۇمچىدىن داشۇينى پۈت-
تۈرۈپ كەلگەن سەلىمە دېگەن قىز بولىمەن.

ئامىنىخان ئۇنىڭغا زەڭ سېلىپ قارايدۇ.

سەلىمە: مېنىڭ بىۋاستە سىز بىلەن كورۇشۇشۇم بىزنىڭ
ئۇرپ - ئادىتىمىزگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەمما، ئىش مۇشۇ
دەرىجىگە يەتكەنلىكتىن مەن مۇشۇنداق قىلماي تۇرالمىدىم.

چۈنكى، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى سۈرۈشتۈرگەندە رەنا بىزنىڭ ئۆينىڭ ئادىمى، مەنمۇ سىلەرنىڭ ئۆينىڭ ئادىمى ئىكەنمىز...

ئامىنەخان: سىز ياسىنىنىڭ سىڭلىسى بولۇپ يۈرمەڭ يەنە؟

سەلىمە: شۇنداق، ياسىن مېنىڭ ئاكام بولىدۇ...

ھەسەن بۇ سۆزلەرگە ھەۋەس بىلەن قىزىقىپ قۇلاق سالىدۇ.

سەلىمە ئۆزلىرىنىڭ بىللە چۈشكەن بىرنەچچە پارچە سۈرىتىنى ئېلىپ ئامىنەخانغا كۆرسىتىدۇ: مەن سىزنىڭ چوڭ ئوغلىڭىزغا بەكمۇ ئامراق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. ئىككىمىز توي قىلىشقا پۈتۈشتۇق، مېنىڭ سىزگە ئېيتىپ قويىدىغىنىم مېنىڭ ئاتا-ئانام بىزنىڭ توينى يېقىنچە قىلىشىمىزغا، يىگىت تەرەپتىن توي-لۇق ئالماسلىقىقا قوشۇلدى. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، چوڭ ئوغلىڭىز تا مۇشۇ كۈنگىچە سۆ قۇرۇلۇش ئىش ئورنىدا خاتىرجەم ئىشلەۋاتىدۇ.

ھەسەن كۈلۈپ ياپراپ كېتىدۇ: ئوھو، زەپ ئىش بولدى. ئەجەپ كاتتا ئىش بولدى-دە! قانداق، تويلۇق ئالمايدىغان قىز بۇ دۇنيادا يوق دىگەن كىمتى؟ يولداش سەلىمە، يارايسىز، مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن، سىلەر جەزمەن بەختلىك بولىسىلەر!

ئامىنەخاننىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، لەۋلىرىنى سەل-پەل مىدىرلىتىدۇ-يۇ، گەپ قىلالمايدۇ.

ھەسەن قاتتىق ھاياجانلىنىپ: مۇھەببەت بولمىسا، پۇل ۋە مال ئۈستىگە قۇرۇلغان ئائىلە ئاخىرى ۋەيران بولىدۇ. قادىرلار ئائىلىسىنىڭ نىكا تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغانلىقى پاجىئەسى بۇنىڭغا بىر جانلىق ساۋاق.

ئامىنەخان: سەلىمە، ئۇنداق بولسا، ئاتا-ئانىڭىز بۇ

مۇناسىۋەتتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن مېنى ئەيىپ قىلارمۇ؟
سەلىمە: سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بېرىپ ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەيمەن.
ئامىنىخان: رەنا قەيەردە؟
ھەبىبە: ئۇ ھامان قايتىپ كېلىدۇ.

89. شۆھرەتلەرنىڭ ھوپلىسى

تۇراخان كوزلىرىدىن ئوت چاقنىغان ھالدا قايتۇرۇپ سورايدۇ: ئۇ ئوزىنى ئولتۇرۇۋاپتىما؟
پاتەمخان بېشىنى كوتىرىپ قاراشقا پېتىنالماي:
— ئاچىسى شۇنداق دەيدۇ. ئوستەڭگە ئوزىنى تاشلاپ ئولۇۋاپتىمىش.
تۇراخان ئۇنى قىستايدۇ: ئېلىپ بارغان تويلۇقنى قانداق قىلىمىز؟ سىز جەزمەن تىزدىن بويىچە قايتۇرۇپ ئەپكېلىپ بېرىڭ، بولمىسا ئوغلۇم سىزنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيدۇ.
پاتەمخاننى سوغاق تەر بېسىپ كېتىدۇ.
ئىشىك تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ، ھەبىبە، سەلىمە ۋە ئېلىپلار چوڭ ـ كىچىك بوپىلارنى كوتەرگەن ھالدا كىرىشىدۇ.
ھەبىبە جاكالايدۇ: تويلۇقلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇۋېلىڭلار.
تۇراخان بىلەن پاتەمخان ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ.
ھەبىبە: پاتەمخان ئاچا، سىز كىرىپ، ساناپ ئۇتكۇزۇۋېلىڭ!
پاتەمخان ئارىسالدا بولۇپ: ھە ـ ماقۇل، ھازىر ئۇتكۇزۇۋالاي.
تۇراخان پاتەمخاننى كاپ قىلىپلا تۇتىدۇ: نەدە مۇنداق ئاسان ئىش باركەن. سىزگە بەرگەن نەق پۇل ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرمۇ ئاز دېگەندە نەچچە يۇز يۇەنگە يېتىدۇ. ئىش سوغا

چىلاشتى. ئەمدى ئۇنى قانداق ھېساپلىشىمىز. سىز شۇلار- نى قايتۇرماي تۇرۇپ تويلۇق قايتۇرۇشقا ئارىلىشىمەن دېمەڭ. بۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىمەنمۇ دەپ ئويلىماڭ!

پاتەمخان ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ: ئاچا، بىر كەڭچىلىك قىلىڭ، كىيىملەرنى كىيىپ كېتىمەن، پۇللارنى خەجلەپ بوپتى- مەن، نەرسە-كېرەكلەرنىمۇ ئىشلىتىپ قويۇپتىمەن. ئەمدى قانداق قىلىمەن؟— دەيدۇ ۋە ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلايدۇ.

تۇراخان زەھەرخەندىلىك بىلەن تىللاپ قاغايدۇ:

— ھۇ، يۇ زىسىز ئەبگا دەللال، يەپ بولغىنىڭ، ئىشلىتىپ بولغىنىڭ بىلەن مېنىڭ نىمە كارىم. بۇگۈن قاراپتۇر، بۇ يەردىن ئولۇگۇڭ چىقسا چىقىدۇكى، تىرىگىڭ چىقمايدۇ!

ھەيبە بىلەن سەلىمە قوللىرىدىكى ئۇزۇكلىرىنى چىقىرىپ، ئېلىگە بېرىدۇ. ئېلى بۇ نەرسىلەرنى تۇراخاننىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

تۇراخان كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئوز كوزىگە ئىشەن- مەي قالىدۇ.

پاتەمخان: بۇ..... بۇنداق قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ مەن.....

ئېلى پاتەمخانغا يېقىن كېلىپ: قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىرنىمە دېيىشەيلى. ئۇنىڭ تويلۇقلىرىنى تېزرەك ئوتكۈزۈۋېلىڭ.

پاتەمخان كوز يېشىنى سۇرتىدۇ: ھە، ھە بولىدۇ. ھازىرلا ساناپ ئوتكۈزۈپ بېرەي،— دەيدۇ ۋە قەددىنى رۇسلاپ تىزىملىكنى چىقىرىدۇ،— تاۋار يوتقان تېشىدىن 5، نىلۇن ياستۇق قېپىدىن 5، باستوندىن 10 مېتىر قاپ- تۇرۇلدى.....

تۇراخان قورقۇپ، يىتىمسىرەپ ئاله قىلدۇ: ھەي شوھرەت، سەن، سەن قەيەردە يۇردىڭانسەن، شۇنچە كەچتە.

90. شەھەر سىرتىدىكى دەريا بويىدا (گۇگۇم)

شوھرەت بىلەن سۇپىيە پايپاسلاپ كەلمەكتە. كەيپىياتى باشقىچىلا كورۇنىدۇ.

شوھرەت ئاسماننىڭ بىر چېتىدىكى ئۇلتۇرۇۋاتقان شەپەقنى كورسىتىپ: قاراڭ، كەچكى شەپەت نىمە دىگەن گۇزەل- ھە!

سۇپىيە: راست كۇن ئولتۇراي دەپ قاپتۇ.

شوھرەت: نىمە ئانچە بىارام بولىسىز؟ مەن شۇنچە كۇن ئەيۇ سورىدىمغۇ؟ ئالا- كۈچۈكلەر تېخىچىلا كەتمىدىمۇ؟

سۇپىيە: بۇرۇن سىز ھەممە تەلدۇگىزنى ئورۇنلايمەن، سىزنى بەختلىك قىلىمەن دىگەن ئىدىڭىز، ئەمدى كېلىپ مېنى قىيناپ، ئازاپلاۋاتىسىز، قوسىقىمدىكى بالا ئۈچ ئايلىق بولاي دەپ قالدى. ئەمدى توي قىلمىساق، ئەمدى مەن قايسى يۈزۈم بىلەن خەققە قارايمەن،— ئۇ دەرەخكە يولىنىپ، ھەسرەتلىك يىغلايدۇ.

شوھرەت قولىنى سىلكىپ قويىدۇ. شۇ ھامان دەرەخ ئارقىسىدىن ئىككى كولەڭگە سەكرەپ چىقىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سۇپىيەنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ ئۇنىڭ كوزىنى ئېتىۋالىدۇ. شوھرەت ئۇنىڭ ئاغزىغا ياغلىق تىقىدۇ.

سۇپىيە جەھلى بىلەن تىپىرلاپ ۋاقىرايدۇ: قۇتقۇزۇڭلار!

91. قەۋرىستانلىق (گۇگۇم پەيتى)

قادىر ئاپىسىنىڭ قەۋرىسىگە توپا يۇلەۋېتىپ بوغۇلۇپ

يىغلايدۇ ۋە تۇيۇقسىزلا يىراقتىكى دەرەخ ئارىسىدىن بىرسىنىڭ قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلىپ ۋاقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، سەگەكلىشىپ، كوز يېشىنى سۇرتۇپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۇگۇرەيدۇ.

92. دەريا بويىدىكى دەرەخلىكتە (گۇگۇم ۋاقتى)

شوھرەت قاتارلىقلار سۇپىيەنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلىماقتا، سۇپىيە ھە دەپ تىپىرلايدۇ. ئۇلار بىر تاغارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

شوھرەت: قەدىرلىگىنىم، سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، سىزنى ئەمدى مەڭگۇ بەختلىك قىلىمىز.

يەنە بىر ياش يىگىت بىرنەچچە دانە يوغان تاشنى ئەپكېلىپ تاغارنىڭ ئىچىگە قاچىلايدۇ.

ئۇچەيلەن سۇپىيەنى تاغارغا تىقىۋاتقان پەيتتە قادىر يېتىپ كېلىپ ۋاقىرايدۇ: تارت قولۇڭنى.

ئۇچەيلەن چوچۇپ كەينىگە قارىشىدۇ.

جىنىنىڭ بېرىچە تىپىرلاۋاتقان سۇپىيە ئۇزۇپ-ئۇزۇپ سوزلەيدۇ: تېز قېچىڭ، بولمىسا ئۇلار سىزنى ئۇرۇپ ئولتۇرۇپ قويىدۇ!

شوھرەت: ئوھو، كۇيوغۇل مىيت ئۇزاتقىلى كەپتىكەندە! كېلىشە!

ئىككى يالاقچى پاقىراپ تۇرغان پىچاقنى كوتىرىپ، قادىرغا ھەيۋە قىلىپ كېلىدۇ.

بۇ چاغدا قوراللىق ساقچىلار ئاسماندىن چۇشكەندەكلا پەيدا بولىدۇ: قىمىرلاشما!

شوھرەتلەر قولىنى كوتىرىشىپ، پىچاقلىرىنى تاپشۇرىدۇ.

قادىر ھالىدىن كېتىپ قالغان سۇپىيەنىڭ پۇت - قول-

لىرىدىكى ئاغامچىنى يېشىدۇ. سۇپىيە ھۇشىغا كېلىدۇ.

ساقچىلار شوھرەتنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ: ماڭ!

شوھرەت، ئۇنىڭ ئىككى چوماقچىسى باشلىرىنى ساڭگى- لاتقان ھالدا دەرەخلىكتىن يالاپ چىقىلىدۇ. قادىر بىلەن يەنە بىر ساقچى كېيىم-كېچەكلىرى تىتما-تىتما بولۇپ يىرتىلغان سۇپىيەنى يۆلەپ دەرەخلىكتىن چىقىدۇ.

93. سۈۋادان تېرەك كۆچىتى قويۇلغان كوچا (شەھەر)

رەتلىك كىيىنگەن مەۋلۇدە چىرايلىرىدىن نۇر چاقنى- غان ھالدا، كىچىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يۈگۈرۈپ كېتىدۇ.

94. «ئالغا» ئاياق، باش كىيىم دۇكىنى

ئېلى پوكەيدە تۇرۇپ مال ساتماقتا.

بىر ياشانغان خېرىدار: يولداش، ماڭا بىر دوپپا ئېلىپ بېرىڭا.

ئېلى بېشىنى كوتىرىپ بىردىنلا مەۋلۇدەنى كورۇپ قالىدۇ:

— مەۋلۇدە، خاپا بولماي سەل كۈتۈپ تۇرۇڭ. (خېرىدار- غا) ئاۋۇ قىزغا دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى. (مەۋلۇدەگە) كىرىڭ مەۋلۇدە.

مەۋلۇدە كىرىپ كېلىدۇ: ئېلى ئاكا، ئاپام مېنىڭ داۋاملىق ئوقۇشۇمغا قوشۇلدى!

ئېلى: راستما؟

مەۋلۇدە سومكىسىنى كورسىتىپ: ئۇ مېنى ئوقۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالغىن دەپ ئەۋەتتى.

ئېلى: ئۇنداق بولسا بەك ياخشى بوپتۇ.

مەۋلۇدە: ئېلى ئاكا، مېنىڭ رەنا ئاچامنى كورگۈم كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر قەيەردە؟

ئېلى: ھازىر بىزنىڭ ئۆيدە، بۈگۈن ئىشقا كەتتى!
مەۋلۇدە: سىز مېنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بارامسىز؟
ئېلى: ماقۇل.
مەۋلۇدە خوشال بولۇپ كۈلۈپ كېتىدۇ.
خېرىدار: يىگىت، ئاۋۇنى ماڭا تېزرەك ئېلىپ بەرسە-ڭىزچۇ؟
ئېلى: بولىدۇ، بولىدۇ،— دەيدۇ ۋە قونچىلىق ئوتتۇكتىن بىرنى ئېلىپ خېرىدارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ،— ماۋۇ قانداقراق؟
خېرىدار: مەن دوپپا دىگەنتىم.
مەۋلۇدە پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىدۇ، ئېلى گەجگىسىنى قاشلايدۇ.
مەۋلۇدە: مەن نەرسە-كېرەك ئالغىلى كەتتىم ئەمەسە!
ئېلى: مەن ساقلاپ تۇراي.
95. دوختۇرخانىنىڭ كېسەللەر ياتىقى
رەنا دورا قويۇلغان پەتنۇسنى كوتەرگەن ھالدا، كېسەللەر ياتىقىغا كىرىپ سۇپىيەنىڭ كارۋىتى ئال-دىغا كېلىدۇ.
رەنا: سۇپىيە، بۈگۈن قانداقراق؟
سۇپىيە: ناھايىتى ياخشى،— ئۇ ھاياجانلىنىدۇ،— رەنا مەن ئۇزەمدىن نەپرەتلىنىمەن.
رەنا كارۋاتقا ئولتۇرۇپ: كوڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئوتكەن ئىشتا سالاۋات، ئەمدى ئالدىمىزغا قارايلى، كەل-گۈسى ھامان گۈزەل بولىدۇ.
بىرەيلەن ئىشىكنى چېكىدۇ، رەنا بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئىشىكتە قولىغا گۈل ۋە مېۋە-چېۋىلەرنى كوتەر-گەن قادىر پەيدا بولىدۇ.

رەنا: قادىر!

قادىر: كىرىشكە بولامدىكىن؟

رەنا: ھە، رەھمەت، مەرھەمەت!

قادىر سوپىيە ياتقان كارۋات ئالدىغا كېلىپ: ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

سوپىيە سەل بېشىنى كوتىرىپ سالام قىلىپ، كوزىگە ياش ئالغان ھالدا: ياخشى بولۇپ قالدىم، رەھمەت سىزگە.

قادىر: ......

رەنا ئۇلارغا قاراپ قويۇپ يېنىك دەسسەپ چىقىپ كىتىپ، ئىشكىنى يېپىپ قويىدۇ.

96. دوختۇرخانا كارىدورىدا

رەنا كارىدۇردا كەلمەكتە.

ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان بىر سېستىرا: رەنا سىزنى بىرسى ئىزلەپ كەپتۇ. بولۇمدە قالدى.

97. دوختۇرخانىنىڭ بىر بولۇمى

ئامىنىخان ئۇ يەردە رەنانى كۇتۇپ ئولتۇرىدۇ.

رەنا كىرىدۇ: ئاپا!

ئامىنىخان: قىزىم، مىنى كەچۇرگىن.

رەنا: ئاپا — دىگىنىچە بېرىپ ئوزىنى ئاپىسىغا ئاتىدۇ. كوزلىرىدىن ياش ئەگىيدۇ.

بۇ چاغدا ئېلى بىلەن مەۋلۇدە بولۇمگە كىرىپ، ئانا-بالا ئىككىيلەننى كورىدۇ.

ئېلى پەس ئاۋازدا: يۇرۇڭ، ئاۋال بېرىپ سوپىيە ئاچىڭىزنى كورۇپ چىقايلى، — دەپ مەۋلۇدەنى باشلاپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئامىنىخان: ئاپاڭ سىنىڭ ياسىن بىلەن توي قىلد-

شىڭغا، سىلەرنىڭ توينى يېڭىچە قىلىشىڭلارغا قوشۇلىدۇ. ئۇكاڭنىڭ خەتمە توينىمۇ ئۇنچە چوڭ قىلمايدىغان بولدۇق.

رەنا: جېنىم ئاپام!

ئامىنىخان: يۈر، ئۆيگە كېتەيلى!

رەنا: ماقۇل.

٩٨. ياغاچ كوۋرۇكتە (گۆگۈم پەيتى)

ياسىن ياغاچ كوۋرۇككە قاراپ كەلمەكتە.

رەنامۇ ياغاچ كوۋرۇككە قاراپ كەلمەكتە.

ئىككىيلەن بەختلىك هالدا ئۇچرىشىپ، بىر بىرىگە ئۇنسىز تىكىلىپ قارىشىدۇ.

رەنا: نىمە دىگەن ئۇنتۇلغۇسىز بىر نەچچە كۈن بۇ هە!

ياسىن: بىز ئاخىرى قارشى قىرغاققا غەلبىلىك يېتىپ كەلدۇق.

(مۇزىكا كوتىرىلىدۇ)

ياسىن هىلىقى چوغدەك قىزىل گاز ياغلىقنى رەناغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

رەنا ئۇنى چوڭقۇر مۇهەببەت بىلەن قوبۇل قىلىپ بويىنىغا سالىدۇ.

٩٩. ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدىكى توي

هىلىقى قىزىل ياغلىق، يېڭى كېلىن — رەنانىڭ بويىندا يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ.

رەنا بىلەن ياسىن كوپچىلىككە تازىم قىلىپ هورمەت بىلدۇرگەندىن كېيىن ئۇسۇلغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

قادىر بىلەن سۇپىيەمۇ بىر بىرىگە بېقىشىپ ئۇسۇل ئويناماقتا.

كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئېلى، مەۋلۇدە، سەلىمە ۋە ھەبىبەلەرنىڭ خوشال چىرايلىرى كورۇنىدۇ.

ئامىنىخان بىلەن ياسىنىنىڭ ئاپىسى، ئابلىز تاغىلار توردە ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىپ كۇلۇشمەكتە.

پاتەمخان ئۇلارنىڭ چىنىلىرىغا چاي قۇيۇپ بەرمەكتە.

رەنا بىلەن ياسىن ئۇسۇلنى گۇل كەلتۇرۇپ ئوينايدۇ.

رەنا پىچىرلىماقتا.....

# شاھزادە ۋە ئۇنىڭ دوستى



## نۇرمۇھەممەت زامان

### 1

تاڭ سەھەر، داۋالغۇپ تۇرغان تارىم دەرياسى. ئوخچۇپ تۇرغان دولقۇنلار ئۈستىدە بېلىقئالغۇچ ئۇچۇپ يۈرىدۇ، لەرزان قانات كەرگەن بېلىقئالغۇچ بوشلۇقتا توختاپ، سۇغا تىكىلىدۇ، بىردىن دولقۇنلار ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىدۇ.

### 2

سۈپ-سۈزۈك سۇ ئىچىدە ھەيۋەتلىك لەھەڭ بېلىققا مىنگەشكەن شاھزادە بەھرام بىلەن ئۇنىڭ دوستى مەردان دەريانىڭ چوڭقۇر تەكتىگە قاراپ ئۈزۈپ چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. دەريانىڭ تېگىدىن رەڭمۇ-رەڭ نۇر جۇلاسى

ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ رەڭگى - رۇخسارىنى يورۇتىدۇ. نۇر يالقۇنلىرى لەھەڭنىڭ كۆمۈشتەك قاسراقلىرى ئۈستىدە يالت- يۇلت قىلىپ چاقنايدۇ. نۇر يالقۇنى ئىچىدىن ئالتۇن رەڭلىك ھەرپلەر ئۈچۈپ چىقىدۇ. بۇ ھەرپلەر شوخ ۋە يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، ئىككى دوستنى چەمبەر شەكلىدە بىر نەچچە مەرتىۋە ئايلىنىۋېتىپ، ئاندىن زۇمرەت-تەك كۆپ - كۆك سۇغا مۇنچاقتەك قاتار تىزىلىدۇ. جىمىر-لاپ تۇرغان بۇ ھەرپلەردىن مۇنۇ خەتلەر ھاسىل بولىدۇ:

«شاھزادە ۋە ئۇنىڭ دوستى»

كۆۋەجىگەن دولقۇنلار، فىلىم ماۋزۇسىنى يۇتۇپ كېتىدۇ. ئاندىن فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ۋە ئەرتىسلەرنىڭ ئىسىملىكلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ.

خەت ئاستىدا، لەھەڭگە مىنگەشكەن شاھزادە بىلەن دوستى سۇ تەكتىگە توۋەنلەپ چۈشۈۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تاغلار ۋە تاغ ئىچىدىكى قەدىمىي قەلئە كۆرۈنىدۇ. قەلئەنىڭ ئىچىدە قۇببىلىرى ئالتۇندىن، تاملىرى مەر-مەردىن ياسالغان شەھەر بىناسى ئايان بولىدۇ.

ئىككى دوست بىر بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئىلگىرىلەۋېرىدۇ. ئۇلار بۇ خىلۋەت شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ لەھەڭدىن يەرگە چۈشىدۇ.

شەھەرنىڭ سۇرلۇك يوغان قارا دەرۋازىسى ئاستا ئېچىلىپ، ئىچىدىن قوللىرىغا قىلىچ، نەيزە، دوبۇلغا تۇت-قان قاراۋۇللار شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئىككى دوست ئۇلار بىلەن ئېلىشىدۇ. قاراۋۇللار ئارقىسىغا چېكىن-ىدۇ. ئىككى دوست ئۇلار بىلەن تۇتۇشقانچە دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

خەتمۇ ئاخىرلىشىدۇ.

3

يەر ئۈستى. شەرقچە سېلىنغان گۈزەل شەھەر، ھەيۋەت قەد كۆتىرىپ تۇرغان راۋاق - مۇنارلار.

4

زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسمان، مامۇقتەك ئاق بۇلۇتلار-نىڭ ئاستىدا ئويۇنچى كەپتەرلەر ئۇچۇۋاتىدۇ: بەزىلىرى موللاق ئېتىپ، توۋەنگە شۇڭغۇپ چۈشسە، بەزىلىرى ئوخ-چۇپ يۇقۇرىغا چىقىدۇ.

5

شەھەر باغچىسىنىڭ كەڭ سەيناسىدا كىشىلەر ساز چېلىپ، ساماغا چۈشۈۋاتىدۇ: ئاجايىپخانىدىكى مۈڭگۈس بىلەن كوزەينەكلىك ئىلان قاتتىق ئېلىشىۋاتىدۇ؛ قىرى-ياشلار، ئەر - ئاياللار ئەتراپىدا تاماشا كۆرۈپ تېلىقىپ كۈلۈشۈۋاتىدۇ.

6

راۋاقنىڭ پەلەمپەيلىرى، نەقشلەنگەن تاملىرى ۋە شاھانە پەشتاق ئايان بولىدۇ.

پەشتاق ئۈستىدە پادىشا مەۋلان پۈتكۈل شەھەرگە مەغرۇر نەزەر تاشلاپ تۇرىدۇ. ئۇ، قامەتلىك، يوغان، قاپ-قارا قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى ئوتكۇر كوزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، قاڭشالىق، قارا ساقال خۇشچىراي ئادەم. ئۇ ئىككى قولىنى بېقىنىغا — پىل سۆڭىكى قويۇپ نەقىشلەنگەن كەمىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بەھوزۇر كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ.

شاھنىڭ ئەتراپىدا ۋەزىر - ۋۇزرالار ئۇيان - بۇيان مېڭىشىپ يۇرىدۇ.

شاھ ئوڭ قولىنى ئەگىتىپ ئەپكېلىپ ساقىلىنى سىپاپ قويىدۇ. قاشلىرى ھىمىرىلىپ، كوزلىرى باغ سەيلىسىدە تاماشا قىلىپ يۈرگەن توپ- توپ قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىدۇ. ئۇلارغا قاراپ چىرايى زوقمەنلىك، كوزلىرى ھەۋەس بىلەن تولىدۇ.

بايان قىلغۇچى:

"قەدىمقى زاماندا، كۈن چىقىش تاماندا، بىر ئادالەتلىك پادىشا ئوتكەن ئىكەن، ئۇنى مەۋلان شاھ دەپ ئاتايدىكەن، مەۋلان شاھ دۇنيادا بىرلا ئوغۇل پەرزەنت كورگەن ئىكەن: ئوغلىنىڭ ئىسمى بەھرام ئىكەن، بەھرام مەدرىستە ئوقۇيدىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا مەۋلان ئوردا ئالدىدىكى مۇنار پەشتىقىدا تۇرۇپ، باغ سەيناسىدا كېتىۋاتقان ياشلارنى كورۇپتۇ - دە، ئوز ئوغلىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قاپتۇ".

مەۋلان شاھ ئاستا ئارقىسىغا بۇرۇلىدۇ. خىيال سۈرگەن ھالدا مېڭىپ، گۈلدار ئويما نەقىشلەر ئىچىگە ئورنىتىلغان مىھراپقا چىقىپ ئولتۇرىدۇ. ۋەزىرلەر ۋە نەۋكەرلەر تەرەپكە قاراپ:

— قۇدرەت!— دەپ توۋلايدۇ.

35 ياشلار چامىسىدىكى كۆچتۈگۈر، مەككار كوز ۋەزىر قۇدرەت شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، گىلەم ئۈستىگە تىزلىنىدۇ:

— لەببەي!

شاھ كوكرىگىنى تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ ساقلىنى سىلايدۇ، ئاندىن:

— بەھرامىمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. بەس، ئويۇنىنى مۇشۇ يەردە توختاتسۇن، ئەمدى سىپاھگەرچىلىكتىن، ئەسكىرىي ئىشلاردىن تەلىم ئالسۇن. باھادىر سەركەردىلەردىن بولسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا پاراسەتلىك، زىرەك ۋە ۋاپادار كىشىلەردىن ھەمرا تېپىش زورۇر. بۇ ھەمرا، بەھرامنىڭ كوڭلىگە يارايدىغان ھەم قىلىچۋازلىقتا، نەيزە ئۇرۇشتا، ئوقيا ئېتىشتا ماھىر ئەزىمەتلەردىن بولسۇن.

قۇدرەت: كېرەملىك شاھىم، كەمىنىلىرى ئۇلۇغ شاھىمىز ۋە ئەقىللىق شاھزادىمىزنىڭ كوڭلىدىكىدەك ھەمرادىن بىر ئەمەس، يۈزلەرچە تېپىپ بېرەلەيمەن. بۇ ئىشنى ئۈستىمگە ئالىمەن. پەرمانلىرىنى باش ئۈستىگە بىجا كەلتۈرىمەن.

مەۋلان: بۇ ئىشنى ئوزىڭىزگە تاپشۇردۇم.

قۇدرەت: خوپ قۇدرەتلىك شاھىم.

قۇدرەت مۇلايىملىق بىلەن تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، ئورنىدىن تۇرىدۇ. قولىنى كوكرىگىگە قويغانچە سىپايىلىق بىلەن ئارقىسىغا شوخشۇپ، راۋاقتىن پەسكە چۈشىدۇ. توۋەنلىگەنسېرى خوشاللىقتىن ئۈچ- توت پەلەمپەينى بىر تاخلاپ، ئالدىرىغانلىقتىن پۇتلىرى ئالمىشىپ كېتىۋاتقانلىقى كورۇنىدۇ.

7

قىلىن توغراق ئورمانلىقى ئىچىدىكى يول.

مەۋلان شاھ ۋەزىر - ۋۇزرالار، مەرگەن چەۋەندازلارنى باشلاپ، ئاتلىرىغا جەرەن، ئولاي، سىرتىق غاز قاتارلىق ئولجىلارنى غانجۇغىلاپ، شىكاردىن خوشال- خورام قايتىپ كېلىۋاتىدۇ؛ ۋەزىر ۋە نۆكەرلەرنىڭ يېنىغا قىلىچ - ساداق- خەنجەر، مەرگەنلەرنىڭ ئوشنىسىگە ئوقيا ئېسىلغان، قوللىرىغا بۈركۈت، قارچۇغىلار قوندۇرۇلغان. ئۇلار ئورماندىن ئوچۇقچىلىققا چىقىدۇ. ئۇچى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك چىنار دەرىخى تەرەپكە قاراپ ئەگىلىدۇ. شاھنىڭ كوزى ئىگىز ئوسكەن چىنار ئۈستىگە تاشلىنىدۇ. ئاسماندا بىر سىغىزخان پەيدا بولىدۇ. سىغىزخان يولدا كېتىۋاتقان توپنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئوتۇپ كېتىدۇ.

8

شاھ باشلىغان توپ چىنار دەرىخىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، چىنارنىڭ ئارقىسىدىكى ئورمان ئىچىدىن ئۇشتۇمتۇت بىر توپ نىقاپلانغان قاراقچىلار ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئۇلار ئات ئۈستىدە قىقاس- چۇقان سېلىپ، قىلىچ ۋە نەيزىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ شاھ باشلىغان توپقا تاشلىنىدۇ. ۋەزىرلەر، نەۋكەرلەر قارشىلىق قىلىدۇ. بىر مەيدان جىددى جەڭ باشلىنىدۇ. بىراق شاھنىڭ لەشكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىدۇ.

9

دوڭنىڭ كەيىندە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئوسمان بىر-
نەچچە قاراقچى بىلەن ئۇستىگە نىقاپ كىيىپ، ئات سىلىپ
چىقىدۇ. يوپۇرۇلۇپ كېلىپ شاھ بىلەن بەھرامنى قورشىۋالى-
دۇ. قىلىچ بىرنەچچە مەرتىۋە شاھنى يالاپ ئوتىدۇ.
بىرنەچچىسى بەھرامنى بىر تەرەپكە سۇرۇپ چىقىدۇ.
بەھرامنىڭ تەقدىرى خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ. بىر قاراقچى
ئاۋرۇپ كېلىپ بەھرامنى چاپقىلى قىلىچ كوتەرگەندە،
كوكرىگىگە غايىپتىن كەلگەن ئوقيا تېگىپ ئاتتىن يىقىلىدۇ.

10

ئوقيانى ئاتقان نا تونۇش كىشى كوپ-كوك پىچان-
لىق ئىچىدىن، ئاقبوز ئاتنى چاپتۇرۇپ، قولىدىكى قىلى-
چىنى ئوينىتىپ چىقىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۇچقاندەك كەلگەن
پېتى قاراقچىلار بىلەن ئېلىشىپ، ھايت- ھۇيت دېگىچە
ئۇلارنى سۇرۇپ تېرى-پېرەڭ قىلىۋېتىدۇ. شاھ بىلەن
شاھزادىنى قاراقچىلارنىڭ خەۋپى ئىچىدىن قۇتقۇزۇۋالىدۇ.

11

پادىشا ھەيرەتتە قالىدۇ.
بۇ يىگىتنىڭ باتۇرلۇغى ۋە چەبدەسلىگى شاھزادىنى
ئوزىگە جەلپ قىلىدۇ. بەھرام ئۇچقاندەك ئۇنىڭ ئالدىغا

بىرىپ، ئېتىدىن سەكرەپ چۈشىدۇ. چوپىلۇكىنىڭ ئىچىدە تەمكىن قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ناتونۇش يىگىت قولىنى كوكرىگىگە قويۇپ ھورمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن: ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەيدۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

شاھزادە ھىرىسمەنلىك بىلەن سورايدۇ:

— ئوزەڭ قايسى ئەلدىن، كىم بولىسەن ۋە كىمنىڭ ئوغلىسەن؟

يىگىت جاڭگال تەرەپنى قولى بىلەن كورسىتىپ تۇرۇپ:

— مانا مۇشۇ بىپايان جاڭگال مېنىڭ ماكانىم. ئاتا-ئانام بىلەن بىللە ياشاش ماڭا نېسىپ بولماپتىكەن، يېتىممەن.

— ئىسمى-شەرىپىڭ نىمە بولىدۇ؟

ناتونۇش يىگىت: بۇ چولدىكىلەر مېنى مەردان دەپ ئاتىشىدۇ.

پادىشا ئوغلىنىڭ مەردان بىلەن قەدىناس ئاغىنىدەك قىزغىن سوزلىشىۋاتقىنىغا قاراپ زوقلىنىدۇ ۋە خۇرسەن بولىدۇ.

بەھرام: سەن بىزنى قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلدۇردۇڭ. باتۇر ئىكەنسەن. مەن سېنىڭ بىلەن دوست بولۇش نىيىتىگە كەلدىم. سېنى ئوردىغا مېھمانغا تەكلىپ قىلىمەن.

مەردان كەمتەرلىك بىلەن: رەھمەت.

بەھرام: يۈر، بىللىلا كېتىمىز.

ئىككىسى سەكرەپ ئاتلىرىغا مىنىدۇ. مەردان شاھزادىگە ياندىشىپ ماڭىدۇ. شاھمۇ ئۇلارغا قوشۇلىدۇ. ئۇلار ئېگىز چىنارنىڭ تۈۋىدىكى يول بىلەن ئۇزاپ ماڭىدۇ.

## 12

ئوردىنىڭ ھويلىسى.

ئۇستىگە شاھزادىلەرگە خاس كىيىم كىيگەن، قوللىرىغا نەيزە ئىشلەنگەن قامچا تۇتقان بىر جۈپ شاھزادە ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، شاھ ئالدىدا تۇرىدۇ.

## 13

ئوردىنىڭ يان تەرىپىدىكى پېشايۋاندا قۇدرەت ۋەزىر شاھقا ۋە شاھزادىلەرگە قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىنى ھەسەتخورلۇق ھىسسىياتى قاپلىغان.

## 14

مەۋلان شاھ باللارغا سوزلەۋاتىدۇ.

— ئوغلانلىرىم، سىلەر مېنىڭ ئۇمىدىم. سىلەرگە نىمە لازىم بولسا مانا مەن تەييار. ئەمما، ئىككىڭلار ئوزئارا سادىق بولۇڭلار، بىر بىرىڭلارغا غەمخورلۇق قىلىڭلار، مېنىڭ دولىتىمدە قىيامەتلىك دوستلاردىن بولۇپ قېلىڭلار.

پادىشا مۇلازىمغا قاراپ تاپىلايدۇ:

— مۇنىدىن كېيىن بۇ باللارغا قانچىلىك راسخوت كېرەك بولسا، غەزنىدىن بېرىڭلار.

مۇلازىم ئېگىلىپ: خوپ، ئۇلۇغ شاھىم.

بەھرام بىلەن مەردان قوللىرىنى كوكسىگە ئېلىپ

"رەھمەت ئاتا" دەپ ئېگىلىدۇ. ئاندىن ئاتلىرىغا ئىرغىپ مىنىدۇ، خوشال-خوراملىق بىلەن ئوردا دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىشىدۇ.

## 15

كورەلمەسلىك ۋە ئىچى تارلىقتىن چىرايى قارىيىپ كەتكەن قۇدرەت نارازىلىق بىلەن كالپۇكىنى بىر قىسما قىلىپ پۇرۇشتۇرۇپ ئىگىز پىشايىۋاندىن چۇشىدۇ.

## 16

ئوردا سارىيى.

ئۇدۇلىدىكى شاھلىق تەختىدە مەۋلان شاھ، ئىككى يېنىدا ۋەزىر-ۋۇزرالار، سەردار-ئەمىرلەر ۋە مىرزىلار ئولتۇرىدۇ.

قۇدرەت شاھنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىدۇ ۋە:

— ئەي دەۋرىمىزنىڭ سەركەردىسى، سىز ھەممىگە ھىساپسىز ياخشىلىق قىلغان شاھ. كەمىنىگىز سىزگە بىر ئادىل مەسلىھەت بىرىمەن، ماقۇل كورسىگىز ئېيتىپ، ئوردا ئەھلىنى بۇ ئىشتىن ئاگاھلاندۇرىمەن.

مەۋلان سەل ھەيران بولغان قىياپەتتە سورايدۇ:

— خوش، قانداق مەسلىھەت ئىدى ئۇ، مەرھەمەت.

قۇدرەت بىرخىل تەھدىت سالغۇچى ئاھاڭدا سوزىنى بايان قىلىشقا باشلايدۇ:

— ھوكۇمالىرىمىز باخشى ئويلانماي ئىش قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى پاجىئەلىك بولىدۇ، دېيىشكەن ئىدى. بايىقىشىمچە بۇگۇن بىزنىڭ شاھىمىز بۇ دانىشمەنلەرنىڭ سوزىگە خىلاپ ئىش قىلىۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىشتىن قاتتىق ئەندىشە قىلىپ ۋەسۋەسىدە قالدىم.

شاھنىڭ قوشۇمىسى تۇرۇلۇپ، كوزلىرى ئوتكۇرلىشىدۇ، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ سوزلەيدۇ:

— مەقسەتىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قوي، نىقاپلىما، مەن دانىشمەنلەرنىڭ سوزىگە خىلاپ قايسى ئىشلارنى قىلدىم؟

قۇدرەت: ئەي ھورمەتلىك شاھىم، ئۇخلىغان بولسىڭىز ئۇيقۇدىن كوزىڭىزنى ئېچىڭ، مەن مەردان دىگەن بۇ ماكانسىز ئۇستىدە سوزلەۋاتىمەن. ئالى نەسەپكە يات بولغان بىر قاراقچىنى، شاھىمىزنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى شاھزادىمىزگە ھەمرا قىلىپ قويساق، ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت-يوسۇنىمىزغا راۋا كەلمەيدۇ. باشقا ئەللەر ئالدىدىمۇ ئابروي-ئىناۋىتىمىز، يۇزىمىز توكۇلمەمدۇ؟

مەۋلان: ھىم، شۇ ئىشمىدى؟ مېنىڭ قارىشىمچە، مەردان ئوغلۇم بەھرامنىڭ كوڭلىگە يارىغان ئىكەن، ئۇنىڭ ھەمرالىغى راۋا بولىدۇ. ۋەزىر، سېنىڭ بۇ سوزلىرىڭگە ھەسەتخورلۇق ئارىلاشمىغاندۇ-ھە؟

قۇدرەت ئالدىراپ: يوغىسۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئالىلىرىغا مەلۇمكى، يېتىمنى يولاتما قېشىڭغا، ئوغا تاشلايدۇ ئېشىڭغا، دىگەن ھىكمەتلىك سوز بار. بۇ بىكار ئېيتىلغان بولمىسا كېرەك. مەردانىنىڭ ئوردىغا كىرىشى، ئىلانىنىڭ قوينىمىزغا كىرىشىدۇر. بۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا ۋەھىمە سايىسى تاشلانغانلىغىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

مەۋلان ساقلىنى سىلاپ: بولىدىغان ئاشلىق كۆكىدىن مەلۇم بولىدۇ. مەردانىنىڭ بەزنى قاراقچىلار قولىدىن قۇتۇزۇپ قېلىشى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدىمۇ مېنىڭ ئۇمىت ئىشەنچىمنى ئاقلايدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئىككىمىزگە بەختسائادەت تىلەپ، ئىشلىرىغا ئاسايىشلىق يارتىپ بەرمىگەنمىز ھەقتۇر.

ئەتراپتا ئولتۇرغانلار: ئارى، ئارى. شۇنداق قىلماق ۋاجىپتۇر.

قۇدرەت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئامالسىز ھالەتتە ئولتۇردۇ.

17

شاھ سارىينىڭ سىرتىدىكى زال.

قۇدرەت سارايىنىڭ ئىشىگىگە يولىنىپ تۇرۇپ ئەلەملىك نەپەس ئالىدۇ. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاستا ماڭىدۇ. ساراي ئىشىگىگە بۇرۇلۇپ قاراپ غەزەپ بىلەن كوزىنى ئالايتىپ ھومىيىدۇ.

18

چارباغ ئىچىدە كىشى كوڭلىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان خۇش-يېقىملىق نەي ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئەتراپتا بۇلبۇللار نەيگە جور بولۇپ سايرىماقتا.

19

ئوردىنىڭ باغچىسى تەرەپكە قاراپ ئېچىلغان دەرىزىدىن ھوجرىنىڭ ئىچى كورۇنۇپ تۇرىدۇ. ھوجرىدا ئولتۇرۇپ

ياغلىققا كەشتە تىكىۋاتقان كېنىزەك زۇلخۇمار ئورنىدىن تۇرۇپ، باغ تەرەپكە قارىغان دەرىزىنىڭ قاپقاقلىرىنى ئېچىۋېتىدۇ. نەي ئاۋازى ھوجرا ئىچىدە جاراڭلايدۇ. زۇلخۇمار نەي ئاۋازىدىن ھوزۇرلىنىپ كەشتىسىنى قولىدا تۇتقانىچە ئالدىراپ ھوجرا ئىشىكىدىن چىقىدۇ.

20

چارباغ. زۇلخۇمار ئېرىق بويىدا كەشتە تىكىپ ئولتۇرۇپ، نەي ئاڭلىماقتا. نەي ئاۋازى شوخ پەدىگە يۆتكىلىدۇ. زۇلخۇمارنىڭ بۇلاقتەك ئويناق كۆزلىرى خۇمارلىشىپ ۋۇجۇدىنى كۈچلۈك ھاياجان قاپلايدۇ. كەشتىلەپ بولغان ياغلىقىنى كۆكسىگە بېسىپ چوڭقۇر نەپەس ئالىدۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتمەن دەپ ياغلىقىنى سۇغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ. زۇلخۇمار سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان ياغلىقىنى ئالالماي، ئېرىق بويلاپ تۆۋەنگە يۈگۈرەيدۇ.

21

شۇ چاغدا، ئېرىقنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، بىر توپ دەرەخ تۈۋىدە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن نەي چېلىۋاتقان مەردان كۆرۈنىدۇ. ئۇ سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان ياغلىقنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئېرىق بويىغا كېلىپ نەي بىلەن ياغلىقنى سۇدىن سۈزۈپ ئېلىۋالىدۇ. ئۆرۈپ-چۆرۈپ كۆرىدۇ ۋە بىردىنلا گۈلزارلىق ئىچىدە، خىجىللىقتىن بېرى كېلەلمەي قاراپ تۇرغان كېنىزەك زۇلخۇمارغا كۆزى چۈشىدۇ. ئۇ ياغ-

لىقنى ئېلىپ زۇلخۇمارنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.

— بۇ ياغلىق سىزنىڭمىدى؟

زۇلخۇمار تارتىنىپ يەرگە قارىۋېلىپ: ھەئە، — دەپ ياغلىقنى قولىغا ئالىدۇ.

مەردان: نىمە دېگەن چىرايلىق ياغلىق - ھە؟

زۇلخۇمار: ماختىنىغىچىلىگى يوق، كوڭلىڭىزگە ياربغان بولسا، سىزگە تەقدىم قىلدىم.

مەردان: مەن نىمىنى تەقدىم قىلارمەن؟

زۇلخۇمار: نەي ئاۋازىنى بەكمۇ ياخشى كورىمەن. ماڭا نەي چېلىپ بەرسىڭىزلا بولدى.

مەردان: رەھمەت ئەمىسە.

مەردان ياغلىقنى زۇلخۇمارنىڭ قولىدىن ئېلىۋاتقاندا، ئوسمان پەيدا بولىدۇ.

زۇلخۇمار گۇللۇك ئىچىگە قېچىپ كىرىپ يوشۇرۇنىدۇ. ئوسمان دەرغەزەپ بىلەن مەرداننىڭ ئالدىغا كېلىپ سورايدۇ: ئوزەڭ كىم بولىسەن؟

مەردان: تەقسىر، سىلە كىم بولىلا؟

ئوسمان: ھىم، تونۇمايۋاتامسەن؟ پۈتۈن قورغاننىڭ ئامانلىغىنى قوغداشقا مەسئۇل قورغان بېگى ئوسمان دېگەن مانا مەن بولىمەن.

مەردان: مەن شاھزادە بەھرامنىڭ ئاغىنىسى مەردان بولىمەن.

ئوسمان: ئاغزىڭنى يۇم! شاھزادىمىزنىڭ سېنىڭدەك پەسلەردىن ئاغىنىسى يوق. سەن ئۇنىڭ خىلى ئەمەس. يوقال، ھازىر بۇ چارباغدىن چىقىپ كەت!

مەردان قاتتىق تەڭلىك ۋە خىجىللىق ئىچىدە قالىدۇ.

چار باغ. بەھرام كولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىپاڭغا سېلىنغان ئوتقاشتەك گىلەمدە ياتىدۇ. مەردان بولسا، شىپاڭ-نىڭ گۈللۈك تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ خىيال سۈرمەكتە.

بەھرام ئورنىدىن تۇرىدۇ. مەردانىنىڭ خىيال دەريا-سىغا غەرق بولغانلىقىنى بايقايدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ مۈرىسىدىن ئاستا تۇتۇپ، كۆيۈمچانلىق بىلەن سورايدۇ:

— يېقىندىن بۇيان كەيپىياتىڭ باشقىچە بولۇپ قالدى. ھامان غەمكىن كۆرۈنىسەن. بۇگۈنمۇ مانا خىيالغا پېتىپ قاپ-سەن، زادى نىمەم بولدۇڭ؟

مەردان ھەسرەتلىك تىنىپ: ھېچنىمە بولمىدىم.

ئۇ، كوزلىرىنى يىراقتىكى تاغ ۋە ئورمانلارغا تاشلايدۇ. بەھراممۇ مەردان قارىغان تەرەپكە قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ ۋە ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھە، ئەمدى چۈشەندىم. ئاشۇ تاغلارغا، جاڭگاللىق-لارغا قاراپ ئۆز يۇرتۇڭنى، يۇرتۇڭدىكى بۇرادەرلىرىڭنى ئەسلىگەن ئوخشايسەن - ھە، شۇنداقمۇ؟

مەردان: شۇنداق، دوستۇم.

ئۆز يۇرتىنى سۆيمىگەن كىم بار؟
يىراقتا كۆيمىگەن كىم بار؟
تاشلىرىدىن يۇلتۇزىغىچە
جاندىن ئەزىز كۆرمىگەن كىم بار؟

بەھرام: توغرا ئېيتىسەن.

مەردان: بۇ ھەقتە مەن سىزگە قىزىق بىر ھىكايە ئېيتىپ بېرەي.

بەھرام قىزىقىپ: خوش قېنى، ھىكايىگە تولىمۇ خۇشتار ئىدىم. كەل مەيەرگە ئولتۇرۇپ ئېيتقىن.

ئىككىسى گىلەم ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ، يۈز تۇران ئولتۇردۇ. شۇ ئەسنادا بىر بۇلبۇل ئۇچۇپ كېلىپ شىپاڭ ئورۇندۇغىنىڭ ئۈستىگە قونىدۇ. مەردان بۇلبۇلغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ھىكايىسىنى باشلايدۇ:

— بۇرۇنقى زاماندا بىر بۇلبۇل جاڭگالنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، يەردە قوراي شېخىغا قونۇۋېلىپ زوق - شوقى بىلەن سايراۋاتقان تورغايىنى كورۇپ قاپتۇ. بۇلبۇل تورغايغا، ئەي بۇرادەر، ئىككىمىز دوست بولايلى، مېنىڭ ياشايدىغان ماكانىم جەننەتتەك گۈزەل جاي، يۈر، شۇ ماكانغا كېتەيلى، دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى بىللە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇلبۇل تورغايجاننى تولىمۇ چىرايلىق بىر باققا باشلاپ كەپتۇ. بۇ باغدا ھەر تۈرلۈك قۇشلار ياشاي-دىكەن، تۇرمۇشى پاراۋان ئىكەن. كۈنلەر، ئايلار ئوتۇپتۇ، تورغايجان شۇنچە خۇش بۇي گۈللەرنىڭ بەرگىدە سايرىسىمۇ، چار باغدا پەرۋاز قىلىپ خوشال - خورام يايرىسىمۇ، يەنىلا بىپايان جاڭگالنى، قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالغان قوراي-لارنى، ئارامبەخش شىۋاقلارنى ئەسلەيدىكەن. يۇرتىنى سېغىنىش ئوتى ئۇنى بارغانسېرى ئازاپلاپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى ئۇ جاڭگالغا ئۇچۇپ بېرىپ ئۇ يەرلەرنى قانغىچە كورۇپ كەپتۇ، تورغايجان شۇندىن كېيىن پات - پات جاڭگالغا ئۇچۇپ بېرىپ سويۈملۈك يۇرتىنى كورۇپ كېلە-

دىغان بوپتۇ....

بەھرام: ھىم، ئۇنداقتا، بىزنىڭ تورغايجانىمۇ جاڭگال سىپغىنىپ قاپتۇ ـ دە.

ئىككىسى قاتتىق كۇلۇشۇپ كېتىدۇ: ئۇلارنىڭ كۇلكىسىدىن ئورۇنىدۇقتىكى بۇلبۇلىمۇ ئۇركۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. بەھرام ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بۇلبۇلنى كورسىتىپ:

— بوپتۇ، سەنمۇ ئاشۇ بۇلبۇلدەك ئۇچۇپ بىرىپ يۇرتۇڭنى كورۇپ كەل.

مەردان: كوڭلۇمنى چۇشەنگەنلىگىڭىز ئۇچۇن رەھمەت شاھزادەم. مۇبادا مېنى ئىزلىسىڭىز، ھىلىقى يوغان چىنار دەرىخىنىڭ يېنىغا بىرىپ، جاڭگال تەرەپكە قاراپ، بار ئاۋازىڭىز بىلەن "مەردان!" دەپ چاقىرسىڭىز مەن پەيدا بولىمەن.

ئىككىسى شىپاڭدىن چىقىپ، گۇللۇك ئەگمە كوۋرۇك تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.



چارباغ. يەنە شۇ چىرايلىق شىپاڭ. گۇللۇك ئەگمە كوۋرۇكتىن بەھرام بىلەن ئوسمان پاراڭلىشىپ شىپاڭ تەرەپكە قاراپ چىقىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئوسمان: شاھزادەم، بىر ئىشقا ھەيرانمەن، زادىلا تېگىگە يېتەلمەي ۋەيرانمەن.

بەھرام: ئۇ قانداق ئىش ئىدى تەقسىر، قېنى بايان ئەيلەڭ ئاڭلاپ كورەي.

ئوسمان: ئويلاپ باقسام كونىلارنىڭ، بالىسى غورا

يەنە ئانىسىنىڭ چىشى قامايدۇ، دىگىنىمۇ راست ئىكەن، ئىسىلزاتىلاردىن بولمىش شاھزادىمىزنىڭ بىر يىتىم ئوغ-لاق بىلەن ئاغىنە بولۇشى مېنىڭ يۈرىگىمنى ئازاپقا سىلى-ۋاتىدۇ. ئىت سەمرىسە ئىگىسىنى چىشلەرمىش. بۇ ئوردا بوسۇغىمىزدا پەيدا بولغان كۆچۈكمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادىمىزنى چىشلەپ سالمىغىيدى، دەپ قاتتىق ۋەسۋەسە ئىچىدىمەن.

بەھرام: تەقسىر ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتامدۇ نىمە؟ مەردان ئىت ئەمەس، بەلكى بورە. ئۇ شۇنچىلىك باتۇركى، قورقۇشنى بىلمەيدۇ. ئۇ شۇنچە دانىشمەنكى، يەر ئاستىدىكى ئىلاننىڭ كوشىگىنىنى تۇيىدۇ. يىتىم بولغىنى بىلەن مەردانە، بىراۋلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان.

ئوسمانىنىڭ چىرايىنى نارازىلىق قاپلاپ، بېشىنى چايقايدۇ:

— باللىق نادانلىقتۇر. ھازىرقى ھەۋەسكە بېرىلىپ كېيىن پۇشايمان يەپ قالماڭ يەنە. مولىلا بولماق ئاسان بولغان بىلەن ئادەم بولماق ئاسان ئەمەس. مەن مۇندىقلار-دىن كۆرمىگىنى كورگەن. بۇ ھارام تاماقنىڭ تېرىگىزدە داپ كېرىدىپ، ئۈستىخىنىگىزدا ساپ ياسىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا!

بەھرام: ياق، بۇ دوستلۇققا ئۇنداق باھا بېرىشكە مەن قوشۇلالمايمەن، بورە چېغىدا ئوز دوستىغا قەست قىلمايدۇ-يۇ، مېنىڭ دوستۇم مەردان ماڭا قەست قىلارمۇ؟

ئوسمان نەسىھەت تەلەپپۇزىدا: بىراق، بورىنى قانچە ئاسراپ باققان بىلەنمۇ، ئىككى كوزى يەنە چاڭگالدا.

بەھرام: ئەلىۋەتتە ئۇزى تۇغۇلۇپ ئوسكەن يۇرتىدا

بولىدۇ - دە.

ئىككىسى مەنىلىك قارىشىدۇ.

24

تۈن نىسپى بولغان چاغ. بالىخانىلىق ئىمارەتنىڭ ئۈستىدىكى ئويىنىڭ دەرىزىسىدىن يەرگە خىرە يورۇق چۈشۈپ تۇرىدۇ. دەرىزە پەردىسىدىن ئويىنىڭ ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ ئۇياقتا - بۇياقتا ئاستا مېڭىپ يۈرگەنلىكى خىرە - شىرە كۆرۈنىدۇ. ئۇ دەرىزە يېنىدىكى ئىشىكتىن پەشايۋانغا چىقىپ، ئاسماندىكى ئايغا قارايدۇ. ئاي نۇرى ئۇنىڭ چىرايىنى يورۇتىدۇ. ئۇنىڭ بەھرام ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ئۇ بالىخانىنىڭ قىرلىق تۈۋرۈكلىرىنى ئارىلاپ خىيال سۈرۈپ ماڭىدۇ، سوغاقتىن بويى شۈركۈنىدۇ. ھوجرىنىڭ ئىشىگىنى ئاستا ئېچىپ كىرىپ كېتىدۇ.

25

بەھرامنىڭ ھوجرىسى.

ھوجرىنىڭ تاملىرىدىن بوسوغىغىچە يۇلتۇز تامغىلىق گىلەم بىلەن بېزەلگەن. شاھزادىگە خاس بىساتلار قويۇلغان. بەھرام كارۋاتنىڭ ئۈستىدە ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ خىيال بىلەن ئوڭدا ياتىدۇ.

بەھرامنىڭ خىيالى:

ئوسمان ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ بەھرامغا ئېچىنى-

غان هالدا سوزلەۋاتىدۇ: بالىسى غورا يىسە ئانىسىنىڭ چىشى قامايدۇ. ئىسىل زاتلاردىن بولمىش شاھزادىمىزنىڭ مەرداند- دەك يىلتىزى يوق قامقاق بىلەن ئاغىنە بولۇشى مېنىڭ يۈرۈگۈمنى ئازاپلاۋاتىدۇ....

ئوسمان شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا غايىپ بولىدۇ. تۇرۇپلا يەنە دەرىزىنىڭ تېشىدا پەيدا بولۇپ، بىگىز بار- مىغىنى ھوجرا ئىچىگە سانجىپ تۇرۇپ، تەھدىت سېلىپ ۋاقىراپ سوزلەۋاتىدۇ: ئوردا بوسۇغىسىدا پەيدا بولغان بۇ كۇچۇك، تېرىڭىزدە داپ كېرىدىپ، ئۇستىخىنىڭىزدا ساپ ياسى- مىسۇن يەنە شاھزادەم، بۇ شۇمدىن ھەزەر ئەيلەڭ!!!

بەھرام گويىاكى بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك قاتتىق چوچۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ. دەرىزە ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، سىرتقا قارايدۇ. بەھرامنىڭ ئاۋازى ئىكران سىر- تىدىن ئاڭلىنىدۇ: ياق، مەردان ھەرگىز ئۇنداق قارانىيەت- لەردىن ئەمەس، ئاھ دوستۇم مەردان، سېنىڭسىز ئوتكەن ئۈچ كۈن ماڭا ئۈچ يىلدەك تۇيۇلدى.

سۈبھى كوتىرىلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن خورازلارنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، بەھرام كىيىملىرىنى كىيىپ ھوجرىدىن چىقىدۇ.

26

جاڭگال. ئاتلىق كېلىۋاتقان بەھرام يىراقتىن كورۇ- نۇپ تۇرغان چىنارنى نىشانلاپ كېتىپ بارىدۇ.

27

بەھرام دەريا بويىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشىدۇ.

ئاتىنى ئوتقا قويۇپ بېرىپ ئۆزى دەريا لىۋىگە كېلىپ ئارام ئېلىپ ئولتۇردى. سۇدا يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ، قانغىدەك ئىچىپ راھەتلەندى.

ئەزىم دەريادا سۈزۈك سۇ لەرزان ئاقماقتا، ئەتراپ جىمجىتلىقتا چوككەن، سۇنىڭ شاقىرىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇردى.

بەھرام يەلپۈنۈپ تۇرغان چىملىقتا، دەريا سۇيىنىڭ ئېقىشىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ قاراپ ئولتۇردى. ئۇلۇق سۇ بەجايىكى ئۇشتۇمتۇت بوران چىققاندەك بىردىن شاقىرايدۇ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسى ئاپپاق بولۇتتەك كۆۋۈكلىشىدۇ، ئاق بۇژغۇن ئىچىدە، يەل چىشىدىن ياسالغان سۈپ - سۈزۈك نەقىشلىق قېيىقتا كۈلۈپ ئورە تۇرغان چىرايلىق بىر قىز پەيدا بولىدۇ. ئۇ، ھالرەڭ كوينەك كىيگەن، بويىنىغا ئۈنچە - مارجان ۋە قىممەتلىك تاشلار ئورنىتىلغان تۇما ئاسقان، ئىككى بىلىگىگە قوش بىلەيزۈك، بارماقلىرىغا ياقۇت لەئلى كوزلۇك ئۈزۈك سالغان. تولغان كوكسى كوينىكىنى كوتىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىپ - قىزىل ئالمىغا ئوخشايتتى. قويۇق كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان، قاپ - قارا كوزلىرى، ئويماقتەك ئاغزى، غۇنچىدەك زىلۋا قامىتى بەھرامنى مەپتۇن قىلىدۇ، قېيىق سۇدا تەۋرىنىدۇ، سۇدا ئېقىپ قىرغاققا يېقىنلىشىدۇ. بەھرام قىزنىڭ ئايدەك رۇخسارىغا ئىنتىزارلىق بىلەن قاراپ سورايدۇ:

بىقىشىڭ جانىمغا ئوتلارنى سالدى،
كوزلىرى مەستانە قايدىن بولۇرسەن؟
كۈنمۇ سەن، ئايمۇ سەن ماھى تابانىم،
نازىنىن دىلرەبا قايدىن بولۇرسەن؟

قىزمۇ كۆمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق سادا بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدۇ:

پەرىزات شاھىمەن مېنى سورىساڭ،
ماكانىم سۇ ئاستى — شەھرى شېبىستان.
دادام بار، شۇ ئەلنىڭ مەڭگۈلۈك شاھى،
ئۇ ئەلدۇر پەسلى ياز، مىسلى گۈلىستان.

قىز دەريادىن كوتىرىلگەن كۈچلۈك شاۋقۇن ئاۋازى ئىچىدە ئاق بۇژغۇنلارغا ئارىلىشىپ غايىپ بولۇپ كېتىدۇ. بەھرام ئارمان بىلەن قىرغاقتا تۇرۇپ قالىدۇ. بىردەمدىن كېيىن كوزى قاراڭغۇلىشىپ، چىم ئۈستىگە يىقىلىدۇ.

28

سەھەر، دەريا بويى. بىھۇش ياتقان بەھرامنى مەيىن شاماللار ھۇشىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ كوزىنى ئېچىپ ئاستا ئەتراپىغا قارايدۇ. نېرىدا ئۇنىڭغا قاراپ قولاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ كىشنەۋاتقان ئېتىنى كورىدۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ يوغان چىنار تۈۋىگە بارىدۇ. جاڭگال تەرەپكە قاراپ، قولىنى زىنىغى ئۈستىگە چەپرەس قويۇپ، بار ئاۋازى بىلەن "مەردان!" دەپ توۋلايدۇ. ئۈچىنچى قېتىم توۋلىشى بىلەن يىراقتىن تاراسلاپ چېپىپ چىقىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

29

مەردان قېلىن ئوسكەن يېچانلىق ئىچىدىن ئاق بوز

ئاتىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، چىنارنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئىككى دوست بىر بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشىدۇ.

مەردان بەھرامنىڭ ئىككى مۇرىسىدىن تۇتۇپ خۇشاللىق ئىچىدە سورايدۇ:

— كەلگىنىڭىزگە خېلى بولدىمۇ؟

بەھرام مىسكىن ۋە بىچارە ھالەتتە تۇرۇپ:

— قانچە ۋاقىت بولغىنىنى بىلەلمەيلا قالدىم.

مەردان ھەيران بولۇپ: نىمىشقا؟

بەھرام ئۇلۇق كىچىك تىنىپ، دەريا تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارايدۇ ۋە بىرخىل مەيۇسانە تەلەپپۇزدا سوزلەيدۇ:

— دەريا بويىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتىم. ئۇشتۇمتۇت سۇ كوۋۇكلىنىپ، ئىچىدىن شۇنىداق چىرايلىق بىر پەرىزات چىقتىكى: ئۇنىڭ گۈزەللىكتە دۇنيادا تەڭدىشى يوق.

مەردان ئالدىراپ سورايدۇ: قېنى ئۇ پەرى؟

بەھرام: ئۇ مېنىڭ يۇرۇگۈمنى سۇغىرىپ ئالدى ـ دە، دەرياغا كىرىپ كەتتى. ۋىسالىغا بىقارار بولدۇم. تەلمۇرۇپ تۇردۇم، ئەمما قايتا چىقمىدى.

مەردان: دوستۇم، سىزنىڭ مۇھەببەتلىك كوزىڭىزنى ئاشۇ پەرى ئېچىپتۇ. ئۇنى كورگەنىدىن كېيىن سىزگە كويۇك ئوتى تۇتۇشۇپتۇ.

بەھرام: مەردان سەن مېنى شۇ پەرىزاتنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزگىن.

مەردان: ئۇ پەرىزات قايسى يۇرتتىن ئىكەن؟

بەھرام: شىبىستان شەھرىدىن.

مەردان: ئەمىسە بۇنىڭغا ئۇنچىلا ئالدىراپ كەتمەڭ. بۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، ئىشنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن

باشلايلى، چۇنكى سەۋرنىڭ تېگىدە ئالتۇن ياتىدۇ ئەمەسمۇ
شاھزادەم.

بەھرام: بولدى، شاھزادە، شاھزادە دەۋەمىگىنە. بۇن-
دىن كېيىن ئىسمىنى ئاتاپ، سەنلەپ سوزلەۋە، سەنلىگەن
بەھورمەتلىك ئەمەس، يېقىنلىقنىڭ ئالامىتى.

مەردان بەھرامغا قاراپ مەنىلىك كۈلىدۇ.

بەھرام: راست. مەن شۇنداق دېيىشىڭنى خالايمەن.

ئۇلار ئاتلىرىنى چۆلۈۋۈرىدىن تۇتۇپ، دەريا ياقىلاپ،
پاراڭلاشقاچ ئاستا ماڭىدۇ.

مەردان: كەڭ تون يىرتىلمايدۇ، كېڭەشلىك ئىش بۇ-
زۇلمايدۇ، دەيدۇ كونىلار. بۇ ئىش ئۇستىدە بىز ئالدى
بىلەن شاھ ئاتىمىزدىن مەسلىھەت سورىغىنىمىز ياخشى، ئاتى-
مىز رازى بولسا ئىشىمىز راۋان بولىدۇ.

بەھرام: ئەمىسە يۇر، دادامىنىڭ ئالدىغا ھازىرلا
بارايلى.

ئىككى دوست ئويناپ تۇرغان شوخ تۇلپارلارغا مىنىپ ئور-
دىغا قاراپ ماڭىدۇ.



مەۋلان شاھنىڭ قەسرى.

بەھرام بىلەن مەردان شاھ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ. مەۋلان
شاھ ئۇلارغا قاراپ پەندى-نەسىھەت تەلەپپۇزىدا سوزلەۋاتىدۇ:

— ئوغلۇم، مېنىڭ شىبىستان ئېلىنىڭ شاھى بىلەن
ئاشنىدارچىلىغىم يوق. سەن بولساڭ بۇ دۇنيادا بار-يوقى
بىرلا ئوغلۇمسەن، ئۇ جايغا بېرىش ئارزۇيۇڭدىن كەچ.

سارايدا تولۇن ئايدەك قىزلار بار. قايسىسنى خالىساڭ شۇنى ئېلىپ بېرەيمەن.

بەھرام: ئاتا، مېنى بۇ يولدىن توسماڭ.

مەۋلان شاھ: يولدا بىرەر خەتەرلىك ھادىسە كورۇلسە قانداق قىلىسلەر؟ مەن ئۇنىڭغا قانداق چىدايمەن؟

شاھنىڭ كوڭلى بۇزۇلدۇ.

بەھرام: خاتىرجەم بولغايسىز دادا، يېنىمدا مەردان بار ئەمەسمۇ، ئۇ ماڭا ھەرقانداق ئىشتا تاغدەك يار-يولەك بولىدۇ.

مەردانمۇ شاھنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يالۋۇرۇشقا باشلايدۇ:

— ئى كېرەملىك شاھ، ئاغىنەمنى مۇرادىغا يەتكۇزۇپ، دوستلۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىز.

مەۋلان شاھ باللارنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ، ساقلىنى سىپاپ ئويلىنىپ قالدۇ. بېشىنى ئاستا چايقىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەي... ئاتىنىڭ كوڭلى بالىدا، بالىنىڭ كوڭلى دالىدا! — دەيدۇ.

31

قۇدرەتنىڭ مېھمانخانا ئويى.

ئوي ئىچىدە قۇدرەت بىلەن ئوسمان بېشىنى يېقىن ئەكىلىپ، خۇپىيانە مەسلىھەت قىلىشماقتا. قۇدرەت تەرىنى سەتلەشتۇرۇپ، ئىشارەت بىلەن ئوزىنىڭ گېلىنى كورسىتىدۇ. ئوسمان چۇشەنگەندەك قىلىپ باش لىڭشىتىدۇ. ئوز ئىشلىرىدىن مەم-

نۇن بولغاندەك گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كۈلۈشۈپ بېشىنى
كوتىرىدۇ.

32

ئوردا سارىيى.

ھەممە ۋەزىر-ۋۇزرالار ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئوز ئو-رۇنلىرىدا ئولتۇرىدۇ؛ شاھ بولسا ئىگىز دىۋانىدا پۇتۇكچىگە قاراپ ئولتۇرىدۇ. پۇتۇكچى بولسا مەكتۇپ يېزىۋاتىدۇ؛ بەھ-رام بىلەن مەردان شاھنىڭ ئۇدۇلىدا قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. پۇتۇكچى مەكتۇپنى پۇتۇپ بولۇپ مۆھۈر بېسىپ شاھقا سۇنىدۇ. شاھ ئۇنى قولىغا ئېلىپ بىر قۇر كوز يۇگۈر-تۇپ چىقىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلايدۇ ۋە مەكتۇپ-نى مەردانغا سۇنۇپ:

— ناگىھان ياخشى كۇنلەرنىڭ يامىنى بولۇپ، ئەغيار ئېلىدە بىرەر پالاكەتچىلىككە مۇپتىلا بولساڭلا، مېنىڭ نامىم-دىن يېزىلغان مۇشۇ مەكتۇپنى شىبىستان شاھىغا سۇنۇڭلار.

بەھرام بىلەن مەردان: رەھمەت ئاتا!

مەردان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ شاھنىڭ ئالدىغا كې-لىپ، مەكتۇپنى ئىككى قوللاپ ئالىدۇ ۋە سويىدۇ، چىراي-لىق قاتلاپ سەللىسىگە قىستۇرۇۋالىدۇ. ئېھتىرام بىلدۇرۇپ ئارقىسىغا يانىدۇ.

33

شەھەر تەرەپتىن مەۋلان شاھ بىلەن بەھرام، مەردان

ۋە بىر توپ ئوردا ئەركانلىرى ئاتلارغا مىنىپ ھەيۋەت بىلەن چىقىپ كېلىدۇ. مەۋلان شاھ ئوغلانلىرىنى ئېلىپ كوۋ-رۈك ئۈستىگە چىقىدۇ. ئۇلار ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ شەھەر خەل-قىغە يۈزلىنىدۇ. ئاندىن مەۋلان شاھ ئايرىلىشقا كوزى قىي-مىغان ھالدا: خەير خوش، ئاق يوللۇق بولۇڭلار بالد-لىردىم،— دەپ ئىككىسىنى قۇچاقلاپ باغرىغا باسىدۇ.

34

يول. بەھرام بىلەن مەردان ئاتلىرىنى ئويىنىتىپ تو-قايلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدۇ.

35

يول. ئىككى ئاتلىق چول سەھرادا كېتىۋاتىدۇ.

ئالدى تەرەپتىكى تۈزلەڭدە بىردىنلا چاڭ-توزاڭ كو-تىرىلىپ كېتىدۇ. ئىگىز دوڭنىڭ ئارقىسىدىن قوللىرىغا قىلىچ ئالغان كىشىلەر، قىلىچلىرىنى باشلىرىدىن ئايلاندۇرۇپ، ئات-لىرىنى چاپتۇرۇپ چىقىپ كېلىدۇ. بۇ نىقاپلانغان قاراقچىلار ئىككى دوستقا قاراپ ئېتىلىدۇ. بىر قەپەز جىددى قىلىچۋاز-لىق باشلىنىپ كېتىدۇ.

مەردان گويا قاناتلىق قەھرىماندەك چىۋەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، قاراقچىلانى كەينى-كەينىدىن ئاتتىن موللاق ئات-تۇرىدۇ. بىر توپ قاراقچىلارنىڭ ئارىسىدا قالغان بەھرامنى ئۇچقاندەك كېلىپ قۇتۇلدۇرىدۇ ۋە ئىككىسى ئۇيۇق تەرەپكە قاراپ قېچىپ بارغانسىرى ئۇزاپ كېتىدۇ. قوغلاپ يېتىشەل-

مەيدىغانلىغىغا كۆزى يەتكەن قاراقچىلار توختاپ قالىدۇ. ئاتلىرىدىن يەرگە چۈشۈپ، نىقاپلىرىنى يېشىدۇ. شۇ چاغدا توپ ئالدىدىكى قاراقچىنىڭ قورغان بېگى ئوسمان ئىكەنلىگى نامايەن بولىدۇ. ئوسمان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئەلەم بىلەن: ۋەزىر ئەزەمنىڭ پەرمانى ئەمەلگە ئاشماي قالدى-دە، خەپ! — دەيدۇ.

36

قۇملۇق چول. يىگىتلەر قۇم بارخانلىرى ئىچىدە تەس-تە مېڭىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئەتراپلاردا ھېچقانداق ھاياتلىق بەلگىسى كورۇنمەيدۇ. شۇ چاغدا بىردىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ ۋال-ۋۇل چاقماپ چاقىدۇ. ئاز ئوتمەي شاقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلايدۇ. ئىككى دوستىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى چوپ-چوپ سۇ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار دوڭگە ياماشقاندا ياغۇر مولدۇرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. دوڭنىڭ نېرىسى تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئۇ يەردە قەدىمقى زامانلاردىن قالغان كونا قەۋرە گۈمبەز كورۇنۇپ تۇراتتى، يىگىتلەر ئاشۇ خىلۋەت گۈمبەزنى پانا تارتىپ ماڭىدۇ. ئۇلار گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ، قولىغا سايىۋەن تۇتۇپ ئولتۇرغان ئاقساقال بوۋايىنى كورىدۇ. ئىككىسى بوۋاي بىلەن سالام-سائەت قىلىپ كورۇشىدۇ.

بوۋاي: ھە، باللىرىم كېلىڭلار، كېلىڭلار. ئىنسان قەدىمى يەتمىگەنلى ئۇزۇن بولغان بۇ دەشتى چولگە ئېزىپ كېلىپ قالمىغانسىلەر؟ خوش، سەپىرىڭلار نەگە؟

بەھرام: بىز شىبىستان شەھىرىگە بارماقچىمىز بوۋا.

بوۋاي سەل ئويلىنىدۇ، ئاندىن:

— باللىرىم، خەتەرلىك يولغا مېڭىپسىلەر... لېكىن

سلەرنىڭ بۇ باتۇرلىغىڭلار مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. شۇڭا سىلەرگە بىر ياخشىلىق قىلاي.

بوۋاي قولىدىكى سايىۋەننى باللارغا ئۇزىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

— بۇ خاسىيەتلىك سايىۋەن، سىلەرنى ھەرقانداق خېيىم-خەتەردىن ئامان-ئېسەن ساقلاپ قالالايدۇ. ئاق يوللۇق بولۇڭلار... ئامىن!

باللار مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ سايىۋەننى قوبۇل قىلدۇ، بوۋايغا رەھمەت ئوقۇيدۇ.

37

ئىككى دوست تاغ جىلغىسى ئىچىدىكى قۇرۇپ قالغان دەريا ئېقىنى بىلەن يۇقۇرىغا ئورلەپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. يوغان قۇرام تاشنىڭ يېنىغا بارغاندا مەردانىنىڭ ئېتى ئالدى پۇتىنى كوتىرىپ قاتتىق كىشنەيدۇ. جىمجىت ياتقان تاغ ئىچى جاراڭلاپ كېتىدۇ.

جىلغا ئېغىزىنى توساپ ياتقان سۇرلۇك ئەژدىھا قاتتىق ئۇيقۇدىن چوچۇپ ئويغىنىدۇ. ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، جىلغا ئىچىگە قارىتىپ بوران پۈركۈيدۇ.

38

جىلغىدا قارا بوران چىقىدۇ. يىگىتلەر خاسىيەتلىك سايىۋەننى باش ئۈستىگە پانا قىلىپ بورانغا قارشى بىمالال مېڭىۋېرىدۇ. بوران كۈچىيىپ، ھەيۋە سېلىپ چىقىرايدۇ،

شىغىل تاشلار سايىۋەنگە كېلىپ ئۇرۇلدۇ. قارغايلار قاراسلاپ يىقىلدۇ. لېكىن ئەژدىھانىڭ بۇ چارىسى كارغا كەلمەيدۇ. ئىككىيلەن قەيسەرلىك بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ.

39

ئەژدىھا ئاغزىنى كويىقاپتەك ئېچىپ، يىگىتلەرگە قىپ-قىزىل ئوت چاچىدۇ. جىلغا ئىچى ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ.

40

ئىككى دوست سايىۋەننى ئوزلىرىگە پانا قىلىپ، چوغدەك قىزارغان قىلىچلىرىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئەژدىھاغا يېقىنلىشىپ كېلىدۇ.

41

ئەژدىھا قەھرى بىلەن تولغىنىپ، قۇيرۇغى بىلەن ئوزىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان باتۇرلارنى ئۇرىدۇ. باتۇرلار ئالدىغا تاشلىنىدۇ، ئەژدىھاغا قارشى شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىنىدۇ. ئۇلار قىلىچنى ھەربىر ئۇرغاندا خۇددى ھاۋا گۇلدۇرلىگەندەك ئاۋاز چىقىدۇ. جاھان ۋال-ۋۇل قىلغان ئوت ئىچىدە قالىدۇ. چوققىلار كۇكۇم-تالقان بولىدۇ. چاڭ-توپا كوتىرىلىپ، تاش پارچىلىرى ئاسمانغا ئۇچىدۇ. شۇ چاغدا مەردان ئەژدىھانىڭ ئالدىغا سەكرەپ چۇشۇپ، دەرغەزەپ بىلەن قىلىچ ئۇرىدۇ. دېڭىز شاقىرىغاندەك "شارر" قىلغان

سادا چىقىپ ئەژدىھانىڭ قوسىقى يېرىلىدۇ.

42

تاغ ئىچى دەريانىڭ قۇرۇپ كەتكەن كونا ئېقىنىغا بىردىنلا سۇ كېلىپ، ھەيۋەتلىك شاقىرايدۇ. قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالغان دەل-دەرەخلەر قايتىدىن كۆكىرىپ، گۈل-گىيالار باش كۆتىرىدۇ.

43

دەريا ساھىلى، كەچقۇرۇن.

ئىككى دوست تاغ چوققىسىدىكى ئوڭكۈر ئېغىزىدا گۈل-خان يېقىپ ئوت سۇنۇپ ئولتۇرىدۇ. بەھرام، دەريا تە-رەپكە قاراپ مەرداندىن سورايدۇ: بىزدىنمۇ ئىلگىرى بۇ جايلارغا كەلگەن كىشى بارمىكەن؟

مەردان: بار. مەن ئاڭلىغان. ئەمما ئۆزەم كېلىپ كور-مىگەن.

بەھرام: نىمە دەپ ئاڭلىغان ئىدىڭ؟

مەردان: بىر بوۋاي ماڭا بۇ توغرىلىق مۇنداق بىر قىزىق ھىكايىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

قەدىمقى زاماندا بۇ ئەتراپلار قالتىس گۈللەنگەن، باغۇ-ۋارانلىق گۈزەل شەھەر ئىكەن. يېزىلىرىدىكى زىرا-ئەتلەر، بىپايان دېڭىزدەك مەۋج ئۇرۇپ ئوركەشلەيدىكەن. خەلقى تىرىكچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، بۇ دەريانىمۇ تاردىم دەرياسى دەپ ئاتاشقان ئىكەن. بۇ ئەلنىڭ پادىشاسى

تەڭداشسىز كۈچلۈك ئىكەن. ھەر قېتىمقى ئۇرۇشتا ئوز ئەتراپىدىكى پادىشالارنى يېڭىپ، تەۋەسىنى كېڭەيتىپ، تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپتۇ. كەينى - كەينىدىن بولۇۋەرگەن يىغىلار ھەم بۇ زوراۋان پادىشانىڭ ئىنساپسىزلىقىدىن خەلق-نىڭ غەزىۋى تېشىپتۇ. خەلقنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلىغان تەڭرى، بۇ پادىشالىقنى بىراقلا چوكۇرۇپ يەرنىڭ ئاستىغا ئەكىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن تارىم دەرياسى پەيدا بولۇپ، خەلقى دەريا ئاستىدا ياشايدىغان بوپتۇ. شۇنىدىن تارتىپ كىشىلەر ئەسلى ئاۋات ماكان بولغان، كېيىن چۆل-جەزىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ جايلارنى "تەكلىماكان — تەكتى ماكان" دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

بەھرام قىزىقىپ يەنە سورايدۇ:

— بۇ دەريانىڭ ئاستىدىكى ئاشۇ گۈزەل شەھەرگە قانداق چۈشىدىكەن، سورىمىدىڭمۇ؟

مەردان ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

— بۇ دەريانىڭ تېگىدە بىر خاسىيەتلىك لەھەڭ بېلىق ياشايدىكەن. ئۇ قالتىس ھەيۋەتلىك ھەم چىرايلىق ئىكەن. كۆمۈشتەك قاسىراقلىرىدىن تال - تال نۇر چاچراپ تۇرىدى-كەن. شۇنىڭدەك ئۇ ئادەملەرگە تولىمۇ مېھرىۋان ئىكەن. ئۇ ناگان - ناگاندا دەريانىڭ ئۈستىگە ئۈزۈپ چىقار-مىش. شۇ چاغدا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ مىنەلىسەڭ، بىر شۇڭغۇپلا سۇنىڭ ئاستىغا ئېلىپ كىرىپ كېتىدىكەن. شۇ ئۈزگەنچە ئۇدۇل شېبىستان شەھرىگە ئاپىرىدىكەن.

بەھرام: ئۇنداق بولسا، بۇ خاسىيەتلىك لەھەڭنى بىزمۇ سەۋر تاقەت بىلەن كۈتۈشىمىز كېرەك ئىكەندە.

مەردان: ئەلۋەتتە. مۇھەببەت باتۇرلۇق، قەتئىيلىككىلا

ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سەۋرچانلىقتا، چىدام-غەيرەتكە تايىنىدۇ. مۇشكۇل خەتەرلەرنىڭ ئارقىسى بەخت بولىدۇ، بىزگە لەھەڭنى كۈتۈشتىن باشقا يول يوق. يامغۇر توختىدى، ئەمدى ئاتلارنى قويۇپ بېرەيلى. يۇرتقا كەتسۇن. ساق-سالامەت تارىم دەرياسىغا يېتىپ كەلگەن خەۋىرىمىز ئوردىغا يەتسۇن.

44

دەريا دولقۇنلىرى ئىچىدە.

ئىككى دوست قولۋاققا چۈشۈپ دەريانىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭىدۇ. قولۋاق دەريا دولقۇنلىرى ئىچىدە كېتىۋاتقاندا، قارشى تەرەپتىن شامال ئۇرۇپ بارغانسىرى كۈچىيىدۇ. ئاخىرى قارا بورانغا ئايلىنىپ، دەريا يۈزىدە شىددەتلىك دولقۇن ھاسىل قىلىدۇ. قولۋاق دۈم كۆمتۈرۈلۈپ، بارا-بارا چۆكۈپ كېتىدۇ. ئىككى دوست دولقۇنلار ئارىسىدا بىر چۆكۈپ بىر لەيلەشكە باشلايدۇ.

دەل شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ئالدىدا يوغان بىر لەھەڭ پەيدا بولىدۇ. ئىككى دوست ئېسىلىپ، ئۇنىڭغا مىنىدۇ. لەھەڭ بىر ھوكۇرەپ، ئىككى دوستنى دەريانىڭ ئاستىغا ئەكىرىپ كېتىدۇ.

45

دەريا ئىچىدە.

ئىككى دوست لەھەڭگە مىنىپ توۋەنگە قاراپ چۈشۈپ

كېتىۋاتىدۇ. كوچلۇك نۇر جۇلالىرى سۇ ئاستىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئۇلارنى يورىتىدۇ ۋە لەھەڭ ئۇستىدە چاقناپ كوزىنى قاماشتۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئالدىدا تاغلار، ئوگزىلىرى ئالتۇندىن، تاملىرى مەر-مەردىن ياسالغان بىنالار، گومبەزلەر، ھەيۋەتلىك راۋاقلار كورۇنىدۇ. دەل شۇ چاغدا، شىبىستان شەھرىنىڭ دەرۋازىسىنى قوغدايدىغان قارا كىيىملىك قاراۋۇللار ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئىككى دوست دەرۋازا ئالدىدا لەھەڭدىن يەرگە چۇشۇپ بۇ يوگۇرۇشۇپ كېلىۋاتقان قاراۋۇللار بىلەن ئېلىشىدۇ. قاراۋۇللارنى قوغلىغان پېتى دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

## 46

شىبىستان شەھرى.

بەھرام بىلەن مەردان بازارنى ئارىلاپ كېتىپ بارىدۇ. زىبۇ-زىننەت ۋە ئىسىل گەزلىمىلەر بىلەن لىق تولغان دۇكانلارغا زوقمەنلىك بىلەن قارىشىدۇ.

كوچىدا بىر ئەرباپ پەيتۇن بىلەن ماڭىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۇرىدۇ. بىر توپ بالىلار پەيتۇننىڭ ئارقىسىدىن يۇگۇرىشىدۇ. ئەرباپ بالىلارغا قارىتىپ كومۇچ تەڭگىلەرنى چېچىۋېتىپ يولىغا راۋان بولىدۇ. بالىلار خوشال بولۇشۇپ تېرىشىدۇ.

ئىككى دوست ھەر خىل ئويۇن-تاماشىلارغا مەلىكە بولۇپ مېڭىۋېرىپ، شەھەرنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ قالىدۇ. بوستانلىق بىر كوچا بىلەن مېڭىپ ئايرىم تۇرغان بىر

قوراغا دۈچ كېلىدۇ. مەردان: كونىلار، يول سورىماي يول ماڭما دېيىشىدۇ. مۇشۇ قوراغا كىرىپ بىر سوراپ باقايلى.

ئىككىسى گۈلزارلىق هويلا بىلەن مېڭىپ ئۆيىنىڭ ئىشىگىگە يېقىنلاشقاندا ئۆيدىن چاچلىرى ئۇچىتەك ئاقارغان دانىشخان چىقىدۇ. بالىلارنىڭ تۇرقىغا سەپسىلىپ چىقىپ، مېھرىۋانلىق بىلەن ئۆيىنى كورسىتىپ:

— مەرھەمەت، ئۆيگە كىرىڭلار بالىلىرىم، — دەيدۇ.

47

دانىشخاننىڭ ئاددى ئۆيى.

ئىككى دوست تۆرگە سېلىنغان يۇمشاق كورپە ئۈس-تىدە ئولتۇرىدۇ. داستىخان تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلەر بىلەن تولغان. دانىشخان: قېنى مەزىگە باققاچ ئولتۇرۇڭلار، ئۇزا-يىڭلاردىن قارىغاندا خېلىلا يىراق جايدىن كەلگەندەك قى-لىسىلەر، هارغانسىلەر-ئاچقانسىلەر، ئېلىڭلار بالىلىرىم. مەردان: شۇنداق موما، بىلىمىزنى سەپەر كەمىرىدە باغلاپ، مۇھەببەت سەھراسىنى ئارىلاپ كېلىۋاتىمىز. دانىشخان: ئاشىققا باغداتمۇ يىراق ئەمەس. مۇھەب-بەت دەشتىدە سەرسانە، پىراق ئوتىدا ۋەيرانە يىگىتلەر ئىكەنسىلەردە.

بەھرام: شۇنداق موما، بىزگە شەپقەت قولىڭىزنى سۇنغايسىز.

دانىشخان: قولۇمدىن كەلگەن ياخشىلىقىمنى سىلەردىن ئايىمايمەن.

مەردان: مۇبارەك شەھرىڭىزدە بىر پەرىزات بار دەپ ئاڭلىدۇق، شۇ مەلىكىنى پانا تارتىپ، ئىشىق تاغلىرىنى زىمىمىزگە ئارتىپ كې-لىۋېدۇق، دىدارىنى كورۇشكە نېسىپ بولارمۇ؟

دانىشخان: ھەم، شەھىرىمىزنىڭ پاسىبانى ھارۇن ئاتلىق غەزەپكار پادىشا، ئۇنىڭ دۇنيا، زېمىنلىرى شۇنچە كەڭتاشا، شاھىمىزنىڭ بۇ دۇنيادا كورگەن پەقەت بىرلا قىزى بار. ئۇنىڭ ھۆسنى-جامالى ئالدىدا ئاي خىجالەتتۇر. شاھىمىزنىڭ باللىرى تۇرمىغاچقا بۇ ئاجىزەنىڭ ئىسمىنى ئايتۇرسۇن، دەپ قويغان ئىدى. پادىشاھىمىز بۇ پەرزەندىـ نى ئوز جېنىدىنمۇ ئېزىز كورىدۇ. شۇڭلاشقا 228 قاراۋۇل ئۇنى ياتلاردىن كېچە-كۇندۇز قوغداپ تۇرىدۇ.

بەھرام: بۇ قاراۋۇللار ئارام ئالمامدۇ؟

دانىشخان: بىر كېچە كۇندۇزدە ئىككى قېتىم ئارام ئالىدۇ. ئۇلار ئارام ئېلىشقا كەتكەندە ئايتۇرسۇن يالغۇز قالىدۇ. چىۋەرلىك قىلالىساڭلار، ئوردا ئىچىگە شۇ چاغدا كىرە-لەيسىلەر. مەلىكىنىڭ ئايجامالىنى كورەيسىلەر.

مەردان: قاراۋۇللار قايسى ۋاقىتلاردا ئارام ئالىدۇ؟

دانىشخان: بىر قېتىمقىسى كۇن پاتقاندىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە، يەنە بىر قېتىمقىسى سەھەر باش توخۇ چىللىغاندىن تارتىپ، توخۇ ئۇچىنچى قېتىم چىللىغىچە بولغان ئارىلىقلاردا ئارامگاھقا قايتىپ كېتىدۇ.



شېبىستان شەھىرى، قاش قارايغان چاغ.

ئىككى دوست باراقسان كوچا بىلەن ئوردا تەرەپكە قاراپ كېتىپ بارىدۇ. ئەتراپ سۇرلۇك ۋە تىمتاس. ئۇلار ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، خىرىس قىلىپ ئولتۇرغان بىر جۇپ شىر ھەيـ كىلىنى كورىدۇ. ئىككى دوست دەرۋازىغا قاراپ قەدەم

تاشلىشى بىلەن بۇ شىر ھەيگەللەرگە جان كىرىپ مىدىر-لايدۇ. بىردىن سەكرەپ چۈشۈپ، بۇ يات كىشىلەرگە ئېتى-لىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر قەپەس جىددى جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ. يىگىتلەر چەبدەسلىك بىلەن شىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئوردىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىدۇ.

49

ئوردا ئىچىدە.

ئوردا ھەرىمىنىڭ يوللىرىغا ئوتقاشتەك يېنىپ تۇرغان چىرايلىق پاياندار سېلىنغان. ئالتۇن تۈۋرۈكلەرگە بىللور شامدان ئېسىلغان. ھوجرا سالاسۇنلىرى ياقۇتتىن، پەلەمپەي-لىرى مەر-مەردىن ياسالغان. ئىشىكلىرى ئۇلۇغ ئېچىۋې-تىلگەن.

ئۇلار گۈللۈك قوش قاناتلىق ئىشىككە يېتىپ بارىدۇ. مەردان بەھرامغا ھويلىنىڭ ئىچىنى كورسىتىپ تۇرۇپ جىكىيدۇ:

— بىزنىڭ بۇ ئوردىغا مۇۋەپپەقىيەت بىلەن كىرىپ، پەرىزات بوسۇغىسىدا پەيدا بولۇشىمىز ئاخىرقى بەخت ھىساپلانمايدۇ. ئىش ناھايىتى مۇشكۇل، پەرىزاتنى كورگەن چېغىڭدا يېنىپ چىقىشنى ئىللا-بىللا ئۇنتۇپ قالما.

بەھرام: ماقۇل.

بەھرام ئالدىراپ، بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئوتۇپ ھويلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

50

ئايتۇرسۇن تۇرىدىغان مەخسۇس قەسىرە بەھرام قەسىرگە كىرىشى بىلەن تەڭ باغنىڭ ئىچكىرىسىدىن قىزلارنىڭ سوز-كۇلكىلىرى ئاڭلىنىدۇ. بەھرام دەرھال گۇللەرنىڭ ئارىسىغا موكۇنۇۋالىدۇ. كۇلكە ئاۋازى يېقىنلىشىدۇ. مەلىكە بىر توپ كېنىزەكلەرنىڭ ھەمرالىغىدا شىپاڭغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. شۇ چاغدا كېنىزەكلەردىن بىرسى:

— مەلىكەم، بۇگۇن ناھايىتى چارچاپ كەتتىلە. ئەمدى بىر دەم ئارام ئالسىلا،— دەيدۇ ۋە ئۇنى ھەرەمخانىسىغا ئەكىرىپ قويۇپ، ئوزلىرى كۇلكە-پاراڭلار بىلەن چىقىپ كېتىشىدۇ.

51

قىزلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بېسىققاندىن كېيىن، بەھرام گۇللەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ قەسىرنىڭ ئوچۇق تۇرغان دەرىزىسى ئالدىغا كېلىدۇ. بىر تال گۇلنى دەرىزىنىڭ ئىچىگە ئاتىدۇ.

ئايتۇرسۇن ئايۋانغا چىقىپ بىردىنلا ئاشىقى بەھرامنى كورىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا يۇگۇرىدۇ.

52

دەل شۇ پەيتتە قاراۋۇللارنىڭ باشلىقى بىر نەچچە جىسەكچىنى ئارقىسىغا سېلىپ، ھەيۋەت مېڭىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئايتۇرسۇننىڭ قەسىرگە كىرىشى بىلەن ئايۋاندا قۇچاقلىشىپ تۇرغان ئاشىق-مەشۇقنى كورۇپ قالىدۇ. قاراۋۇل

باشلىغى جىسەكچىلەرگە توۋلاپ بۇيرۇق قىلىدۇ.
— تۇتۇڭلار!
جىسەكچىلەر بوردەك ئېتىلىپ بېرىپ بەھرامغا تاش-لىنىدۇ، جىددى ئېلىشىشتىن كېيىن، بەھرامنىڭ قوللىرى قايرىلىپ باغلىنىدۇ.

53

يەر ئۈستى. مەۋلان شاھنىڭ ئوردا دەرۋازىسى كو-رۈنىدۇ. ساۋۇت كىيىپ، نەيزە تۇتقان ياساۋۇللار ئىككى قاناتتا تىك تۇرۇپ ۋەزىپە بېجىرمەكتە.
ئۇلۇق ئېچىلغان ئوردا دەرۋازىسىدىن قۇدرەت بىلەن ئوسمان كورۈنىدۇ. ئۇلار پاراڭلىشىپ سىرتقا چىقىشى بىلەن تەڭ ئالدىغا بەھرام بىلەن مەردانىنىڭ ئاتلىرى يېتىپ كېلىدۇ. ئوسمان ئاتلارنى كورۇپ چوچۇپ كېتىدۇ ۋە:
— بۇ نىمە ئىش. ئاتلار يېنىپ كەپتۇ، ئىگىسى يوق. هەي...ھېلىقى قاراقچى شاھزادىنىڭ بېشىغا چىققان ئوخشىمامدۇ؟
قۇدرەت: ئۇنداق بولسا قالتىس ياخشى ئىش بولاتتى.
ئوسمان: شاھنىڭ ۋارىسى ئەمدى ئوزلىرى، ھورمەتلىك ۋەزىرىم.
قۇدرەت: ھەر مىۋىنىڭ ئوز مەۋسۇمى بار.
ئوسمان: شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان.
قۇدرەت: ھازىرچە بۇ ئاتلارنى ئات باقارغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، جىكىپ ئېيتىڭلاركى، قاچۇرۇپ قويمىسۇن.
ئوسمان: خوپ.

54

شىبىستان شەھرىدىكى قاراڭغۇ زىندان.
كىيىملىرى تىتىلىپ، يۈزلىرىگە قان داغلىرى ئۇيىغان بەھرام. زىندانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا پەنجىرىگە قاراپ ياتىدۇ.

55

يەر ئۈستى. مەۋلان شاھ ئوردىسىدىكى ئاتخانا. رىھىم-قۇل ئىككى ئاتنىڭ ئالدىدىغا بىدە بىلەن قوناق تۆكۈدۇ. بىراق ئاتلار بوغۇزنى يېمەي، تالا تەرەپكە قاراپ، قۇلاق-لىرىنى دىڭ تۇتقىنىچە كىشنەپلا تۇرىدۇ.

56

ھارۇن شاھنىڭ سارىيى.
شاھ غەزەپ بىلەن ئىككى مۇشتۇمىنى بېقىنىغا تىرە-گەن ھالدا پەشايۋانغا چىقىدۇ:
— جاللات! — دەپ توۋلايدۇ.
بىر توپ جاللات ھازىر بولىدۇ.
ھارۇن شاھ ئۇلارغا پەرمان قىلىدۇ:
— قىزىمنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرگەن ھېلىقى گۇناھ-كارنى دار ئاستىغا ئاپىرىڭلار!
جاللاتلار: باش ئۈستىگە!

57

شەھىرى شىبىستاننىڭ جازا مەيدانى.
قەسىر سىرتىدىكى تۈزلەڭلىكتە دار ئورنىتىلغان. دار

ئەتراپىدا قارا كىيىملىك، قوللىرىغا يالىڭاچلانغان قىلىچ ۋە ئايپالتا تۇتقان جاللات ۋە لەشكەرلەر كىرپىكتەك سەپ تارتىپ تۇرىدۇ.

58

جازا مەيدانىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى قەسىرگە تۇتاشقان يول. يولنىڭ ئىككى قاسنىقى شەھەر ئاھالىسى بىلەن تولغان.

بىر توپ لەشكەرلەر بويىنىغا قوۋۇق سېلىنغان بەھرامنى يالاپ دار تەرەپكە ھەيدەپ كەلمەكتە. بەھرامنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، رەڭگى سامانەك سارغىيىپ كەتكەن.

59

جازا مەيدانىنىڭ غەربىي تەرىپى. زىننەتلەنگەن سەھنە.

ھارۇن شاھ ساراي ئەرباپلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنبەردىكى قاپلان تېرىسىدە قاپلانغان دىۋانغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. شاھنىڭ كۆزى يولدا كېلىۋاتقان بەھرامغا تىكىلىدۇ. غەزەپتىن رەڭگى ئۆچۈپ ساقاللىرى دىرىلدەپ تىترەشكە باشلايدۇ. ئالدىغا ئىگىشكەن چاغدا، قولى دىۋانغا يۆلەگلىك تۇرغان ھاسىسىغا تېگىپ كېتىدۇ. ھاسا سەھنىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

60

مەۋلان شاھ ئۇردىسىنىڭ ئاتخانىسى.

ئوقۇرغا باغلاپ قويۇلغان ئاقبوزئات تالادىن كوز ئۈزمەي، تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرىدۇ. ئاتباقار رېھمەتۇل ئوقۇر يېنىغا كېلىپ بوغۇزنىڭ شۇ پېتىچە تۇرغىنىنى كورىدۇ؛ رېھمەتۇل ئىچ ئاغرىتقان ھالدا ئاتنىڭ قاپ - قارا كوزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرىدۇ. ئاتنىڭ ساغرىسى ۋە قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ سوزلەيدۇ: بوغۇز بەرسەم يىمەيسەن، كوزۇڭ تالادىلا تۇرىدۇ. سېنىڭ ھالىڭغا قاراپ مېنىڭمۇ ھالىم كۇنسېرى ئوساللىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

61

شېبىستاننىڭ جازا مەيدانى.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە، مەھبۇسقا قاراپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ھەر خىل قىياپەتلىرى نامايەن بولىدۇ.

دانىشخان يول بويىدا تۇرۇپ، رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كوز يېشىنى سۇرتىدۇ.

ئادەملەر دېگىزى ئىچىدە شاھزادىلەرچە ياسانغان مەردان پەيدا بولىدۇ. ئۇ توپنىڭ ئىچىدىن بوسۇپ، ئالدىغا چىقىپ كېلىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا تەئەججۇپ بىلەن قارىشىدۇ.

62

جازا مەيدانى.

بەھرام دار ئاستىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ.

جاللات باشلىغى بىر نەچچە قەدەم ئالدىغا چىقىپ، ھارۇن شاھ، ئولتۇرغان سەھنە تەرەپكە قاراپ، سالام قىلـغاندىن كېيىن:

— ئۇلۇغ شاھىنشاھ، شۇ سائەت، شۇ دەقىقىدە بۇ جىنايەتكارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشقا ئەمىر قىلـغايسىز! — دەيدۇ.

63

يەر ئۈستى. ئوردا بېغىدىكى دەرەخزارلىق، مەۋلان شاھ شىپاڭ ئەتراپىدىكى خۇش بۇي گۇللەرنى ئارىلاپ يۈرىدۇ. قۇدرەت تار يولدىن، بىر نەچچە ئاخۇنۇمنى باشلاپ چىقىپ كېلىدۇ. شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم بىجا كەلتۈرىدۇ. ئۇ-لارغا قاراپ تۇرغان شاھ، بېشىنى لىڭشىتىپ جاۋاپ سالام قىلىدۇ.

ئاقساقاللاردىن بىرى: بىمەھەل چاغدا كېلىپ شاھىمىز-نىڭ كوڭلىنى مالال ئېتىدىغان بولدۇق.

مەۋلان شاھ: خوش، نىمە ئىش بولدى؟

قۇدرەت خىجالەتچىلىك ئىچىدە:

— بۇ گەپنى قىلىشقا تىلىم كويىدۇ.

مەۋلان: نىمە گەپ؟ ئېيتىڭەر.

قۇدرەت يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، كېكىرتەكىنى قىرىپ:

— ھىلىقى ناتونۇش قاراقچىغا شاھزادىمىزنى قوشماس-لىقنى ئۆزلىرىگە تەكرار تەۋسىيە قىلغان ئىدۇق. بۇگۈن ئۇ شاھزادە بەھرامنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ.

مەۋلان ھەيران بولۇپ: ھە، قانداق ئاساس بار؟ قۇدرەت يىپىنىڭ ئىچىدىن بەھرامنىڭ قامچىسىنى چىقىرىپ، شاھقا ئۇزىتىدۇ.

— ھە... بۇ نىمە ئىش؟! — مەۋلان شاھنىڭ بېشى قېيىپ كوزى قاراڭغۇلىشىدۇ. باشقىلار ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپ كېتىدۇ.

64

جازا مەيدانى.

جاللات باشلىغى جاللاتلارغا قاراپ ۋاقىرايدۇ:

— ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ نامىغا داغ تەككۈزگەن جىنايەتچى دارغا ئېسىلسۇن!!!

مەيداندىن گۇرۇلدىگەن تەشۋىش ساداسى كوتىرىلىدۇ. جاللاتلار بەھرامغا بوردەك يېپىشىدۇ.

65

جازا مەيدانى.

مەردان شۇ چاغدا توپنىڭ ئىچىدىن مەيدانغا سەكرەپ چۇشۇپ، سەھنە تەرەپكە قاراپ توۋلايدۇ:

— دات، پادىشايى ئالەم!

پۇتكۇل خەلق بۇ ياش يىگىتكە تىكىلىدۇ. ھارۇن شاھ ئالدىدىكى بۇ ناتونۇش يىگىتنى كورۇپ، جاللاتلىرىغا قولى بىلەن "توختاڭلار" دەپ ئىشارەت قىلىدۇ.

مەردان يۇگۇرۇپ مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. پادىشانىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، قولىنى كوكسىگە ئېلىپ، تازىم بىجا كەلتۇرىدۇ.

ھارۇن شاھ: ھە، قانداق دادۇ - ئەرزىڭ بار ئىدى؟

مەردان: شاھلارنىڭ شاھى، ئى كېرەملىك شاھ، قايسى مىزان، قايسى قامۇستا ئەلچىگە ئۆلۈم بار، دەپ يېزىلغان ئىكەن؟

ھارۇن: بۇ جەھەتتىن كوڭلۇڭ توق بولسۇن. ھېچقانداق يەردە ئەلچىگە ئۆلۈم يوق.

مەردان: ئانداق بولسا مەن ئەرزىمنى بايان قىلاي. بىز يەر ئۈستىدىكى مەۋلان شاھنىڭ شاھزادىلىرى بولمىش سۈيتىمىز بىلەن ئالىلىرىنىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە كەلگەن ئىدۇق، لېكىن بىز شەھىرى شىبىستاندا ئوردا قاراۋۇللىرىنىڭ سوغاق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدۇق. ئۇلار بىزگە بوھتان چاپلاپ ئاھانەت قىلدى. ئى، ھورمەتلىك شاھ بۇ ئەرزىمنى لىللا سورىغايسىز، ئاتام ئەۋەتكەن ئۇشبۇ مەكتۇپنى قوبۇل قىلغايسىز.

ئۇ، مەۋلان شاھ يېزىپ بەرگەن مەكتۇپنى سەللىسىنىڭ قېتىدىن ئېلىپ ئىككى قوللاپ، ھارۇنغا تۇتىدۇ.

نەۋكەرلەردىن بىرسى كېلىپ، مەردانىنىڭ قولىدىكى خەتنى ئالىدۇ. ئاپىرىپ مىرزىغا بېرىدۇ. مىرزا ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ:

"ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شاھلارنىڭ شاھى، شەھىرى شىبىستاندىكى ئەلنىڭ پاناھى، سالامدىن سۇڭرە، كەمىنىلىرى ئوزلىرى بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىشنى، خەلقلىرىمىزنىڭ بېرىپ - كېلىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇشنى، شۇ يول بىلەن ئورتاق گۈللىنىشنى ئارزۇ قىلار ئىدىم. بۇگۈن پۇرسەت يېتىپ شاھزادىلىرىمنى ھوزۇرىڭىزغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتىم..."

ھارۇن بۇ مەكتۇپقا ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا تاقەت قىلالماي "جاللات!" دەپ توۋلايدۇ ۋە خالايىققا قاراپ:

— بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى يالغان! مېنىڭ قاراۋۇللى-
رىمغا بوھتان چاپلاندى. پەرمانىم ئىجرا قىلىنسۇن!
جاللاتلار بەھرامنى دەرھال دارغا ئاسىدۇ.

66

جازا مەيدانى. ئادەملەر مەيداندىن تارقىغان.
بەھرامنىڭ ئۆلۈگى يەردە ياتىدۇ. مەردان بەھرامنىڭ
بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرىدۇ.
يىراقتا بىر قارا كولەڭگە پەيدا بولىدۇ. كولەڭگە بار-
غانسېرى مەردان تەرەپكە سىلجىپ كېلىدۇ.

67

ھىلىقى كېلىۋاتقان كولەڭگە يېقىنلىشىدۇ. ئۇ دانىشخان
موماي ئىدى. دانىشخان مەرداننىڭ قېشىغا كېلىپ بېشىنى
سىلايدۇ:
— سەۋر قىل ئوغلۇم، خان شەپقەتسىز بولسا خەلقنى
غەم باسىدۇ. جۈرئەتلىك بول.
مەردان: ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ يول كۆرسەت موما.
دانىشخان: ئەمدىكى يول تولىمۇ خەتەرلىك.
مەردان: دوستۇم ئۈچۈن ھەر قانچە خەتەرلىك يول
بولسىمۇ مېڭىشقا رازىمەن.
دانىشخان: مەلىكىنىڭ قولىدا بىر خاسىيەتلىك ئەڭ-
گۈشتەر بار، شۇنى ئېلىپ كېلەلىسەڭ ئاغىنەڭ بىلەن قايتا
دىدار كۆرۈشىسەن.

مەردان: ئۈنى قانداق ئېلىشقا بولىدۇ؟
دانىشخان: مەلىكە مۇشۇ كۈنلەردە قاتتىق كېسەل ئازاۋى تارتىۋاتىدۇ. خانىش بۇ ئاززۇلۇق قىزىنى ئاغرىق ئازاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن شەھەرمۇ-شەھەر جاكاچى چىقىرىپ، لوقمان، ھاكىملارنى چاقىرىپ كەلدى. لېكىن دورىسى كار قىلماي، ھېچقايىسى ساقايتالمىدى. ئاقىۋەت خانىش: كىمەرسىكى قىزىمنىڭ رەنجىگە شىپالىق تاپالىسا، مەيلى ئۇ شاھزادە بولسۇن، مەيلى ئۇ غېرىپ-غۇرۋا بولسۇن، پۈتۈن ۋەجى تەئەللۇقاتىمنى ئىنئام قىلىمەن، شىپالىق بېرەلمىسە ئۆزىنى دار ئاستىدا كورسۇن، — دەپ جاكاقىلدى. مەلىكىنىڭ يۈرۈگىگە ئىشىق چوغى چۈشۈپ، بەدەنلىرىنى ئۆرتەۋاتىدۇ. ئۇ ئىشىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. سەن ئاغىنەڭنىڭ بۇ گۈلتاجىسىنى ئاپىرىپ ئۈنىڭغا كورسەتسەڭ، شىپالىق تېپىپ ساقىيىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

مەردان بەھرامنىڭ سەللىسىدىن گۈلتاجىنى ئېلىپ قوينىغا تىقىدۇ ۋە موماىغا قاراپ:

— مېھرىۋان موما، مەن يېتىپ كەلگىچە ئاغىنەم سىزگە ئامانەت، يالغۇز تاشلاپ قويمىغايسىز. قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كەتمىسۇن.

دانىشخان رازىلىق بىلدۈردۇ.



شېبىستان شاھىنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىسى.

مەردان ئېچكىركى قورا بىلەن تاشقىرقى قورانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پېشايۋاندا باش كېنىزەك گۈلزەپەر بىلەن

سوزلىشىپ تۇرىدۇ.

گۇلزەپەر: نى - نى شاھـزادە، بەگزادىلەر، ھاكىم ھوكۇما، قۇرئاندازلارمۇ مەلىكىمىزگە شىپالىق تاپالماي، كاللىسى تېنىدىن جۇدا بولدى. ھەي ساددا يىگىت، ئەجدىھا ئالدىغا بارىمەن دىمە بارساڭ ھايات قالىمەن دىمە.

مەردان: مېنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇنچىم يوق، لاچىن ئۇچسا قوندىغى قالىدۇ، چىنار يىقىلسا كوتىكى. خانىشىنىڭ ئوز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى قانچىلىك ئىكىن سىناپ كورەي.

گۇلزەپەر: سىنىڭمۇ ئولگۇڭ كەپتۇ - دە، يۇر. ئارقا قورانى بىر ئايلىپ چىقىپ ئاندىن پاراڭ قىلىشايلى.

69

ئوردىنىڭ ئارقا قوراسى.

بۇ يەردە ئادەم بېشى دوۋە - دوۋە بولۇپ ياتىدۇ. بۇنى كورۇپ مەرداننىڭ يۇرىگى ئاغىدۇ. لېكىن، يەنە ئوزىنى دېدىل تۇتىدۇ. گۇلزەپەر ئۇنىڭ تاتارغان چىرايىغا سىنچى كوزلىرى بىلەن سەپ سېلىپ قاراپ كۇزىتىدۇ، ئاندىن:

— كوردۇڭمۇ شاھ ئوردىسىدا شۇنچە ئادەملەر ئولدى.

مەردان: بورىدىن قورقساڭ ئورمانغا كىرمە، دەپتىكەن. باش كېتىشتىن قورقۇپ ئارقىغا يېنىش نامەردلىكتۇر.

گۇلزەپەر: ئەمىسە مەرھەمەت!

قەسىرگە كىرىش ئىشىكىگە بارغىچە ئاردىلىقتىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە 70 تىن 140 جاللات يالاڭاچلانغان قىلىچلىرىنى چەپىراس تۇتۇپ تۇراتتى. مەردان سەپ بولۇپ تىزىلغان جاللاتلارنىڭ قولىدىكى قىلىچلارنىڭ ئارىسىدىن

ئايتۇرسۇننىڭ ھەرىمى تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

70

يەر ئۈستى جەمجەمت كېچە.

مەۋلان شاھ ئوردىسىدىكى كېنىزەك زۇلخۇمارنىڭ ھوجىرىسى. ئۇنىڭ قارا چاچلىرى، ياستۇق ئۈستىگە يېيىلغان، ئۇ قاتتىق ئۇيقۇدا. دەرىزىدىن چۈشكەن ئاي نۇرى ئۇنىڭ رۇخسارىنى يورىتىدۇ. زىناقلىرىدا كۈلكە ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ. ئۇ چۈش كورۇۋاتىدۇ.

71

زۇلخۇمارنىڭ چۈشى.

رەڭگا - رەڭ كېپىنەكلەر پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن گۈللۈك ئىچىدە مەردان بىلەن زۇلخۇمار ئۇچرىشىپ قالىدۇ.

مەردان زۇلخۇمارنى باغرىغا باسىدۇ.

زۇلخۇمار شىرىن چۈشىدىن ئويغىنىدۇ. يۈرىگىنى تۇتۇپ ئىشىك تەرەپكە تەلمۈرىدۇ.

شۇ چاغدا ھوجرىنىڭ ئىشىگى قىيا ئېچىلىدۇ. قۇدرەت ئاستا كىرىپ كېلىدۇ.

— ئىي، گۈزەل قىز، ئىشقى خەنجىرىڭ يۈرىگىمنى مىڭ پارە قىلدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئوتىڭدا كويگىنىمنى بىلمىدىڭ.

زۇلخۇمار كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ:

— بۇ قانداق ئۇياتسىزلىق، يېرىم كېچىدە بۇ ھەرەمخانىدا نېمە بار؟

قۇدرەت: ماڭا رەھمىڭ كەلسۇن، ھالىمغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مېنى رازى قىلساڭ مەن ساڭا ئالتۇن تاۋاقتا ئاش ئىچكۈزىمەن.

زۇلخۇمار: ماڭا ئالتۇن تاۋاقلىرىڭ كېرەك ئەمەس، سېنىمۇ رازى قىلالمايمەن.

قۇدرەت: ھەي، ياخشىلىقچە ئۆزەڭنى ماڭا تەقدىم قىلساڭ قىلدىڭ، بولمىسا زورلۇق بىلەن سېنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالىمەن.

زۇلخۇمار دەرىزە ئالدىغا بارىدۇ. غەزەپ بىلەن قۇدرەتكە بىگىز قولىنى سانجىپ تۇرۇپ سوزلەيدۇ:

— سەن ئۆزەڭنىڭ نەپسانىيىتىڭنى قاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئاقكوڭۇل قىزلارنىڭ مۇھەببەت گۈللىرىنى غازاڭ قىلدىڭ. مەن ئۆزەمنى ئۆلتۈرۈپ مۇھەببەت گۈلۈمنى ئېچىلدۇرماي توزىتىۋېتىمەنكى، ساڭا خار بولمايمەن.

قۇدرەت غەزەپ بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ. قوللىرىنى كېرىپ، دۈگجۈپ ئالدىغا ماڭىدۇ. زۇلخۇمارنى قۇچاقلاپ كارۋاتقا باسماقچى بولىدۇ، كۈتمىگەن يەردىن زۇلخۇمار بىر يۇلقۇنۇپ ئۇنىڭ قولتۇغىدىن شۇڭغۇپ كىسىرىدىپ ئارقىسىدىن چىقىدۇ. قودرەت كەينىگە ئۆرۈلۈپ بولغىچە زۇلخۇمار ئىشىكتىن چىقىپ قاراڭغۇ تۈن قوينىدا غايىپ بولىدۇ.



شېبىستان شەھىرى. ئايتۇرسۇننىڭ ھەرەم خانىسى.

ئايتۇرسۇن چۈشەك ئۈستىدە بەھرامنىڭ گۈل تاجىسىنى

باغرىغا بېسىپ خىيالغا چوكىدۇ. مەردان بولسا ئۇنىڭ ئۇدۇ-لىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دەيدۇ:

— ئۇ قەدىردان دوستۇمنى دادىڭىز بىھۇدە دارغا ئاستى. دوستۇمنى قۇتقۇزۇش يولىدا تىرىشتىم. بىراق يالغۇز بولغان-لىغىم ئۈچۈن دار ئالدىدىن قۇدۇلدۇرالمىدىم.

ئايتۇرسۇن قايغۇرۇپ ياش توكۇپ:

— ئاھ بەھرام ......! — دەيدۇ. شۇ چاغدا گۇلزەپەر ھەرەم خانىغا كىرىپ ئىككىسىگە تازىم قىلغاندىن كېيىن:

خانىش ئالىيلىرى ئۇزلىرىنى ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلىدۇ، دەيدۇ.

مەردان گۇلزەپەرگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

73

خانىش قەسرى.

مەردان بىلەن گۇلزەپەر قەسىر ئالدىغا كېلىدۇ. شۇ چاغدا نەقىشلىك ئىشىكنىڭ بىر قانىتى ئېچىلىپ ئىچكىرىدىن كېنىزەك قىز چىقىدۇ. ئۇ پەردىنى قايرىپ تۇرۇپ قەسىر ئىچىگە:

— شىپاگەر تېۋىپ كەلدى! — دەيدۇ.

مەردان قەسىرگە كىرىدۇ. گوزەل خانىش قەسىرنىڭ توردە ماۋۇق تەكىيىگە يولىنىپ ئولتۇراتتى. مەردان پەگادا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلەن ئېگىلىپ سالام بىرىدۇ.

خانىش ئۇنى ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئالىدۇ.

خانىش: جانابىڭىز مېنىڭ ئاغرىق ئازاۋىدىن زەپىرەڭ-دەك بولۇپ قالغان قىزىمنى قىزىل گۇل ھالىتىگە كەلتۇر-دىڭىز. ماڭىمۇ قايتىدىن ھايات بەخش ئەتتىڭىز. سىزدەك

بىر كامىل تېۋىپقا مۇيەسسەر بولغىنىم ئۈچۈن خوشالمەن. قېنى، قانداق تەلىۋىڭىز بار، ئېيتىڭ.

مەردان: مېنىڭ دولەتتىن، ئەمەلدىن تامايىم يوق. پەقەت مەلىكە بىلەن ئۈچ كۈن بىللە تاماشا قىلىپ، ئەجىر چەشمىسىدىن ئارزۇ گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇشۇمغا ئىجازەت ئەتكەيسىز.

خانىش: تېۋىپىنىڭ تەلەپلىرى بىجا كەلتۈرۈلسۇن، بارلىق ئىمكانلار يارىتىپ بېرىلسۇن!

كېنىزەك: باش ئۈستىگە، ئالىلىرى.

## 74

شىبىستان شاھىنىڭ ئوردىسى.

ئايتۇرسۇن بىلەن مەردان ئويناپ تۇرغان شاش ئارغىماقلارنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ، ئوردا دەرۋازىسىدىن شامالدەك تېز ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ.

## 75

مەۋلان شاھ ئوردىسىدىكى ئاتخانا.

رېھىمقۇل تالاغا تەلمۈرۈپ، كوزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇرغان ئىككى ئاتنىڭ چۇلۇۋرىنى لاگقادىن يېشىدۇ - دە، بوينىغا ئوراۋېتىپ دەيدۇ: تالاغا قاراپ كوزىڭلار تېشىلەي دىدى. مەيلى سىلەرنى قويۇپ بەرگىنىم ئۈچۈن، بېشىمغا ھەر بالا كەلسىمۇ مەن تارتاي. خالىغان يېرىڭلارغا بېرىڭلار.

ئۇ ئىككى ئاتنىڭ ئىگەرلىرىنى توقۇپ قويۇۋېتىدۇ. ئاتلار چېپىپ چىقىپ كېتىدۇ.

شىپىستان، جازا مەيدانى.

دانىشخان بەھرامنىڭ بېشىدا ئىڭىگىنى تۇتۇپ غەمكىن ھالەتتە ئولتۇرىدۇ.

مەردان بىلەن ئايتۇرسۇن يىراقتىن ئاتلىرىنى چاپ-تۇرۇپ كېلىدۇ. ئايتۇرسۇن ئاتتىن چۈشۈپ بەھرامنى قۇچاق-لاپ كوز يېشى قىلىدۇ. قويىنىدىكى ئەڭگۈشتەرنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

ئەڭگۈشتەرىم ئېغىر كۇنلەر كەلدى بېشىمغا،
ھازىر قىلغىن دىلدارىمنى دەرھال قېشىمغا.

ئۇ ئاندىن بەھرامنىڭ يۈزىنى نازۇك قوللىرى بىلەن سىلاپ، بەدەنلىرىنى ئۇۋىلايدۇ. بىردەمدىن كېيىن بەھرام خۇددى ئۇيقۇسىغا راسا قانغان ئادەمدەك، كوزىنى يوغان ئاچىدۇ ۋە بىردىنلا ئالدىدىكى ئايتۇرسۇننى كورىدۇ:

— مەلىكەم!

— بەھرام! — ئىككىسى چەكسىز سېغىنىش ھىسسىياتى بىلەن بىر بىرىگە قارىشىدۇ.

مەردان ئالدىراپ: ئەمدى جەم بولدۇق تېزدىن ئوز ماكانىمىزغا قايتىپ چىقىپ كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى.

بەھرام: دۇرۇس. بۇ يەردە بىرگە ئامانلىق يوق ئىكەن،

دانىشخان: شۇنداق بالىلىرىم، ئەر ئېلىدە، گۇل يېرىدە كوكىرىدۇ. سىلەرمۇ ئوز يۇرتىڭلارغا كېتىۋالغىنىڭلار ياخشى.

بەھرام: موما مەسلىھەت بەرگىن، يۇرتىمىزغا قانداق چىقىپ كېتىمىز؟

موماي ئويلىنىپ جىم بولۇپ قالدۇ.

ئۈچەيلەن دانىشخان مومايىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ.

موماي بېشىنى كوتىرىپ يىراقتىكى قارايغان تاغلارنىڭ چوققىسىغا نەزەر تاشلاپ، سالماق تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

— ئېتىڭ بولسا ئەردىن ئايىما، ئېشىڭ بولسا ئەلدىن. مانا، ئالدىمىزدا كورۇنۇپ تۇرغان ئاشۇ تاغدىن ھالقىپ ئوتۇپ تۇزلەڭگە چىقىسىلەر. شۇ تۇزلەڭلىكتە كۈتۈپ تۇرساڭلار ئالدىڭلارغا بىر لەھەڭ بېلىق ئۈزۈپ كېلىدۇ. لەھەڭ بېلىققا ئوز تەلىۋىڭلارنى ئېيتساڭلار، ئۇ سىلەرنى مۇرات مەقسىدىڭلارغا يەتكۈزىدۇ.

## 77

شېبىستان. تۇزلەڭلىك.

ئۈچ ھەمرا تۇزلەڭلىكتە لەھەڭ بېلىقنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. شۇ چاغدا ھەيۋەتلىك بىر لەھەڭ بېلىق ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۈزۈپ كېلىدۇ ۋە بىردىن سادا چىقىرىپ سوزلەيدۇ.

— ئەي ئادىمىزات، نىمە دەردىڭ بار ئىدى؟

بەھرام: باتۇر لەھەڭ بېلىق، بىزنىڭ ئارزۇ-دادىمىزغا قۇلاق سېلىپ ئۈچىمىزنى سۇ ئۈستىگە ئەپچىقىپ قويىغىن.

لەھەڭ بېلىق ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ قاناتلىرىنى يايىدۇ. ئۈچەيلەن لەھەڭ بېلىقنىڭ قۇيرۇغىغا ئېسىلىپ، ئىككى قانىتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا-دۈمبىسىگە چىقىپ ئەپچىل جايلىشىپ ئولتۇرىدۇ. لەھەڭ بېلىق ئۈزۈپ يۇقۇرى كوتىرىلىدۇ.

## 78

سۇنىڭ ئىچىدە.

زۇمرەتتەك كۆپ ـ كۆك سۇنىڭ ئىچىدە بەھوزۇر ئۈزۈپ ئويناپ يۈرگەن رەڭمۇ ـ رەڭ بېلىقلار ۋە ھەر خىل سۇ ھايۋانلىرى لەھەڭ بېلىققا مىنىپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئۈچ ھەمراغا ھېرىسمەنلىك بىلەن يېقىنلىشىدۇ.

لەھەڭ بېلىق دەريا ئۈستىگە لەڭگەدە كۆتىرىلىپ چىـ قىدۇ. ئۈچ ھەمرانى قىرغاققا چىقىرىپ قويۇپ دولقۇنلار ئىچىدە غايىپ بولىدۇ.

## 79

بەھرام ئايتۇرسۇننى ئۆز ئېتىنىڭ ئالدىغا مىندۈرگەن، مەردان ئاقبوز ئېتىنى مىنگەن ھالدا توغراق ئورمانلىرىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كېلىدۇ. خېلى نېرىدىن ھەممىگە تونۇش بولغان يوغان چىنار دەرىخى كۆرۈنىدۇ.

ئۇلار چىنار تۈۋىگە كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشىدۇ.

## 80

مەۋلان شاھنىڭ سارىيى.

شاھ چۈشەك ئۈستىدە ئىنتايىن بىئارام بولۇپ ياتىدۇ. ئۇ، جۇدەپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن "ئاھ، ئۇھ" دەپ، باغرىنى مۇجۇپ، ھەسرەتلىك تىنىدۇ. ئەلەم بىلەن تولغىنىدۇ. يېنىدىكى ھاكىم ـ ھوكۇمالار قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ. قۇدرەت خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن سىرـ كايىدا سۇ تەڭلەيدۇ. لېكىن، شاھ بېشىنى چايقاپ رەت قىلىدۇ.

ئۇچەيلەن شەھەرگە تۇتىشىدىغان تۇزلەڭلىككە ئاتلى-رىنى تەكشى يورغىلىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

مەردان ئالدى تەرەپتىكى دالىغا تىكىلىپ:

— قاراڭلار بۇ نىمە ئىش؟ — دەيدۇ.

ئۇلار ئالدى تەرەپتىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتى-قان بىر توپ كىشىلەرنى كورىدۇ.

بەھرام جىددىيلىشىدۇ:

— بۇلار قاراقچىلار بولمىسۇن يەنە، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

مەردان: توغرا، بۇلار بىزنى يوقاتماقچى بولغان قاراق-چىلار. (قىزغا قاراپ) ئايتۇرسۇن، سىز ئۆزىڭىزنى دالىدىغا ئېلىڭ. چىنار تەرەپكە قاراپ قېچىڭ!

ئايتۇرسۇن ئاتتىن ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ چۈشۈپ، توغراقلار ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىدۇ.

ئاتلىقلار قىلىچلىرىنى يالاڭاچلاپ بەھرام بىلەن مەر-دانغا ئېتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جىددى جەڭ باشلىنىدۇ.

مەردان باتۇرلۇق بىلەن بىر نەچچە قاراقچىنى ئاتتىن موللاق ئاتقۇزىدۇ.

ئوسمان بىر نەچچە سەردارلىرى بىلەن بەھرامنى ئوت-تۇرىغا قاپسىۋالىدۇ.



توغراق ئارىسى.

ئۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئايتۇرسۇن ئەگ-

گۇشتەرنى ئالقىنىغا ئېلىپ:

ئەڭگۇشتەرىم كۇنلەر چۇشتى بېشىمغا،
پەيدا قىلغىن بىرلەك ئەسكەر قېشىمغا.

ئايتۇرسۇننىڭ ئالقىنىدىكى ئەڭگۇشتەر بىردىن قورال-لانغان لەشكەرلەرگە ئايلىنىدۇ. بۇ لەشكەرلەر قاراقچىلار توپىغا قاراپ بوراندەك باستۇرۇپ كېلىدۇ.

قاراقچىلار قورققىنىدىن كەينىگە قاراپ بەدەر قاچىدۇ.

83

قۇدرەت تۇرىدىغان ھەرەم.

قورققىنىدىن جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ قالغان ئوسمان ھاسىراپ-ھومىدەپ، نەچچە يەرگە پۇتلىشىپ ھەرەمگە كىرىپ كېلىدۇ.

نەچچە قەۋەت كورپە ئۇستىدە بىخارامان ئېغىناپ ياتقان قۇدرەت ئوسماننىڭ ئەپتىگە قاراپ چۇچۇپ كېتىدۇ.

قۇدرەت: ھە! نىمە ئىش بولدى؟

ئوسمان: چارلىغۇچىلارنىڭ بىرگە ئۇچلا ئادەم كېلىۋاتىدۇ دىگىنى يالغان ئىكەن. ئۇلار نۇرغۇن لەشكەر بىلەن كېلى-ۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ. بىر جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ جېنىمىزنى ئارانلا قۇتۇلدۇرۇپ قېچىپ كەلدۇق.

قۇدرەتنىڭ سەپرايى ئورلەپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇ-رىدۇ.

— ھۇ دەيۇزلەر. مانا مۇشۇنداق پەيتلەردە بىرسىگىمۇ كارغا كېلىشمەيسەن. ئەگەر بىز ئۇلارنى دەرھال كوزدىن يوقاتمايدىغان بولساق، بۇ قېرى سېنىڭ بىلەن مېنى جەھەننەمگە يوللايدۇ. ئەگەر بىز ئۇلارنى يوقىتىدىغان بولساق بۇ قېرىمۇ ھازىرلا جان بېرىدۇ. دولەت پادىشالىق بىزگە ئۆچچە قالىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

ئوسمان: ئۇقتۇم.

قۇدرەت تامدىكى قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغان قىلىچىنى قولىغا ئالىدۇ.

قۇدرەت: ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئەسكەرنى باشلاپ دەرھال جەڭگە ئاتلان! ئوسمان: خوپ!

ئوسمان يۇگۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ. قۇدرەتمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تېز ماڭىدۇ.

## 84

بىر تەرىپى تىك يارغا تۇتىشىپ كەتكەن تۇزلەڭلىكتە جىددى جەڭ داۋام قىلماقتا.

قۇدرەتنىڭ لەشكەرلىرى زەربىگە چىدالماي كەينىگە چېكىنمەكتە. ئايتۇرسۇننىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى ئىككى ياقتىن قاپسىۋېلىپ بۇلجۇتماي قىرىپ كېلىۋاتىدۇ. قۇدرەتنىڭ تۇركۇم - تۇركۇم لەشكەرلىرى ئوزىنى تىك ياردىن پەسكە تاشلىماقتا.

بەھرام ئوسمان بىلەن يەكمۇ - يەك تۇتىشىپ قالىدۇ. بەھرامنىڭ قىلىچى ئوسماننىڭ دۇمبىسىگە سانچىلىپ، ئاتتىن دۇمۇلاپ چۈشىدۇ. شۇ چاغدا، قۇدرەت بەھرامنىڭ ئارقىسى-

دىن كېلىپ ئۇنىڭغا قىلىچ سالدۇ. قىلىچ بەھرامنىڭ ئۈس-
تىگە چۈشۈۋاتقاندا، مەردان بىردىنلا قۇدرەتنىڭ يېنىدا پەي-
دا بولۇپ، ئۇنىڭ قىلىچىنى قايتۇردۇ. قۇدرەت مەردانىنىڭ
زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي تىك يار تەرەپكە قاراپ
چېكىنىدۇ. يارنىڭ تۈپىسىگە چىققىپ قاپسىلىپ قالدۇ ۋە جان
ئاچچىقىدا مەردانغا زەرپ بىلەن قىلىچ ئۇردۇ. بىراق
قىلىچى مەردانىنىڭ قىلىچىغا تېگىپ قاڭقىپ كېتىدۇ، ئۇ ئىك-
كىنچى قېتىم قىلىچ ئۇرغىچە مەردانىنىڭ قىلىچى ئۇنىڭ
قارنىغا سانجىلىدۇ. قۇدرەت قارنىغا سانجىلغان قىلىچنى مەھ-
كەم تۇتقانچە، ئىلاندەك تولغىنىپ ئارقىسىغا ئورۇلدۇ-دە،
يارنىڭ ئۈستىدىن ھاڭ ئىچىگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىدۇ.
سۇرلۇك ھاڭ تېگىدىن چىقىرىغان سەت ئاۋاز كوتىرىلىدۇ.

## 85

شەھەر ئىچى قاينام-تاشقىنلىققا چومگەن.
شاھانە لىباس كىيگەن مەۋلان شاھ پەشتاقتا تۇرۇپ
يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ تۇردۇ. ئۇ، پەستە شاتلىق تەنتەن-
نىسى قىلىۋاتقان خەلققە قاراپ مۇنداق جاكالايدۇ:
— خالايىق. بۈگۈن شۇنداق بىر ھەقىقەت ئايان
بولدى: كىمەرسىكى، قارا كوڭۇللۇك قىلىپ، بىراۋغا ئورا كو-
لىسا، ئۇ كىشى ئاقىۋەتتە ۋەيلۇن دوزاقتا ياتقۇسى؛ كىمە-
رسىكى بىراۋغا ۋاپادارلىق قىلسا، شانۇ-شەۋكەت تاپقۇسى.
مەن — شاھزادەم ۋە ئۇنىڭ دوستىنىڭ بىر-بىرىگە ساداقەت-

لىگىنى نامايەندە قىلىش ئۈچۈن هازىردىن ئىتتىۋارەن ئۇ-لارغا 41 كېچە - كۈندۈز قوش توي مەرىكىسى قىلىپ بې-رىدىغانلىقىمنى جاكالايمەن!

86

توي بەزمىسى ئەۋجىگە كۆتىرىلدى.
يۈزلىگەن قىز - يىگىتلەر چار باغلاردا ئۇسۇلغا چۈشتى.
سەرۋازلار هەم دارۋازلار ئويۇن كورسەتمەكتە.
زىندانلاردىكىلەر ئازات قىلىنىپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشال - خورام كورىشىپ ئۈملەشمەكتە.
سەيلىگاھلارغا زىلچە گىلەم، يوللارغا پاياندار سې-لىنغان. ئونلاپ داش قازانلار ئېسىلىپ قورداق قاينىماقتا؛ ئاشپەزلەر پولۇنىڭ چېتىدىن بۇزۇپ ئېلىپ لىگەنلەرگە ئۇس-سىماقتا؛ نازۇ - نېمەتلەرگە تولغان داستىخان بويلاپ سېلىن-غان بېكەندازلاردا بېشىغا سەللە، تۇماق، دوپپا، ئۈچىسى-غا كىمخاپ، زەرباپ، بەقەسەم، چەكمەن چاپان كىيگەن مېھمانلار يەپ - ئىچىپ خوشال - خورام پاراڭلاش-ماقتا؛ راۋاقلارنىڭ ئۈستىدىن ئوردا مۇلازىملىرى پەتنۇس - پەتنۇستا كۈمۈش تەڭگىلەرنى چاشماقتا.

87

قاينام - تاشقىنلىققا چومگەن ئادەملەر دېڭىزى ئىچىدە چىراىلىق بېزەلگەن ئىككى مەپە پەيدا بولدى. مەپىنىڭ

بىرسىدە بەھرام بىلەن ئايتۇرسۇن، يەنە بىرسىدە مەردان بىلەن زۇلخومار ئولتۇرىدۇ. زەر كەشتىلىك كىيىملەر كىيگەن، قۇلاقلىرىغا لەئلى ياقۇتتىن ھالقا ئاسقان كېنىزەكلەر گوياكى يۇلتۇزدەك ئۇلارنى قورشىغان ھالدا چىقىپ كەلمەكتە.

ئادەملەر ئۇلارنىڭ تويىنى تەبرىكلەپ ئۈستىگە گۈل دەستىلەر ئاتىدۇ.

بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئاسمانغا تاقاشقان ئالتۇن مۇنار كۆرۈنىدۇ. مەۋلان شاھ مۇنار پەشتىقىدا مەغرۇر ۋە تەمكىنلىك بىلەن قاراپ تۇرىدۇ.

بايان قىلغۇچى:

"شۇنداق قىلىپ، شاھزادە ۋە ئۇنىڭ دوستى مەرداننىڭ قىرىق بىر كېچە-كۈندۈز تويى بوپتۇ. بۇ ۋاپادار دوستلار مۇرات — مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ".



# چىلبۆرىنىڭ ھالاكىتى



(ھەركەتلىك سۈرەت فىلىمى)

**مۇھەممەت شانىياز**

## مۇقەددىمە

ئېكراندا سەكرەتمە خەت بىلەن فىلىمنىڭ نامى، ئاپتورى ۋە رېژىسسورنىڭ ئىسمىدىن كېيىن تۆۋەندىكى كۆرۈنۈشلەر نامايەن بولىدۇ: گۈزەل ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى.

ئانچە ئېگىز بولمىغان تاغ، تاغ قاپتاللىرى بوك ئورمان بىلەن قاپلانغان، تاغ باغرىدا ئوت-چۆپلەر ياپ-يېشىل مەخمەلدەك تاۋلىنىپ تۇرىدۇ. ياقىسى گۈل-چېچەكلەر بىلەن ئورالغان ئېرىقتا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ، يىراقتىن كىچىك-كىچىك قارا نۇقتىلار كۆرۈنۈپ بارغانسېرى بىرگە يېقىنلاشقاندا، ئۇلارنىڭ ئوتلاپ يۈرگەن كىيىكلەر ئىكەنلىكى نامايەن بولىدۇ، كىيىكلەر بىردىنلا ئوت يېيىشتىن توختاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، 4 تەراپقا سەگەكلىك

بىلەن قارايدۇ ـ دە، ئالدى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىدۇ. كىيىك تۇپى ئىچىدە ئالدىدا كېتىۋاتقان مۈڭگۈزلۈك بوغان ئالاتاغىل ئۇرغاچى كىيىكنىڭ كەينىدىنلا كېلىۋاتقىنى تۇمشۇغى سەل ئاقۇش، چىرايلىق، بېشىدا 10 سانتىمېتىرلا مۈڭگۈزى بار ساغۇچ ئانا كىيىك.

كىيىكلەر تۇپى ئۇچقاندەك چېپىپ، ئويمان ـ دۆڭ تۇقايلىقلاردىن ئۆتۈپ سۇ بويىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇرغاچى كىيىك ئېرىق بويىدىكى بىر كىچىك دۆڭگە چىقىپ، تاغ تەرەپنى كۆزىتىدۇ. قالغان كىيىكلەر سۇ ئىچىشىدۇ.

سۇغا قانغان كىيىكلەر ئېرىق ئەتراپىدىكى ئوت ـ چۆپلەر، گۈل چېچەكلەرنى يەگەچ، كەلگەن تەرىپىگە قاراپ راۋان بولۇپ بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

كىيىك توپىنىڭ ئىچىدە كېتىۋاتقان ئانا كىيىكنىڭ قوسىغى دومپىيىپ، ئىككى بېقىنى چىققان بولۇپ، ئوت ـ چۆپكە تازا تويغان ئىدى. يېلىنى سۈت بىلەن تولغاچقا، قوش مۈشتەك ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، ئۇ توختاپ بېشىنى كۆتىرىپ، تاغ تەرەپكە قارايدۇ ـ دە، كىيىكلەر توپىدىن ئايرىلىپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

1

ياز كۈنى، كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغ.

تاغ باغرىدا ئانا كىيىكنىڭ ئۆڭكۈرى كۆرۈنىدۇ. ئۆڭكۈر ئىچىدە ئانا كىيىك ياتىدۇ، ئوماق، چىرايلىق بالا كىيىك ئۆڭكۈر ئىچىگە چۈشكەن قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭلىك نۇرى بىلەن ئوينىشىپ، دىك ـ دىك سەكرەيدۇ،

كېيكچاق بردنلا قوسغى ئاچقانلغنى سېزپ يېندا ياتقان ئانا كېيكنىڭ قېشغا كېلىپ پۈرايدۇ، ئانا كېيك ئورندن تۇردۇ. كېيكچاق قوڭغۇراقتەك زل ئاۋازدا:

— ئاپا، ئاپا! ئېمۋالاي، — دەيدۇ. ئانا كېيكنىڭ يېلىنى بوش، سۈت يوق ئدى، ئانا كېيك بالسنىڭ بېشنى تۇمشۇغى بلەن يېنىك سلاپ تۇرۇپ، دەيدۇ:

— ئازراق چدغن قوزام، مەن هازرلا ئوتلاققا بارمەن، ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۇچىنى يەپ، سۈتنىڭ سۈزۈگىنى ئىچەمەن-دە، ئەممگم سۈتكە تولدۇ، قايتپ كەلسەم ئەمگن.

— بولدۇ، — دەيدۇ كېيكچاق ئاپسغا.

ئانا كېيك ئوتلاققا ماڭماقچى بولۇپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزغا باردۇ-دە، بر ئىش يادغا كېلىپ، كەينگە ياندۇ، ئۇ بالسنىڭ بېشنى سلاپ تۇرۇپ مۇنداق جېكلەيدۇ:

— مەن ئوتلاشقا كەتكەندە ئىشكنى ئىچدن مەهكەم ئەتكن، مېنىڭدن بولەك هچكمگە ئېچپ بەرمگن، ئەتراپتا چىلبۆرە بار. ئۇ ئەبلەخ ناهايتى يامان، ئۇنىڭغا هەرگزمۇ ئالدانمغن!

كېيكچاق بېشنى سلكپ:

— بولدۇ، ئاپا، گېپڭنى چوقۇم ئېسمدە چىڭ تۇتمەن، — دەيدۇ.

ئانا كېيك ئىشكنى ئېچپ ئوتلاققا ماڭدۇ. كېيكچاق بېرپ ئىشكنى تاقاق (غورو) بلەن چىڭ ئېتدۇ.

كېيكچاق ئانسنى كۈتۈپ يېتپ كوزى ئۇيقۇغا كەتكەن بر چاغدا يېلنى سۈتكە تولغان ئانا كېيك يېتپ كېلدۇ، ئۇ ئىشككە يېقن كېلىپ، ئىشكنى يەڭگلگىنە چېكدۇ ۋە مۇنداق ناخشا ئېيتدۇ:

ئوماق بالام، جان بالام،
ئاچ ئىشىكنى كەلدىم مەن،
قوسىغىڭمۇ ئاچقاندۇ،
مەمىگىڭنى ئەمگىن سەن.

كىيىكچاق ئاپىسىنىڭ كەلگەنلىگىنى بىلىپ، خوشاللىغىدىن دىك - دىك سەكرەپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ، ئانا كىيىك ئۆيىگە ئالدىراپ كىرىدۇ، ئانا - بالا ئىككىسى شات - خوراملىقتا چومىدۇ، ئوماق كىيىكچاق ئاپىسىنى چوپپۇلدىتىپ شوراپ ئىمىدۇ - دە، قوسىغى راسا تويىدۇ، ئىمىپ بولغان كىيىكچاق ئوي ئىچىدە ئۇيان - بۇيان بىردەم سەكرەپ ئويناپ، ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالىدۇ، ئانا كىيىك بالىسىنى باغرىغا بېسىپ، مۇڭلۇق ئەللەي ئېيتىدۇ.

ئەللەي، قوزام، ئومىقىم،
شىرىن - شېكەر تاتلىقىم.
ئۇخلا ئەمدى جان قوزام،
ئەللەي، ئەللەي شاتلىقىم.
ئەللەي، ئەللەي ئۇخلايەي!

كىيىكچاق ئۇخلاپ قالىدۇ، ئانا كىيىكمۇ ئۇزۇن ئوتمەي ئۇيقۇغا كېتىدۇ...... ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشىدۇ.

2

ئالدىنقى كۈننىڭ ئەتىسى، كۈن يەنە نەيزە بويى ئورلىگەندە ئادىتى بويىچە ئانا كىيىك يەنە ئوتلاقىقا قاراپ

ماڭىدۇ. كىيىكچاق ئىشىكنى ئىچىدىن چىڭ ئېتىۋالدۇ.

## 3

كۈز ئالدىمىزدا مۆقەددىمىدە كىيىكلەر سۇ ئىچكەن ئېرىق بويى نامايەن بولىدۇ. كەچقۇرۇن گۈگۈم چۈشۈشكە باشلىغان چاغ، كورۇنۇش ئاستا-ئاستا تاغ قاپتىلىغان يوتكىلىپ، بىر قىيا تاشنىڭ كەينىدىكى بورىنىڭ ئۇۋىسى كورۇنىدۇ، ئۇۋىنىڭ ئىچىدىن كۆلرەڭ چىلبورە چىقىدۇ، ئۇ بېشىنى ئىگىز كوتىرىپ، ئوغرى كوزلىرى بىلەن ئەتراپقا قارايدۇ. يوغان ئاغزىنى ئېچىپ، يىرتقۇچ چىشلىرىنى كاسىلدىتىدۇ-دە، ئۇزۇق ئىزلەپ تاغ قاپتىلىدىن پەسكە — ئوتلاقتا قاراپ ماڭىدۇ. چىلبورە سوكۇلداپ كېتىۋېتىپ يىراقتا ئوتلاۋاتقان ئانا كىيىكنى كورۇپ قېلىپ چىچاڭشىپ كېتىدۇ. ئۇ يىرتقۇچ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، ئاغزىدىن شولگەيلىرىنى ئېقىتىپ، ئانا كىيىككە قاراپ كاسىلدايدۇ-دە، «ھەي كىيىك، ئوتكەن قېتىم سېنى تۇتۇۋېلىپ بىر ناشتا قىلاي دىسەم، تۇتۇق بەرمىدىڭ، سېنىڭ كەينىڭدىن يۈگۈرۈپ ماڭا نىمە ئاۋارىچىلىق، ئويۇڭدە قالغان بالاڭنى بىر مەززە قىلاي-چۇ.....،» — دەيدۇ. ئۇ شۇنداق دەپ چىشلىرىنى دەھشەتلىك غۇچۇرلىتىپ، قورقۇنچلۇق ھۇۋلايدۇ.

چىلبورە سوكۇلدىغان پىتى بىر دەمدىلا كىيىكنىڭ ئوڭكۈرىگە يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ خۇدۇكسىنىپ ئەتراپنى ئوغرىلىقچە كوزىتىدۇ، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ يوچۇقتىن ئىچىگە ماراپ قارايدۇ، ئۇ، كىيىكچاقنىڭ ئويىدە يالغۇز ياتقانلىقىنى كورۇپ "تاق-تاق-تاق" قىلىپ ئىشىكنى قوپاللىق بىلەن قاتتىق ئۇرىدۇ، ئىشىك ئېچىلمايدۇ، چىلبورە ھىلە-نەيرەڭ

ئىشلىتىپ ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ شوخلۇق بىلەن دەيدۇ:

تېز بول ئاچقىن ئىشىكنى،
ھەي كېيىكجان، بالىجان.
مېھمان كەلدى ئۆيۈڭگە،
بەكمۇ ياخشى ئاكىجان.

كورۇنۇش ئۆي ئىچىگە يۆتكىلىدۇ.

كېيىكچاق ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىشىكنىڭ قېشىغا كېلىدۇ، ئۇ: ھەي، ئاپام ئەجەپمۇ كەچ قالدىغۇ، — دەيدۇ. ئۇ بىردىنلا چاقىرغۇچىنىڭ ئاپىسى ئەمەسلىكىنى سېزىپ ئىشىكنىڭ كىچىككىنە توشۇكىدىن تالاغا قارايدۇ. چاقىرغان بۇ قورقۇنچلۇق "مېھمان" نى كورۇپ، پۈتۈن بەدىنى شۈركىنىپ كېتىدۇ.

كېيىكچاق ئاپىسىنىڭ جېكىلەپ ئېيتقان سوزلىرىنى ئەسلەپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ. ئۇ ھودۇقماستىن:

— ئۆزەڭ كىم؟ — دەپ سورايدۇ.

كورۇنۇش تېز ئالمىشىدۇ. ئىشىك ئالدىدىكى چىلبورە ھىلىگەرلىك بىلەن بىلجىرلايدۇ:

مېنىڭ ئىسمىم بورىۋاي،
ئۆزەم يۇۋاش مېھرىۋان.
قوي، كېيىككە ئامراقمەن،
بولغاچ يېقىن بىر تۇققان.

ئاچ ئىشىكنى كېيىكجان،
ئېلىپ كەلدىم جىق سوغات،
گەر دوست بولساڭ مەن بىلەن،
قىلىمەن كوپ ئىلتىپات.

كىيىكچاق ئىشكىنىڭ يوچۇغىدىن بورىنىڭ ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان كوزلىرىنى كورۇپ ئۇنىڭ ياغلىما سوزلىرىگە چۈمپۈتمەيدۇ. كىيىكچاقنىڭ ھوشيارلىغى ئېشىپ، ئىشىكنى ئېچىشنى چىڭ تاقايدۇ. ئۇ ئوزىنى تەمكىن تۇتۇپ بورىگە دەيدۇ:

— ماڭا سېنىڭ ھېچنېمەڭ كېرەك ئەمەس، سېنى كو-رۇپلا ئاپامنىڭ سوزلىرى يادىمغا كەلدى، يوقال كوزۇمدىن!

چىلبورە كىيىكچاقنىڭ بۇ سوزلىرىنى ئاڭلاپ چىچاڭ-شىپ كېتىدۇ. ئۇيان - بۇيان سوكۇلدايدۇ. ئۇ بىردەم ئويى-لىنىپ، كوڭلىگە يېقى شۇملۇقنى پۇكۇپ، ئوي ئىچىگە قاراپ كىيىك بالىسىغا تەسىرلىك ئاھاڭدا سوزلەيدۇ:

— ھەي بالىچاق، سەن ئۇنچىۋالا تېرىكىپ كەتمە. ئويۇڭدە يالغۇزدىن - يالغۇز قامىلىپ ئولتۇرۇپ زېرىكمىدىڭمۇ؟ قورقماي بۇياققا چىق، مەن سېنى تاققا ئەچىقىپ ئاجايىپ قىزىق ئويۇنلارنى كورسىتىپ كېلەي.

كىيىكچاق چىلبورىنىڭ تەسىرلىك، ياغلىما سوزلىرىنى ئاڭلاپ ئىككىلىنىپ قالىدۇ، ئۇ ئوز - ئوزىگە: "ئىشىكنى ئې-چىپ بىر سىناپ كورەيمۇ - يە؟" دەيدۇ. كىيىكچاقنىڭ با-يىقى قەتئىي پوزىتسىيىسىنىڭ ئوزگەرگەنلىكىنى سېزىۋالغان چىلبورى ئويىناقشىپ كېتىدۇ.

كىيىكچاق ئىشىكنى ئاچماق بولۇپ تاقاقنى تۇتقاندا، تۇشۇكتىن بورىنىڭ يىرتقۇچ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، قىپ - قىزىل تىلىنى چىقىرىپ، دەھشەتلىك كوزلىرىدىن ئوت ياندۇ-رۇپ ئوزىگە قاراۋاتقان قورقۇنچلۇق قىياپىتىگە كوزى چۈ-شىدۇ. شۇ چاغدا بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلاق تۇۋىدە ئاپىسىنىڭ "ئەتراپتا چىلبورە بار. ئۇ ئەبلەخ ناھايىتى يامان، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئالدانمىغىن!" دىگەن سوزلىرى جاراڭلايدۇ. كى-يىكچاق غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بولۇپ قەتئىي ئىرا-

دىگە كېلىدۇ. تالاغا قاراپ غەزەپ بىلەن ۋاقىرايدۇ:

— ھەي چىلبورە، ئىشىگىمدىن تېز يوقال، مەن بىلدىم، سېنىڭ گېپىڭ يالغان، غەرىزىڭ يامان، مېنى ئالدايمەن دەپ خام خىيال قىلما!

چىلبورە بۇنى ئاڭلاپ ئوغىسى قايناپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئاتىدۇ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ كاسىلدايدۇ، ياۋۇز قىياپىتىنى بىردىنلا ئاشكارىلاپ، دەھشەت بىلەن ھۇۋلايدۇ، ئۇگكۇر ئىچىگە قاراپ:

— ھەي شۇمتەك، سەن خىيالىڭدا مېنى پالاكەت چاغ-لاۋاتامسەن؟ ھىلى گوشۇڭنى يەپ، قېنىڭنى ئىچمىسەم، قاراپتۇر......

كىيىكچاق چىلبورىنىڭ دامىغا چۈشۈشكە تاسلا قالغى-نىنى ھېس قىلدۇ. ئۇنىڭ غەزەپ - نەپرىتى تېخىمۇ ئور-لەيدۇ. ئۇ ئىشىك تۈۋىدىن ئويىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ بىر-دەم ئويلىنىدۇ. ئۇ ئاخىرى قەتئىي قارارغا كېلىدۇ. ئۆزىنى قوغداشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ ئويىنىڭ بۇلۇڭىدىكى توقماق-نى ئىزلەپ تېپىپ قولىغا ئالىدۇ.

بورە ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئوي ئىچىگە كوز تىكىپ مارايدۇ، كىيىكچاقنى كورەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنى يېيىش قەستىدە ھۇجۇمنى باشلايدۇ. ئۇ ئىشىكنى بار كۈچى بىلەن ئىتتىرىدۇ، ئىشىك ئېچىلمايدۇ. ھېرىپ قالغان چىلبورە تى-لىنى ساڭگىلىتىپ ھاسىرىغا پېتى ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرىدۇ. ئۇ كوڭلىدە يېڭى بىر شۇملۇقنى پىلانلايدۇ - دە، ئوي ئىچىگە قاراپ پەس ئاۋازدا دەيدۇ.

— ھەي بالىچاق، قوسىقىم ئېچىپ ھالىمدىن كەت-تىم...... مەيلى، كېيىن سىلەرنى يوقلاپ يەنە كېلىمەن.

بورە ھالسىزلانغاندەك قىياپەتتە ئاھ - ئۇھلاپ ئىشىك

تىن كەينىگە يانىدۇ.

كىيىكچاق ئىشىكنىڭ تۆشۈگىدىن قاراپ چىلبۇرىنىڭ ئۆز يولىغا كېتىپ بارغانلىقىنى كورۇپ، قولىدىكى توخماقنى تاشلاپ قويىدۇ ۋە "ئۇھ" ئەمدى قۇتۇلدۇم بۇ بۇزۇقتىن دەيدۇ - دە، ئۇچكۈر ئىچىدە دىك - دىك سەكرەپ ئۇيانىدىن - بۇيانغا ئوتۇپ ئوينايدۇ.

بىردىنلا بىر نىمىنىڭ ئېغىر هاسىراپ - خىرىلدىغان يوچۇن تاۋۇشى ئاڭلىنىدۇ، كىيىكچاق ئويناشتىن چوچۇپ توختاپ، تاشقىرىغا قارايدۇ، خىرىلدىغان تاۋۇش تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، كىيىكچاق سەگەكلىشىپ تىڭشاپ، خىرىلدىغان تاۋۇشنىڭ ئۇچكۈرنىڭ تېشىدىن ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. بىردىنلا ئۇنى قورقۇنچ باسىدۇ. ئۇ بايا تاشلىۋەتكەن توخماقنى قايتا قولىغا ئالىدۇ، بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئىككى سەكرەپ ئۇچكۈرنىڭ تىمىنىڭ تۈۋىگە كېلىدۇ. ئىشىك بېشىدا چىلبورىنىڭ ئۇزۇن ئوتكۈر تىرناقلىق ئىككى پۇتى پەيدا بولدۇ - دە، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ بېشى كورۇنىدۇ.

كىيىكچاق بورىنىڭ ئىشىككە ئېسىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، توخماقنى غەزەپ بىلەن ئىگىز كوتىرىدۇ ۋە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، چىلبورىنىڭ بېشىغا كەينى - كەينىدىن "ۋاق - ۋاق!" ئۇرىدۇ، كۇتۇلمىگەن بۇ زەربىدىن باش كوزى يېرىلغان چىلبورە هولۇقۇپ ئىشىك بېشىدىن يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئۇ يەنە غالجىرلىشىپ ئىشىككە ئېسىلىدۇ.

تەييارلىنىپ تۇرغان كىيىكچاق بورىنىڭ بېشى كورۇنگەن هامان غەزەپ بىلەن توخماقنى ئىگىز كورۇپ "ۋاق - ۋاق" سالىدۇ، توخماق چىلبورىنىڭ ئىشىككە ئېسىلغان پۇتلىرىغا قاتتىق تېگىدۇ - دە چىلبورە دومۇلاپ چۈشۈپ كېتىدۇ، زارلىنىپ غىڭشىيدۇ.

كىيىكچاق ئۆي ئىچىدە غەلىبىدىن شاتلىقتا تولۇپ، يايراپ كېتىدۇ، كورۇنۇش ئالمىشىدۇ. مەقسىدىگە يېتەلمىگەن چىلبورە ئۆي ئىچىگە قاراپ:

— خەپ سېنى، ئەدۋىڭنى بەرمىگىنىمنى كورگىن، — دەيدۇ ۋە قۇيرۇغىنى قىسىپ تاققا راۋان بولىدۇ.

4

ئىگىز - پەس ئىدىرلىقتا ئوتلاپ يۇرگەن كىيىكلەر كورۇنىدۇ.

ئوتلاقتا ئانا كىيىك ئوت - چوپلەرنىڭ ئۇچىنى، گۇل - چېچەكلەرنى يەپ يۇرىدۇ، ئۇنىڭ قوسىغى تومپىيىپ يېلىنى سۇتكە راسا تولىدۇ، گۇگۇم چۇشۇشكە باشلايدۇ. ئۇ ئوز - ئوزىگە: "ئوتلا - ئوتلا ئەجەپ - يىراققا كېتىپتىمەن، ھەي، قاراڭغۇ چۇشۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمىغىنىمنى، بالام تېنچ - ئامان تۇرغانمىدۇ، قوسىغى ئېچىپ قالغانمىدۇ" دەيدۇ - دە، ئويگە قاراپ چاپىدۇ.

ئانا كىيىك ياپ - يېشىل ئوت - چوپلەر، رەڭگا - رەڭ گۇل - چېچەكلەر بىلەن قاپلانغان ئوتلاقنى بېسىپ ئوتۇپ ئۇچقاندەك يۇگۇرۇپ بىردەمدىلا ئويىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ، ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنىڭ مەھكەم ئېتىكلىكىنى كورۇپ كوڭلى ئارام تاپىدۇ - دە، يېنىككىنە نەپەس ئالىدۇ، ئۇ ئىشىككە يېقىن كېلىپ "تىك - تىك - تىك!" قىلىپ چېكىدۇ ھەمدە بالىسىنى چاقىرىپ ناخشا ئېيتىدۇ:

ئوماق بالام - جان بالام،
ئىشىكنى ئاچ، كەلدىم مەن.

قوسىغىمۇ ئاچقاندۇ،
مەمىگىنى ئەمگىن سەن.

ئۇي ئىچىدە قۇلاق سېلىپ تۇرغان كىيىكچاق بۇ يېقىملىق ناخشىنى ئاڭلاپ ئاپىسىنىڭ كەلگەنلىگىنى بىلىپ خوشاللىغىدىن دىڭ-دىڭ سەكرەپ ئىشىكنى ئاچىدۇ، ئانا كىيىك ئىشىكتىن كىرىشىگە بالىسى بويىنىغا ئېسىلىدۇ، ئاپىسى بالىسىنىڭ چىرايىغا زەڭ قويۇپ قاراپ بىرەر ئىش بولغانلىغىنى سېزىدۇ-دە:

— جان قوزام، نىمە بولدى، يالغۇز قېلىپ قورقتۇڭمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

كىيىكچاق ئاپىسىنىڭ قۇچىغىدىن دىككىدە يەرگە چۈشۈپ:

— ئەجەپمۇ كەچ قالدىڭ جېنىم ئاپا، يولۇڭغا قاراپ كۆزۈم تۇت بولدى، ئاپا-ئاپا، سەن ئۇتلىغىلى كەتكەندە ھىلىقى سەن ”ھۇشيار بول“ دىگەن بۆزۈق كەلدى، — دەيدۇ.

ئانا كىيىك بۇنى ئاڭلاپ ”ھە!“ دەپ چۆچۈپ كېتىدۇ. كىيىكچاق ئاپىسىغا بورە بىلەن بولغان ئېلىشىشىنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ بېرىدۇ، ئانا كىيىك بالىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مەمنۇن بولىدۇ ۋە:

— مېنىڭ ئۈمىدىمنى ئاقلاپسەن، باتۇرۇم! ئۇنىڭغا ئالدىنىپ ئىشىكنى ئاچقان بولساڭ، ئۇ بۆزۈق ساڭا مېھرى-شەپقەت كۆرسىتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئاللىقاچان قىيما-چىيما قىلىپ يەۋەتەتتى، ئەقىللىغىم، ئېسىڭدە چىڭ ساقلا: بورە ھامان بورە، ئۇ، كىيىك ياكى قوي بولالمايدۇ. ئۇنىڭدىن رەھىم-شەپقەت كۈتۈش ئەخمىقانە خام-خىيال، — دەيدۇ. كىيىكچاق ئا-

پەسىنىڭ گېپىنى ئەستايىدىل تىڭشايدۇ، ئانا كېيىك بالىسىغا يەنە:

— ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىش، كېيىك، قويلارنى يېيىش — چىلبورىنىڭ ئادىتى. ئۇنىڭ بىلەن دەلمۇ-دەل كۆرەش قىلماي بىزگە ئامانلىق يوق، — دەيدۇ-دە، ئورنىدىن تۇرىدۇ، كېيىكچاق بىردەم ئۇيان، بىردەم بۇيان ئوتوپ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگكەن هالدا:

— چىلبورە دىگەن بۇزۇقنى چوقۇم يوقىتىش كېرەك، — دەيدۇ.

5

تاغ قاپتىلىدىكى قىيا تاشىنىڭ كەينىدىكى بورىنىڭ ئۇۋىسى. بورە ئۇۋىسىدىن چىقىپ ياپلاقتا قاراپ دەهشەتلىك هوۋلايدۇ، ئۇ بىر پەس هوۋلىغاندىن كېيىن چىشلىرىنى هىڭگايتىپ كاسىلدايدۇ-دە، پەسكە سوكۇلداپ ماڭىدۇ. ئۇ دەل-دەرەخلەر، ئوت-چۆپلەرنىڭ ئارىسى بىلەن يۈرۈپ، ئوغرىلىقچە ئېرىق بويىغا يېقىنلىشىدۇ. شۇ چاغدا بىرنەچچە قوي ئېرىقتىن سۇ ئىچىۋاتاتتى. چىلبورە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قويلارغا ئېتىلىدۇ-دە، بىر قوينىڭ قوسىغىنى يېرىۋېتىدۇ، ئۇنى تاشلاپ يەنە بىرىنى چىشلەپ بوغىدۇ. قالغان قويلار قېچىپ كوزدىن غايىپ بولىدۇ.

6

ياپلاقتىكى دەرتمەنلەر — چىلبورىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان قويلار، كېيىكلەر، ئوشكىلەر، ئاتلار، كالىلار تۇشمۇ-تۇشتىن

ئانا كىيىكنىڭ ئۇڭكۈرى ئالدىغا يىغىلىشىدۇ، كىيىكچاقمۇ ئاپىسى بىلەن بىللە ئۆيىدىن چىقىدۇ، ئانا كىيىك كۆپچىلىككە قاراپ دەيدۇ:

— ئاكا - ئۇكا بۇرادەرلەر! بۈگۈن يايلاق ئەھلى بۇ يەرگە يىغىلدۇق. چىلبۆرە ياۋۇزلۇقتا تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، بىزنى بەك ئانى تىپىشۋاتىدۇ، يېقىندا مەن يايلاقتا ئوتلىغىلى كەتسەم، ئۇ ئۆيدە قالغان بالامنى ئالداپ تۇتۇۋالغىلى تاسلا قاپتۇ. ھازىر ئۇ بۇزۇق بىز ئانا - بالا ئىككىمىزنى پايلاپ يۈرۈپتۇ.

ئانا كىيىكنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئەلەمگە چىدىمىغان قوشقار غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كېتىدۇ:

— چىلبۆرىنىڭ بىزگە سالغان زۇلمى ھەددى - ھېساپسىز. ئۇ ئەبلەخ ئۆتكەن يىلى بىزنىڭ قوي تۇپىمىزدىن بىر قوزىنى يەپ كەتكەن؛ بۇ يىل ئەتىيازدا بىر قېرىندىشىمىزنى تۇتۇپ كەتكىنى ئازدەك، تۈنۈگۈن يەنە ئىككى قېرىندىشىمىزنىڭ بېشىغا چىقتى.

قوشقارنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ گەپ قىلالماي قالىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلىدۇ. يايلاق ئەھلى قوشقارغا ئېچىنىدۇ، چىلبۆرىگە غەزەپ - نەپرىتى ئۇرلەيدۇ.

ئۆشكە ساقىلىنى سىلىكىپ:

— ھەي نىمىسىنى دەيسىلەر، چىلبۆرىنىڭ دەستىدىن كۈن كەچۈرمىگىمىز تەسلىشىپ قالدى، بىر ھەپتە بورۇن، ئۇ بۇزۇق، بالىلىرىمنىڭ ئاتىسىنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن، كۆپ ئۆتمەي، تۈنۈگۈنلا كەينى - كەينىدىن ئىككى بالامنى تۇتۇپ يەپ كەتتى، — دەيدۇ - دە، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىدۇ.

ھەممەيلەن ئۆشكىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، باشلىرىنى

چايقىشىدۇ.
كالا پوشۇلداپ:
— ھەي، چىلبورە دىگەن بو ۋەھشىنىڭ دەستىدىن بىر گە كېچە - كۈندۈز ئارام يوق. ئۇ دائىم كېچىسى كېلىپ بىر گە ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالىدۇ، — دەيدۇ.
— بېقىندا، — دەپ سوزلەيدۇ بايتال، — ئوتلاقتا تايچىغىمنى ئېمىتىۋاتسام، چىلبورە تۇيۇقسىز كېلىپ، بالامنىڭ تېقىمىنى چىشلەپ سورەپ ئەپكەتمەكچى بولدى، مەن پۈتۈن كۈچۈمنى كەينى پۇتۇمغا يىغىپ بورىنى بىر تېپىۋىدىم، ئۇ ئەبلەخ نەچچە دومىلاپ، غىڭشىغان پېتى قېچىپ كەتتى. مانا قاراڭلار تايچىغىمغا، چىلبورە چىشلىگەن جاراھەت ئەمدى ساقايدى...
بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تايچاقنىڭ تېقىمىغا قاراپ، جاراھەت ئىزىنى كورىدۇ، ئانا كېيىك كوپچىلىككە قاراپ:
— بۇرادەرلەر، چىلبورىگە مۇشۇنداق بوزەك بولۇپ ئوتۇۋېرىمىزمۇ؟ — دەيدۇ.
— مېنىڭچە بورىنى يوقىتىشتا ئىككى چارىنى قوللىنىشىمىز كېرەك، — دەيدۇ، بايتال ئەتراپىغا قاراپ، — ھەممىمىز بىر نىيەتتە، بىردەك ئىتتىپاقلىشىدىغانلا بولساق چىلبورە بىزنى بوزەك قىلالمايدۇ. كېلىڭلار، چىلبورىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىۋالايلى......
يايلاق ئەھلى ئاتنىڭ يېنىغا يىغىلىپ مەسلىھەتلىشىدۇ...

7

قوي - ئوشكىلەر، ئات - كالىلار قوللىرىغا جوتۇ - كورجەك ئېلىپ، ئانا كېيىك بىلەن بىرلىكتە ئوڭكۈرنىڭ ئەتراپىنى چوگۈلتىپ خەندەك كولاشقا باشلايدۇ. ئانا - بالا كى-

يىلىك چوڭقۇر قېزىلغان خەندەكنىڭ ئۈستىنى شاخ-شۇمبىلار،
ئوت-چۆپلەر بىلەن بىلىنەر-بىلىنمەس يېپىپ قويىدۇ، ئىش
تۈگىگەندىن كېيىن پىشانە تەرلىرىنى ئېرتىشىدۇ ۋە ئۆڭكۈر-
گە كىرىپ دەم ئالىدۇ، ئاپىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان كىچىك
چاقىنىڭ كۆزى بۇلۇڭغا يۆلەپ قويۇلغان ھېلىقى توخماققا
چۈشىدۇ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ توخماقنى قولىغا ئېلىپ:

— ئاپا، بۇ سېنىڭ قورالىڭ، بۇنى سەن ئال، — دەپ
ئانا كىچىككە سۇنىدۇ. ئانا كىچىك توخماقنى قولىغا ئالىدۇ.
كىچىكچاق ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ئۆزىگە توخماق ئىزلەپ تاپال-
مايدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاپا، چىلبۆرە دېگەن بۇزۇق كەلگەندە مەن ئۇنى
نېمە بىلەن ئۇرىمەن؟ — دەيدۇ، ئانا كىچىك ئويلىنىپ ئور-
نىدىن تۇرۇپ:

— مەن ساڭا ئەپچىل كالتەك راسلاپ بېرەي، — دەيدۇ.
ئانا-بالا ئىككىسى پالتىنى ئېلىپ تالاغا چىقىدۇ. كۆرۈنۈش
يۆتكىلىدۇ. ئۇ ئىككىسى ئۆينىڭ كەينىدىكى دەرەخنىڭ بىر
شېخىنى كېسىدۇ، ئانا كىچىك شاخنى پۇتاپ كىچىكچاققا ئەپ-
چىلگىنە بىر كالتەك ياساپ بېرىدۇ. كالتەكنى قولىغا ئالغان
كىچىكچاق دىڭ-دىڭ سەكرەپ ئۇسۇل ئويناپ ناخشا
ئېيتىدۇ:

ئورلىمەكتە قەلبىمدە،
غەزەپ-نەپرەت زۇلۇمغا،
قورقمايمەن چىلبۆرىدىن،
قورالىم بار قولۇمدا.
كەلسە ئەگەر ئۇ بۇزۇق،
ئۇرىمەن تازا قاتتىق.

يوقىتىپ چىلبورىنى،
قۇچۇمەن زەپەر شاتلىق.

## 8

كۆپ - كۆك ئاسماندا بۇلۇت كۆرۈنمەيدۇ، قۇياش ئالتۇن نۇرىنى يەر - جاھانغا سېخىيلىق بىلەن سەپمەكتە. گۈل - چىچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈزەل يايلاق. قوي - ئۆشكە ۋە باشقا ھايۋاناتلار ئوتلاپ يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئانا كىيىكمۇ كۆرۈنىدۇ.

بىردىنلا مۇزدەك شامال چىقىدۇ، قويۇق قارا بۇلۇتلار ئاسماننى قاپلاشقا باشلايدۇ، ئارقىدىنلا گۈلدۈرماما دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. گۈلدۈرمامىنىڭ تاغدىن قايتقان ئەكس ساداسى بىلەن پۈتۈن يايلاق جاراڭلاپ كېتىدۇ. قوي، كىيىك، ئۆشكىلەر ئەنسىزلىككە چۈشىدۇ ۋە ئۆيلىرىگە قاراپ چاپىدۇ، گۈلدۈرماما يەنە قاتتىق گۈلدۈرلەيدۇ، ئارقىدىنلا چىلەك بىلەن قۇيغاندەك قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ. تاغ قاپتىلىدىن يامغۇر سۇلىرى ئېرىق بولۇپ پەسكە شاقىراپ ئېقىشقا باشلايدۇ، قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇر ئىچىدە قىياتاشنىڭ كەينىدىكى بورىنىڭ ئۆۋىسى غۇۋا كۆرۈنىدۇ. ئۆۋىنىڭ ئىچىدىن چىلبۆرە بېشىنى چىقىرىپ:

— ھىم مانا ئەمدى پۇرسەت كەلدى، — دەيدۇ - دە، ئاغزىدىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئۆزىچە كۈلىدۇ، بىردىنلا ۋەھشىلىشىپ سىرتقا قاراپ ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئۆۋىنىڭ ئالدىدا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، يىرتقۇچ چىشلىرىنى ھىڭ-

گايتىپ توختىماي كاسلدايدۇ. توۋەن تەرەپكە — ياي-لاقتا قاراپ كەينى-كەينىدىن دەھشەتلىك ھۆۋلاپ سوكۇلداپ ماڭىدۇ.

9

قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇر بارغانسېرى ئاجىزلاپ سىم-سىم يامغۇرغا ئايلىنىپ توختايدۇ. ئېكرانىدا كىيىكنىڭ ئۆڭ-كۈرى كورۇنىدۇ. چىلبورە ئېتىلغان پېتى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ، بىردىنلا "يالت-يۇلت" قىلىپ چاقماق چېقىپ، ئارقىدىنلا يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ. بۇنىڭدىن ھولۇققان بورە ئىشىككە ئېتىلىدۇ. يامغۇردا ھول بولۇپ قالغان قاشانى مەھكەم تۇتالماي سىيرىلىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشىدۇ، ئىككىنچى قېتىم ئېتىلىمەن دەپ كەينىگە شۇخشىغاندا "گۈپپىدە" خەندەككە چۈشۈپ كېتىدۇ. چىلبورە خەندەك ئىچىدە سەت چىقىرايدۇ.

چىلبورىنىڭ چىقارغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئانا كىيىك بىلەن كىيىكچاق ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان كالتەكلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىقىدۇ. ئانا كىيىك بار ئاۋازى بىلەن:

— دەرتمەن بۇرادەرلەر! چىلبورە كەلدى، تېز كېلىڭلار! — دەپ قاتتىق ۋاقىرايدۇ. بۇرۇنلا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان يايلاق ئەھلى كالا، ئات، قوي، ئۆشكە، چوڭ-كىچىك ھەممىسى تۈشمۇ-تۈشتىن "ئۇر-ئۇر!......" دې-يىشىپ كالتەكلىرىنى ئوينىتىپ بىردەمدىلا يېتىپ كېلىشىدۇ، تەرەپ-تەرەپتىن قاپساپ تۇرۇپ، خەندەكتىن چىقىپ قېچىپ

كېتىشكە ئۇرۇنغان چىلبورىگە توخماق ـ كالتەك تەگلەيدۇ. ئات ئۇشكىنى يېنىغا چاقىرتۇۋېلىپ دەيدۇ:

— ئوتكەنكى مەسلىھەتىمىز بويىچە سەن تېز بېرىپ تايغاننى چاقىرىپ كەل.

ئۇشكە يۇگۇرگەن پېتى كوزدىن غايىپ بولىدۇ،

چىلبورە غال ـ غال تىترەپ قېچىشقا ئۇرۇنىدۇ، خەندەك ئىچىدە ئوزىنى ھەر تەرەپكە ئاتىدۇ. چىلبورە ئېتىلىپ كېيىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۇقۇرىغا ياماشقاندا ئانا كېيىك قولىدىكى توخماق بىلەن بورىنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرىدۇ. چىلبورىگە غەزەپ نەپرىتى قايناپ ـ تاشقان كېيىكچاقمۇ قولىدىكى كالتەكنى ئىككى قوتىرىپ چىلبورىنىڭ گىرۋەكىنى تۇتۇپ تىرمىشىۋاتقان ئالدى پۇتىغا قاتتىق ئۇرىدۇ، تاياقنىڭ زەربىسىگە چىدىمىغان چىلبورە ئىڭىشىغان پېتى دومىلىنىپ چۈشىدۇ، ئۇ ئولگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ كوزلىرىنى يۇمۇپ جىم يېتىۋالىدۇ، قوي ـ ئۇشكىلەر بۇنى كورۇپ خوشاللىقىدىن: چىلبورە ئولدى! چىلبورە ئولدى! — دەپ تۇرغان پەيتتە ھىلىگەر چىلبورە قوي ئۇشكىلەرنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ پايلاپ تۇرۇپ تۇيۇقسىزلا ئوزىنى سىرتقا ئېتىپ خەندەكتىن چىقىۋالىدۇ. بۇنى كورگەن قوي ـ ئۇشكىلەر مەڭدەپ قالىدۇ، بورە پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ بىر ساغلىق قويغا ئېتىلىپ بېرىپ قوسىقىنى يېرىۋېتىدۇ. قوي ـ ئۇشكىلەر قىيا ـ چىيا مەرىشىپ پېتىراپ قېچىشقا باشلايدۇ، بورە بىر ئوغلاقنى چىشلەپ قېچىشقا ئۇرۇنغاندا ئات ـ كالىلار كەينىدىن قوغلايدۇ، بورە يايلاق ئەھلىنىڭ مۇھاسىرە دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەي دىگەن ئاچقۇقلۇق پەيتتە ئۇشكە بىلەن تايغان يېتىپ كېلىدۇ. تايغاننى كورگەن چىل-

بورە قاتتىق ھودۇقۇپ كېتىدۇ - دە، ئۇلە - تىرىلىشىگە باق-
ماي قاچىدۇ، يوغان، كۈچلۈك، سېرىق تايغان ئۇقتەك ئېت-
تىلىپ بېرىپ چىلبورىنىڭ كەينى پۇتىنى چىشلەپ تارتىدۇ.
چىلبورە ئاغزىدىكى ئوغلاقنى تاشلاپ كەينىگە بۇ -
رۇلۇپ تايغانغا قارشىلىق كورستىدۇ. ئات، كالا، كىيىكلەر،
قوي، ئوشكىلەر ۋاقىرىشىپ تايغانغا مەدەت بېرىدۇ، كالا
يوغان مۈڭگۈزى بىلەن چىلبورىنى قاتتىق ئۇسىدۇ، كىيىك-
چاق قولىدىكى كالتىكى بىلەن بورىنى قاتتىق ئۇرىدۇ. تاي-
غان دەر غەزەپ بىلەن ئېلىشىپ چىلبورىنىڭ كانىيىنى چىش-
لەپ بوغۇۋالىدۇ. ئات، كالىلار، كىيىك، قوي، ئوشكىلەر
قېچىشقا ئۇرۇنغان چىلبورىنى غەزەپ بىلەن ئۇرىدۇ.
چىلبورە جان تالىشىپ غالجىرلاشقان ھالدا ئوزىنى
ھەر تەرەپكە ئاتىدۇ. تايغان بورىنى قاتتىق بوغۇپ تالايدۇ،
ھالىدىن كەتكەن ۋەھشى چىلبورە غىڭشىپ - غىڭشىپ
تىپىرلاپ ئاخىرى ئاۋازى ئوچۇپ ئولىدۇ.

10

ئېكراندا يايلاق نامايەن بولىدۇ.
يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ بۇلۇتلار تارقاپ قۇ-
ياش چىقىدۇ، يامغۇردا يۇيۇلغان تاغ - ئېدىرلار، يايلاقتىكى
ئوت - چوپلەر، گۇل - چېچەكلەر قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىدا
چاقناپ خۇددى رەڭدار سۇرەتتەك گوزەل كورۇنىدۇ. ئاس-
ماندا دەسلەپتە سۇس، كېيىن بارغانسېرى قېنىق روشەن
پەيدا بولغان ھەسەن - ھۇسەن يايلاقتا تېخىمۇ گۇزەللىك
بېغىشلايدۇ.

چىلبورنى يوقىتىپ پۇخادىن چىققان كىيىك، قوي، ئوچكىلەر، ئات ـ كالىلار شات ـ خوراملىققا چۆمۈپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئوينايدۇ.

ناخشا (ئومۇمى خور)

ئوركەشلىگەن دەريادەك،
شاتلىق سىغماس يۈرەككە.
چىڭ ئۇيۇشۇپ جەڭ قىلىپ،
يەتتۇق ئارزۇ ـ تىلەككە.

بىرگە ئەمدى توغۇلدى،
كۆنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى.
جاراڭلايدۇ يايلاقتا،
ئىتتىپاقلىق ناخشىسى.

قايتۇرما

ئىشلەيلى دوستلار،
كۈلەيلى دوستلا.
ئانا ماكاننى
گۈللەيلى دوستلار.

ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئويناۋاتقان توپنىڭ ئىچىدە ئانا كىيىك ۋە كىيىكچاقمۇ كورۈنىدۇ. خوشال بولغان كىيىكچاق دىك ـ دىك سەكرەپ ئويناقشىپ، ئۇسۇل ئوينايدۇ.

خوشال ناخشا ساداسى ئىچىدە فىلىم ئاخىرلىشىدۇ.

# تاشۋاي

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا 306 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 8.75 قىستۇرما ۋارىقى: 1
1983 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·776
تىراژى: 1—12,300
باھاسى: 0.44 يۈەن

**塔什瓦依**（维吾尔文）

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆华印印刷厂印刷
787×1092毫米32开本　8.75印张　1插页
1983年6月第1版　1983年11月第1次印刷
印数：1——12,300

统一书号：M10098·776　　定价：0.44元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

نومۇرى: M10098·776

باھاسى: 0.44 يۈەن